
يۇلتۇزلار قەسرى
ئۇيغۇر ئىسلام تارىخىدا ئۆتكەن
ئاياللارنىڭ قىسقىچە تارىخى
ناۋال



# يۇلتۇزلار قەسرى

## ئۇيغۇر ئىسلام تارىخىدا ئۆتكەن ئاياللارنىڭ قىسقىچە تارىخى

ناۋال ئابدۇسالام

«دۇنيا ۋاقىتلىق بىر پايدىلىنىشتىن ئىبارەتتۇر. ئۇنىڭ ئەڭ پايدىلىق قىسمى بولسا تەقۋادار، ياخشى بىر ئايالدۇر.»

(مۇسلىم، نەسائى، ئىبنى ماجە قاتارلىقلار توپلىغان)

# مۇندەرىجە


## كىرىش سۆز ........................................ 7

قاراڭغۇدىن يورۇقلۇققا ........................................ 8

## 1ـ بۆلۈم: ھىدايەت قىلىچىنى كۆتۈرگەن ئايال ........................ 20

يۇلتۇز پەچچىم خېنىم ........................................ 20

نۇرئەلانۇرخان ........................................ 22

بۇۋى ئانام ........................................ 24

بۇۋى مەريەم خېنىم ........................................ 25

ھەدىيە تۇركەن خېنىم ........................................ 30

قىزىلچى خېنىم ........................................ 31

## 2ـ بۆلۈم: تارىخ بەتلىرىدە چاقنىغان ئايال ........................ 32

تۇركان خاتۇن ........................................ 32

رابىيە قەشقەرى ........................................ 34

بۇۋى رابىيە ........................................ 36

مۇترىيبە ئاخۇنباي ........................................ 37

چۇچۇك خانىم ........................................ 37

ئامانىسساخان ........................................ 38

زىبۇننىسا بېگىم ........................................ 43

بىدپارس خاتۇن ........................................ 44

مەخدۇم خانىم ........................................ 45

زىلەيخا بېگىم ........................................ 46
مەھلىيا خېنىم ........................................ 48
بۇۋى زەينەپ ........................................ 51
زۇلفىيە كاشغەرى ........................................ 52
ئىپارخان ........................................ 52
ئىپارخاننىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى ........................................ 56
مەئىرەم ئەزەم (روڭفېي) ........................................ 62
گەۋھەر شاھناز ........................................ 63
يەتتە قىزنىڭ تارىخى ........................................ 64
مايىسخان ........................................ 66
غۇنچە قىز ........................................ 66
دىلبەر قىز ........................................ 67
قەمبەرخان ........................................ 67
نازۇگۇم ........................................ 68
ئەسرى ........................................ 77
مايىمخان ........................................ 77
بۇبى مەسۇم ئەزەم ........................................ 85
ئاخۇن ئاغىچا ........................................ 85
سارىخان بانۇ ........................................ 87
ھەمىدە ........................................ 88
شەرۋانە ........................................ 89
رىھىمخان ئاغىچا ........................................ 90
مېھرىبانۇ ۋاك ........................................ 91
مۇتەرىبە ........................................ 92

گۈلەمخان ........................................................ 93
زۇمرەت ........................................................ 94
توختىخان بۇۋى ........................................................ 94
ھەمرا بۇۋى ........................................................ 95
رابىيە ........................................................ 95
شاھ نىساخان ........................................................ 97
زورىخان ........................................................ 98
خۇشنارە خېنىم ........................................................ 100
ئەلەنۇرخان ........................................................ 101
بۇۋى مەريەم خان ........................................................ 104
گۈلجېمىلىخان ........................................................ 106
ئانارخان ........................................................ 108
تاتلىقخان ........................................................ 109
لالە ........................................................ 110
سارىخان ........................................................ 112
مايىسخان ........................................................ 113
خەلچە بانۇ ........................................................ 114
چىن مودەن ........................................................ 116
چىن مودەن تىراگېدىيىسى ........................................................ 119
خەلچە خېنىم ........................................................ 129
مەلىكىزات خېنىم ........................................................ 131

## 3-بۆلۈم: زۇلمەتكە ئوت ئاچقان ئايال ........................................................ 133

راھىلە خانىم ........................................................ 133

ئائىشە ئاۋۇستەي ........................................ 136
ئايىمخان ھاجى نىياز قىزى ........................................ 137
شەرىخان بۇۋىم ........................................ 139
پاتىمە ئاۋۇستەي ........................................ 140
ئايشەم سايىت ھاجى خانىم ........................................ 141
پاتىمە ........................................ 143
مۇشفىقە خانىم ........................................ 144
سوفىيە ........................................ 145
بۇۋى خەلچە خانىم ........................................ 146
قەمبەرخان ئابدۇللا ........................................ 149
بۇۋەرىخان بۇۋىم ........................................ 151
مەريەم بوتا ھاجىيوف خانىم ........................................ 152
راھىلە بوتا ھاجىيىۋا ........................................ 153
بىلىقىز باھاۋىدىن مۇسابايىۋا خانىم ........................................ 155
ئايخان ئانا ........................................ 158
شەفىقە سەدىردىنوف ........................................ 160
رىزۋانگۈل ........................................ 161
رىزۋانگۈل ........................................ 164
شەپقەت ھەمشىرىسى رىزۋانگۈل ھەققىدە ........................................ 165
(رىزۋانگۈل ۋاپاتىنىڭ 60يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن) ........................................ 167
ئەلنىڭ قىزى رىزۋانگۈل ........................................ 169
رىزۋانگۈل ھايات ........................................ 170
.ئازاتلىق جەڭچىسى رىزۋانگۈل ........................................ 171
سۈرەتتىكى سەككىز ھەمشىرە قىزنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى ........................................ 174
ئايشەم غېنى ........................................ 175
تۇخان ئۆمەر ........................................ 176
پەرىدە ........................................ 176
سائادەت مۇھەممەت ........................................ 176
زەينەپ ئىسمائىل ........................................ 177
رابىيە غېنى ........................................ 177

زىننەت ئەخمەت.....178
پاتىمە يەھياروۋا ..... 179
ئايشەمخان ..... 179
رەيھان ئابدىنوۋا(تاتار) ..... 180
تاتار قىزىنىڭ باسقان ئىزلىرى.....180
پىدائىي قىزچاق رەيھان ئابدىنوۋا.....183
نۇرخان ..... 188

4ـ بۆلۈم:مۇئەللىم شام چىراغ روھ دۇنياسىغا..... 190

سالام بىرەي مۇئەللىم ..... 191
گۈلەندەم ئاۋۇستەي ..... 193
مۇنەۋۋەر خانىم ..... 194
خەدىچە ئاۋۇستەي ..... 195
سوفىيە خانىم مەسۇم خانوۋا ..... 198
خەدىچە مۇزەپپەر خانىم ..... 200
زەينەپ خانىم يىلقىباي ..... 201
رەشىدە خانىم ..... 202

5ـ بۆلۈم:ئىمان باغچىلىرىدىن خۇشپۇراق گۈللەر..... 204

ئىمان باغچىلىرىدىن خۇشپۇراق گۈللەر..... 204
ئۈنتۇلغان يۇلتۇز ..... 209
ئۆننىڭ ئىزىدىن.....214
قۇرۇماس بۇلاق ..... 223

پايدىلانغان مەنبەلەر: ..... 229

# كىرىش سۆز

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

ئى ئاللاھ ساڭا چەكسىز ھەمدۇسانا ئېيتىمەن. شۇنداقلا، سەن بىزگە يولباشچى قىلىپ تاللىغان سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمگە ۋە ئۇ زاتنىڭ ئائىلە تاۋاباتلىرى، ئەسھابىلىرى،ئۇنىڭ دەۋىتىگە چاقىرغۇچىلار ۋە ئۇنىڭ سۈننىتىگە قىيامەتكىچە ئەمەل قىلغۇچى شىردەك ئىرادىلىك بەندىلەرگە سېنىڭ رەھمىتىڭنى ۋە ئۇلارنىڭ خاتىرجەملىكىنى تىلەيمەن! (ئامىن)

پەرۋەردىگارىمىز بىزنى ھىدايەت قىلغىنىڭدىن كېيىن دىللىرىمىزنى توغرا يوللاردىن بۇرىۋەتمىگىن. دەرگاھىڭدىن بىزگە رەھمەت بېغىشلىغىن.شۈبھىسىزكى سەن (بەندىلىرىڭگە ئىنئاملارنى)بەكمۇ بېغىشلىغۇچىسەن!

ئى ئاللاھ بىزگە بىز ئۈچۈن مەنپەئەتلىك نەرسىلەرنى ئۆگەتكىن ۋە بىزلەرنى ئۆگەتكەن نەرسىلىرىڭ بىلەن مەنپەئەتلەندۈرگىن،ئىلمىمىزنى زىيادە قىلغىن!

ئى ئاللاھ بىز ساڭا ھەرقانداق ئەھۋالدا ھەمدۇ-سانا ئېيتىمىز ۋە سېنىڭ رەھمىتىڭ ئارقىلىق دوزاخ ئەھلىنىڭ ھالىدىن پاناھ تىلەيمىز ۋە ئاللاھ تائالادىن مەنپەئەتسىز ئىلىم،قورقماس قەلىپ،ئۆرلىمەس ئەمەل،ئاڭلانماس دۇئادىن پاناھ تىلەيمىز!

ئەزىز ئوقۇرمەن! ئۇشبۇ «يۇلتۇزلار قەسرى» كىتابى ئۇيغۇر ئىسلام تارىخىدا ئۆتكەن بىر قىسىم قىز-ئاياللىرىمىزنىڭ ھاياتي پائالىيەتلىرى،گۈزەل پەزىلەتلىرى ھەققىدە بىزگە قىسقىچە مەلۇمات بېرىدۇ. ئويلايمىزكى ۋە ئۈمۈد قىلىمىزكى، ئۇشبۇ رىسالە بارچە ئوقۇرمەنىمىزگە، خۇسۇسەن، ھەدە-سىڭىللىرىمىزغا ئىبرەت دەستۇرى بولالايدۇ، ئىنشائاللاھ!.

# قاراڭغۇدىن يورۇقلۇققا



بىسمىللاھى مەدھىيەلەر بولسۇن رەببىمگە
بىر سۆز بىلەن جان بەردى ۋە ياراتتى ئالەم.
قاراڭغۇدىن يورۇقلۇققا باشلاپ ئۈممەتنى
شەرەفلىگەن مۇستافاغا بولسۇن كۆپ سالام.

شۈكۈرلەركى،ئەزىزلەندۇق تېپىپ ھىدايەت،
قانچە يۇلتۇز بۇ قەسىرنى تولدۇردى نۇرغا.
سائادەتلىك ئەسىرلەرنى باستى بىر-بىرلەپ،
بەرق ئۇرۇپ ئىماننىڭ خۇش پۇراقلىرىدا.

زۇلۇم-ستەم ئايرىمىدى ئىماندىن بىر پەس،
تاپتى ئۆلۇم ساقلاپ ئەركى-ئىففەتلىرىنى.
ئۇ ئاجىزە ئايال ئەمەس،گويا باھادىر
بىر جەڭچىدۇر كۆر جەڭگاھتا چۇقانلىرىنى.

قورال بىلەن،تىلى بىلەن،قەلىمى بىلەن
قىلدى كۈرەش نەرە تارتىپ زۇلمەتكە تىنماي.
شەرەپ بىلدى ئۇ .ئەل بىلەن ئۆلۇم يۈزلەنسە،
سۆيگۈ-نىكاھ ئەھدىسىنى ساقلىدى بۇزماي.

ياشىسىمۇ پاجىئەلىك بىر ھاياتنى ھېچ
چاڭ قونمىدى ئاياللىقىا،مىللەت شەنىگە.
غورۇرلاندۇق ھەرئەسلىسەك كۆزياشلار بىلەن
قالدى ئۇلار ئىزلىرىدىن گۈزەل دەرسلەر.

ئۇلار كەتتى ھايات گۈلى بولغانچە خازان،
ئەمما نامى تىللاردا ۋە دىللاردا داستان.
ئاشۇ نۇرلۇق يۇلتۇزلارنى كەلدىممەن تىزىپ،
سۆزلەر بىلەن كەچمىشلەرنى ئەيلىدىم بايان.

بولسا ئەگەر ئۇلار كەبى ئاياللار سالىھە
باشىمىزنى ئەگمەس ھەرگىز زۇلۇم-كۈلپەتلەر.

ھەق ئاللاھىم رەھىم قىلغىن ئىمان قەسرىدىن

ئۇمۇدىم شۇ ئۆچۈپ قالماي يانسۇن يۇلتۇزلار.

ئۇستازىدۇر،ئانىسىدۇر ئۇممەتنىڭ ئايال،

لۇتۇپ-ئېھسان يامغۇرۇڭدىن تاپسا كامالەت.

كۇفرىنىڭ تۇز-زۇلمىتىدىن ئىمانغا قايتىپ،

بىز كۆرەيلى يەنە بىر رەت ئەسرى سائادەت.

تارىختا ئۆتكەن تالاي قىز-ئاياللارنىڭ نەمۇنە ھاياتىنى بۇ ئەسرىمىزدە بايان قىلىشقا تىرىشىشىمىزدىكى مەقسەت-ئۇمۇدلىرىمىز شۇكى، كۈنىمىزدە كۆپلىگەن قىز-ئاياللىرىمىز, ئانىلىرىمىز ئاتالمىش ئەركىنلىك ۋە مەدەنىيلىك شوئارى ئاستىدا ھاياتىي دۇنيانىڭ ئۆتكۈنچى ماددىي ئېھتىياجلىرىغا رام بولۇپ،نەپسىنىڭ ،ھاۋايى ئىستەكلىرىنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ،روھى ئاچلىق ۋە مەنىۋى موھتاجلىق ئىلكىدە قىينىلىۋاتقان بۇ كۈنلەردە،ئۆز مەجبۇرىيەتلىرىنى ئۇنتۇغان شۇ بىچارە كۆڭۈللەرگە ئۆتمۈشتىكى ئىمان-ئېتىقاد، پاكلىق، شەرمى-ھايا، ۋاپا-ساداقەت، باتۇرلۇق، گۈزەل ئەخلاق-پەزىلەتلەر بىلەن ياشىغان، ئۆز ۋەتىنى، خەلقى، ئەزىز يۇرت-ماكانى، ئەركى-ئىففەتلىرىنى قوغداش ئۈچۈن ئۆلۈم ۋە ئازاپ زىندانلىرىغا پىسەنت قىلمىغان پەخىرلىك قىز-ئاياللىرىمىزنىڭ, ئانىلىرىمىزنىڭ ھاياتىدىن بىر گۈزەل ئۆرنەك ۋە مەنپەئەتلىك دەرس تەقدىم قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. شۇنداقلا ئەسىرلەر بېرى نامى ئۆچمەي كېلىۋاتقان ئۇ نۇرلۇق يۇلتۇزلارنىڭ پەزىلەت ۋە ئىش-ئىزلىرىدىن مەنىۋىيىتىمىزگە بىر نىسۋە ئېلىشنى ئارزۇ قىلىمىز.

خۇددى كىلاسسىك شائىرلىرىمىزدىن ئەلشىر نەۋائىي ھەزرەتلىرى:

يۈز تۈمەن ناپاك ئەردىن ياخشىراق

## پاك ئايال-خوتۇنلارنىڭ ئاياق ئىزى

دەپ ئېيتقانلىرىدەك، جەمئىيەتنىڭ ھەقىقىي بىناكارى، ياخشى كىشىلەرنى، ئالىملارنى، قەھرىمانلارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگۈچى بىر ساماۋى قۇچاق بولغان بىر ئايالنىڭ ئۆزىنىڭ يارىتىلىشتىكى غايە ۋە ئاياللىق-ئانىلىق مەسئۇلىيەتلىرىنى تونۇپ ۋە چۈشىنىپ يېتىشى ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈنلا ئەمەس، ئېرى،بالىلىرى، ئائىلىسى،مىللىتى، ۋەتىنى-ئۈممەت ئۈچۈن ھېچنەرسىگە تەڭ قىلغۇسىز كاتتا نېمەتتۇر.

تۈركىيەلىك ئالىم ئوسمان نۇرى توبباش ئەپەندى ھەم «رەھمەت پەيغەمبىرىدىن رەھمەت شاماللىرى ۋە قۇرئان مۆجىزىلىرى»ناملىق قىممەتلىك ئەسىرىنىڭ «رەھمەت پەيغەمبىرىنىڭ ئاياللارغا قىلغان مۇئامىلىسى»دېگەن بۆلىكىدە بۇ ھەقتە بەكمۇ تەسىرلىك بايانلار بىلەن ئىسلامنىڭ ئاياللارغا بەرگەن ھەق-ھەقوقىنى،ئايال كىشىنى ياخشى تەربىيەلەشنىڭ ئەمەلىيەتتە بىر جەمىيەتنى تەربىيەلەشنىڭ مۇھىم باشلانمىسى ئىكەنلىكىنى ۋە ئەھمىيەتلىرىنى سۆزلەپ مۇنداق قۇرلارنى يېزىپ ئۆتىدۇ:

-ئايەتى كەرىمدە مۇنداق دېيىلگەن:

«ئاياللار بىلەن بىرلىكتە كۆڭۈللۈك ياشىشىڭلار ئۈچۈن(اللەنىڭ)ئۇلارنى سىلەرنىڭ ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتقانلىقى،ئاراڭلاردا(يەنى ئەر-خوتۇن ئارىسىدا)مېھىر-مۇھەببەت ئورناتقانلىقى ئاللاھنىڭ(كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان)ئالامەتلىرىدىندۇر،پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن،شەك-شۈبھىسىزكى،بۇنىڭدا نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار.»رۇم سۈرىسى (21-ئايەت)

يەنى،بىر بىرىگە سۆيگۈ-مۇھەببەت ۋە مېھىر-شەپقەت بىلەن يېقىنلىشىپ ھوزۇر مەنبەسى بولغان،بىربىرىگە خەيرلىك ئىشلاردا ياردەم بېرىدىغان ئەر-خوتۇنلار بەختىيار بىر ئائىلە قۇرۇپ چىقىشتا،مۇشۇنداق بەختىيار ئائىلەر بولسا ساغلام ۋە ھوزۇر-ھالاۋەتلىك بىر جەمىيەت بەرپا قىلىشتا ئەڭ مۇھىم بىر ۋەزىپىنى ئىجرا قىلغان بولىدۇ.

ئەر بىلەن ئايال تۈنجى يارىتىلغان چاغدىن باشلاپلا بىر بىرىنى تولۇقلايدىغان ئىككى بىپايان ئالەمدۇر.لېكىن بۇ تولۇقلاشتا ئالالاھ تەرىپىدىن ئايال كىشىگە تېخىمۇ تەسىرلىك بىر رول بېرىلگەن.شۇڭا جەمىيەتنى بەربات قىلغانمۇ،ئاۋات قىلغانمۇ ئايال كىشىدۇر.بۇ سەۋەپتىن ئىسلامنىڭ قارىشىچە،جەمىيەتنى ئاۋات قىلىدىغان ئايالالرنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئەڭ چوڭ غايە بولۇپ ھېسابلانغان.

ھەدىس شەرىفتە مۇنداق دېيىلگەن:

«كىمكى ئۈچ قىز بالىنى ياكى قىز تۇغقانلىرىنى بېقىپ چوڭ قىلسا،ياخشى تەربىيەلىسە،تويىنى قىلىپ قويسا ۋە ئۇلارغا داۋاملىق ياخشىلىق قىلسا،جەننەتكە كىرىدۇ.»(ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى قاتارلىقلار توپلىغان)

باشقا بىر ھەدىس شەرىفتە رەسۇلۇلالاھ سەلالەلالاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەلالەم:

«كىمكى ئىككى قىز بالىنى بالاغەتكە يەتكۈچە بېقىپ چوڭ قىلسا، تەربىيەلىسە، قىيامەت كۈنى مەن ئۇ كىشى بىلەن مۇنداق يېقىن تۇرىمەن» دەپ بارماقلىرىنى جۈپلەپ كۆرسەتكەن.(مۇسلىم)

.ئاندىن سالىھ ئايالنىڭ قىممىتىنى تەكىتلەپ مۇنداق دېگەن:

«دۇنيا ۋاقىتلىق بىر پايدىلىنىشتىن ئىبارەتتۇر.ئۇنىڭ ئەڭ پايدىلىق قىسمى بولسا تەقۋادار،ياخشى بىر ئايالدۇر.» (مۇسلىم، نەسائى، ئىبنى ماجە قاتارلىقلار توپلىغان)

ئادەتتە مۇۋەپپىقىيەت قازانغان داڭلىق كىشىلەرنىڭ كەينىدە ھەمىشە بىر سالىھ ئايال باردۇر.مەسىلەن:ھەزرىتى پەيغەمبەر سەلالەلالاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەلالەمنىڭ تۇنجى تەبلىغىدە ئۇنىڭغا تۇنجى ھەم ئەڭ چوڭ ياردەم ھەزرىتى خەدىچە ئانىمىزدىن كەلگەن پەيغەمبىرىمىز خەدىچە ئانىمىزنىڭ ياردىمىنى ئۆمۈر بويى ئۇنتالمىغان. شۇنىڭدەك، ھەزرىتى ئەلىنىڭ مۇۋەپپىقىيىتىدىمۇ ھەزرىتى پاتىمە ئانىمىزنىڭ ياردىمى چوڭ بولغان.

دۇنيا ھاياتىنىڭ ھوزۇرلۇق ۋە بەختلىك بولۇشى ئۈچۈن سالىھە(ياخشى)بىر ئايالنىڭ

مۇھىملىقى ھەممەيلەنگە ئاياندۇر.سالىھە بىر ئايال ئېرىنىڭ مال-مۈلكىنى ساقلايدۇ،ئۆي تۇتىدۇ،نەسلىنى ۋە ئېپپەت نومۇسىنى قوغدايدۇ.ئائىلىنى مەنىۋى شاتلىققا تولدۇرىدۇ. ئائىلىنىڭ سائادەت ئىقلىمى ئانىنىڭ تەبەسسۇمى بىلەن باشلىنىدۇ.باللارنىڭ ئېغىرچىلىقلىرى ئانىنىڭ شەپقەت نەزەرى ئاستىدا كۆزگە كۆرۈنمەس بولىدۇ.ئەۋلاتلىرىغا ھايات ۋە سائادەت لەززىتىنى تېتىتىشتا ئەجىبا ئانا قەلبىدىنمۇ بەكرەك نازۇك،چوڭقۇر ۋە ھېسياتچان بىر ماكان بارمىدۇر؟...

ئانىلار ياراتقۇچىنىڭ ئىلاھىي شەپقىتىدىن ئەڭ كۆپ نېسىۋە ئالغانلاردۇر.ئاياللارنىڭ سائادەت سەلتەنىتى ئۇلارنىڭ ئەخلاقلىق بىر ئانا بولۇشى بىلەن باشلىنىدۇ.«جەننەت ئانىلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا»دېگەن ھەدىستىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسساالامنىڭ ئانىلارغا نەقەدەر يۈكسەك باھا بەرگەنلىكى مانا مەن دەپ ئېپادىلىنىپ تۇرۇپتۇ.

ئەھۋال مۇشۇنداق ئىكەن،ئايال كىشىنى پەقەتلا بىر ئويۇنچۇق ئورنىدا كۆرۈش،ئۇنىڭغا شەھۋانىي ھەۋەسنى قاندۇرغۇچى سۈپىتىدىلا مۇئامىلە قىلىش ۋە ئۇنىڭ پەقەتلا جىسمانىي ئالاھىدىلىگى بىلەن مەشغۇل بولۇش ئەڭ چوڭ ۋەيرانچىلىقتۇر.ئاللاھ ئايال كىشىگە بەرگەن يۈكسەك خۇسۇسىيەتلەرگە نىسپەتەن تۈزكورلۇقتۇر.ئاياللارنىڭ مەنىۋى شەخسىيىتىگە نىسپەتەن تۈزكورلۇقتۇر.

بۈگۈن ئاياللارنىڭ ئىستىمال دۇنياسىدا يالىڭاچلىنىپ بىر ئېلان ۋاستىسى سۈپىتىدە قوللىنىلىشى ئۇنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتى ۋە غۇرۇرىغا نىسپەتەن نەقەدەر چوڭ مەسخىرە ۋە ھاقارەت-ھە!

ئەسلىدە ئايال كىشىنى جەمىيەتنىڭ ھەقىقى بىناكارى دەپ قاراش كېرەك.ئۇ ياخشى كىشىلەرنى،ئالىملارنى،قەھرىمانلارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگۈچى بىر ساماۋى قۇچاق بولۇشى كېرەك...

بىز ئۆتمۈشكە نەزەر سالغىنىمىزدا،تارىخ بەتلىرىدىكى ئەشۇ قىز-ئاياللارنىڭ ئەرلەردىن

قىلىشمايدىغان جاسارىتى، ۋىجدانلىقلىقى، غورورلۇقلىقى، ئىمان-ئېتىقادلىقلىقى، ئېپپەت-نومۇسلىرىنى قوغداش يولىدىكى باتۇرانە سەرگۈزەشتىلىرى، خەلقىگە، ۋەتىنىگە ئەزىز تۆپرىقىغا بولغان ۋاپادارلىقى ھەم ئۇلار ئۆچۈن كۆرەشكەن شانلىق ھاياتى بىلەن تارىخنىڭ ئالتۇن بەتلىرىدىن ئورۇن ئالغانلىقىنى كۆرىمىز. ئەنە شۇ ئالتۇن بەتلەردە قىسقىغىنە ھاياتىنى ئىنتايىن گۈزەل ۋە پاك بىر شەكىلدە ياشاپ ئۆتكەن خۇشپۇراق گۈللەر ۋە نۇرلۇق يۇلتۇزلاردىن يۇلتۇز پەچچىم خېنىمنىڭ، نۇرئەلەنۇرخانىنىڭ، لالەنىڭ، تاتلىقخانىنىڭ ۋە تالاي سالىھە قىز ئاياللارنىڭ ھۆرمەتلىك ئورنى بار. ئۇلارنىڭ پاك ھاياتى ۋە ئۆلۈمى بىزنىڭ قەلبلىرىمىزنى تاھازىرغىچە ئىللىتىدىغان شېرىن تەبەسسۇمدۇر.

## چۈنكى ئۇ ھايات:

بىزمۇ ئادەم نىمىشكە
يوقتۇر شۇنچە قەدرىمىز؟
ۋەھشىي قاۋان دۇۋاڭغا
تاشار غەزەپ-قەھرىمىز.

پۇتۇمدىكى كىشەننى
كەلگىن ئاكا چاقايلى.
يەكسان قىلىپ دۈشمەننى
قانلىرىنى چاچايلى...

مويتۇڭزىدا چاپقاندا

مەن ئاندا ئۆلەرمەن.

موللىلارنىڭ سۆزىگە

ئالىي شېھىت بولارمەن...

دەپ زۇلۇمغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن ۋە شېئىرلىرى بىلەن مەردانە چۇقان سالغان ،ئۆزى يالغۇز،ئاجىزە،يار-يۆلەكسىز بىر قىز بولغىنىغا قارىماستىن دۈشمەن بىلەن ئۆلۈم كەلگۈچە كۈرەش قىلىپ،شېھىت بولغان باتۇر قىز نوزۇگۇمنىڭ هاياتىدۇر!

## چۈنكى ئۇ ئۆلۈم:

ئۆلۈمدىن قورقۇنچىم يوق،

قورقۇنچۇم ئىمانىمدىن.

مېنى قەستلىگەن ئەبلەخ

چۆچىدى زۇۋانىمدىن...

دېگەن مىسرالىرىدا ئۆلۈم ياكى زالىمدىن ئەمەس،بەلكى ئىمانىدىن ئايرىلىشتىن قورققان بىر سالىھە،پاك ئايال-مايىمخاننىڭ ئۆلۈمىدۇر!ئۇنىڭ ئاشۇ ئۆلۈمى بىلەن خەلقى ئېتىخار ۋە ھۆرمەت ھېسياتلىرى بىلەن:

گۈلباغ سۈپەت قەشقەردەك

يېڭى سوققان شەھەر بارمۇ؟

مايىمخان شېھىت بولدى

ئاڭا ئوخشاش ئەر بارمۇ؟

دېگەن قوشاقلاردا ئۇنىڭ ئۇچۇن مەڭگۈلۈك شەرەپ مىدالىنى تەقدىم قىلغان ئىدى ۋە

ئەرلەر دۇنياسىغا چاقىرىق بەرگەن ئىدى!

شۇنداق،«ھەربىر جان ئېگىسى ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر»دەپ ئۆلۈمنى ياراتقان ئاللاھ«بەقا»سۈپىتىنى پەقەت ئۆزىگە خاس قىلغانلىقى ئۈچۈن جىمى مەخلۇقاتلار داۋاملىق ئۆزگىرىپ،يۇقىرىلاپ،تۆۋەنلەپ تۇرىدۇ.بۇ ھەقىقەتنىڭ ماددىي جەھەتتە كائىناتتا پەسىللەرنى ھاسىل قىلىدىغانلىقى مەلۇمدۇر.كامال ۋە زاۋال ئارىسىدا ئەبەدى ئۆزگىرىشكە مەنسۇپ بولغان كائىناتتا بەزىدە باھار ۋە ئۇنىڭ كەينىدىن كېلىدىغان قاتتىق سوغۇقنىڭ دەرتلىرى،بەزىدە باھارنىڭ بەرىكەت ۋە رەھمىتىنىڭ لەتاپەت ۋە ھوزۇرى بار.

ئىنسان ھاياتىمۇ كائىناتتىكى ئومۇمىي ئۆزگىرىشنىڭ ئىچىدە بولغانلىقى ئۈچۈن داۋاملىق ئۆزگىرەپ تۇرىدۇ.بېشىدىن دۇنياغا كەلگەن بوۋاقنىڭ تۇنجى ئىشى يىغلاشتۇر. ھاياتنىڭ ئاخىرىمۇ پەقەت ھېس قىلىنمايدىغان ئۆلۈم ئىزتىراپى بىلەن تۈگەيدۇ.بىر ئەرەپ شائىرى بۇ ئەھۋالنى مىسراغا تۆكۈپ شۇنداق دېگەن :

سېنى ئاناڭ تۇغقان كۈنى يىغلىغان ئىدىڭ،

پۈتۈن ئالەم كۈلۈۋاتاتتى بىر ياندا.

ئەمدى بىر ھايات كەچۈرگىنكى،ئۆلگەن چېغىڭدا كۈلگىن،

جاھان كۆز ياشلىرى بىلەن يىغلاپ قالسۇن ئارقاڭدا.

*-«ئوسمان نۇرى توپپاش،قۇرئان ۋە سۈننەت ئىقلىمىدا ئىسلام،ئىمان،ئىبادەت»*

خۇددى بۇ شېئىردا تەسۋىرلەنگەن كەبى بىر ھاياتنى ياشاپ ئۆتكەن ۋە ۋاپات ئەتكەن ئۇ گۈزەل سىمالار قاراڭغۇ زۇلمەتلەرنى يورۇتۇپ،نۇرغا غەرق قىلىدىغان ئىمان ھالاۋىتى بىلەن پۈركەنگەن پاك ھاياتى سەرگۈزەشتىلىرى ئارقىلىق تارىخ بەتلىرىنى ۋە قەلبلىرىمىزنى ئايدىڭلاتماقتا. بۇندىن بىر ئەسىرلەر مۇقەددەم ئۆز غايىلىرى ۋە ۋەتەن-خەلقىنىڭ ئازادلىقى يولىدا كۈرەش قىلىپ،تۈرمىلەردە قىيىن-قىستاقلارغا

ئۆچرىغان ۋە ئۆلتۈرۈلگەن بىر ئايال:

«ئۆلگەنلەر هاياتلار قەلبىدە ياشايدۇ،هاياتلار هاياتلار قەلبىدە ئۆلۈپ كېتىدۇ »دېگەن مەشھۇر ھېكمەتلىك سۆزلەرنى قىلغان ئىكەن.ئاشۇ تارىخنىڭ نۇرانە بەتلىرىگە يېزىلغان ھەمشىرىلىرىمىز ھېلھەم قەلبلىرىمىزدە ياشماقتا.ئەمما كۈنىمىزدە ئىمان-ئېتىقاتنى ۋە يارىتىلىشتىكى غايە،ئاياللىق بۇرۇچلىرىمىزنى ئۇنۇتقان قانچىلىرىمىز ئۆلۈكلەرگىمۇ تەڭ بولمىغان بىر هاياتنى ياشاۋاتقاندىمىز ھە؟

بۈگۈن بۇ بەتلەر يۈزىدە سۆزلەۋاتقانلىرىمىز شۇ تەبەسسۇملاردىن ۋە گۈللەردىن كىچىككىنە كارتىنىدۇر.ئەپسۇسكى،مىڭ يىللىق ئىسلام تارىخىمىزدا بىرەر ئايال ئىسلام ئالىمەسى ھەققىدە خاتىرىلەر بولماسلىقى بەكمۇ ئېچىنارلىق ئەھۋال.(ئاللاھتىن شۇنداق ئالىمەلەرنى بىزگە نېسىپ قىلىشنى ئۈمىد قىلىمىز.)بەلكىم تارىختا ئۇنداق ئالىمەلەر بولمىغاندۇر ياكى تارىخنىڭ رەھىمسىز جۇدۇنلىرى ئۇ خاتىرىلەرنى يەپ كەتكەندۇر. ھەممىگە ئايان بولغىنىدەك،تارىخنىڭ بوران-چاپقۇنلىرى ۋە ئەسىرلەردىن بېرى مىللىي مەدەنىيەت تارىخىمىزغا،مەدەنىي مىراسلىرىمىزغا قىلىنىۋاتقان ئۈزلۈكسىز بۇزغۇنچىلىقلار تالاي خاتىرىلەرنى ئۆچۈرگەن ۋە ئەسلىرىمىزدىن كۆتۈرگەن ئىدى.شۇ سەۋەپلەردىن ۋە ئىمكانسىزلىق-ئىقتىدارسىزلىق،بىلىم،ئەقىل ۋە شارائىتتىكى يېتەرسىزلىكلەردىن بۇ كارتىنىلارنى تېخىمۇ گۈزەل بايانلار بىلەن تەسۋىرلەشكە ئامالىمىز يوقتۇر.ئۇلارنىڭ نەمۇنە هاياتىنى تەسۋىرلەشكە تىلىمىز ھەقىقەتەن ئاجىز بولغانلىقى ئۈچۈن،قەلبىمىزدىن تىلىمىزغا تۆكۈلگەن بۇ ئىپادىلەرمۇ ئەلۋەتتە كەڭ ۋە چوڭقۇر دەريادىكى بىر تامچە كەبى ئاز ۋە يېتەرسىزدۇر.شۇنداقتىمۇ، بۇلارنى قەلەمگە ئېلىپ خاتىرىلەش ۋە ئۇنى بايان قىلغان ۋە ئېسىمىزگە سالغان ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق ئەھمىيەت ۋە قىممەتلىرى بارلىقى ئېنىقتۇر.بۇلار ئاددىيغىنا خاتىرىلا ئەمەس،ئۆز نۆۋىتىدە شۇ قىز-ئاياللارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى بايانىدا ئۇلار ياشاپ ئۆتكەن شانلىق ۋە ئېچىنىشلىق تارىخنى قىسقىچە

بولسىمۇ سۆزلەپ ئۆتۈش بىلەن قىممەتلىكتۇر.

فىيىرباخ «ئۆز تارىخىنى بىلمىگەن مىللەت باشقىلار ئالدىدا قۇل مىللەت»دەپ بەكمۇ ھېكمەتلىك سۆز قىلغان ئىكەن.بۇلار بىزگە ۋە ئەۋلاتلىرىمىزغا شۇ ئىپسىل قىز-ئاياللىرىمىزنى ۋە تارىخىمىزنى ئەسلىتىدىغان،كىچىككىنە ئىلىم-مەنپەئەت بېرىدىغان دەستۇر بولۇپ قالسا ئەجەپ ئەمەس،.ئىنشائاللاھ!

ئەزىز ئوقۇرمەن!

ھەربىر ئۇرۇق قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر،ئۇنىڭ تۇپراقتىن ئۇنۇپ چىققان گىياھىسىنىڭ سۈپىتى تۇپراقنىڭ مۇنبەت ياكى مۇنبەت ئەمەسلىكىگە باغلىقتۇر.قەلىمىمىز يۈزىدە«يۇلتۇزلار قەسرى»مۇشۇنچىلىك بىخ تارتقان بولسا بۇنىڭدىكى كەمچىلىك ۋە قۇسۇرلار پۈتۈنلەي بىزگىلا ئائىتتۇر. بۇ مەقسەتتە ئاجىزانە قەلەمگە ئېلىنىپ ھازىرلانغان بۇ كىچىككىنە ئەسەردىكى نۇقسانلارنى بىلمىلىك،ئەقىللىق ۋە سەگەك ئوقۇرمەن مەردلىك بىلەن ئەپۇ قىلىشۇەتكەي!

ئاللاھ توغرا يولغا باشلىغۇچى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ قىز-ئاياللىرى،ساھابە ئاياللار ۋە سالىھە-تەقۋادار،ئالىم ئاياللارنىڭ مەنۋىيىتىدىن كۆڭلىمىزگە مول شەبنەملەر ۋە رەھمەت يامغۇرلىرىنى ياغدۇرغاي! قەلبىمىز ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا ئاشىق سۆيگۈمىزنىڭ ئەبەدى ماكانى بولغاي!جانابىي ئاللاھ ھەممىمىزنى گۈزەل جامالى ۋە جەننەتلىرىگە،پەيغەمبىرىمىزنىڭ شاپائىتىگە نائىل قىلغاي!

ئاللاھ ھەربىر ھەمشىرەمنى تارىخ بەتلىرىدە نۇرانە ئىز قالدۇرغان شۇ قىز-ئاياللىرىمىز كەبى گۈزەل ھاياتنى ياشاپ،ئۆتكىلى نېسىپ قىلغاي!ئۇلارنىڭ ھاياتى بىزلەرگە ئەينەك ۋە ماياك بولغاي! يورۇقلۇقنى كۆرەلمەيۋاتقان كۆزلەر ۋە دىللارغا ھىدايەت نۇرىدىن ئېھسان قىلىپ،ئىمان-ئېتىقاد،شەرمى-ھايا،گۈزەل پەزىلەتلەرگە تولغان ھاياتىي دۇنيانى

ۋە ئاخىرەت ئەزىزلىكىنى نېسىپ قىلغاي!

ئىمان-ئېتىقاد يولىدا جاپا-مۇشەققەت تارتىۋاتقان ۋە تالاي مۇسىبەتلەر-سىناقلارغا ئۇچراۋاتقان ھەربىر ھەمشىرەمگە ھاياتىدا ئۇلاردىن بەك خورلۇق ۋە مۇشەققەتلەر تارتقان،ئەمما پاجىئەلىك ئۆلۈمگە پىسەنت قىلماستىن كۈرەشكەن تارىختىكى شۇ ھەمشىرىلىرىمىزنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىلىرىنى ئوقۇغىنىدا ئۇلاردىن ئۈلگە ئېلىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمىز.ئاخىرىدا يىگانە ئاللاھتىن باشقا ياردەمچىسى يوق ھالەتتە ئايلاپ داللاردا جان ساقلاش ئۈچۈن تىرىشقان،زۇلۇمغا قارشى كۈرەشكەن ۋە شۇنداقتىمۇ گۈزەل مىسرالىرىدا ھېلىھەم ئۈمىدۋارلىق بىلەن ياڭراق چۇقان سېلىۋاتقان نوزۇگۇمنىڭ:

غەم بىلەن باشىڭنى ئەگمە،

ئەلنى باسقان تۈن پۈتەر.

ئاخىرى قۇياش چىقار،

بىزنى بەختلىك كۈن كۈتەر...

دېگەن ئۆلمەس شېئىرىنى نوزۇگۇمغا بولغان مۇھەببەت ۋە سۆيۈنۈش ئىچىدە يادلاپ ئولتۇرۇپ، ھەربىر ھەمشىرەمگە ھەردەقىقە ئۈمىد ۋە سەبىرنىڭ يار بولۇشلىرىنى ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ھەربىرىمىزنى ماددى ۋە مەنىۋى قاراڭغۇلۇقلاردىن قۇتۇلدۇرۇپ، دۇنيا—ئاخىرەتنىڭ ئەبەدىيلىك يورۇقلۇقىغا ئېرىشتۈرۈشنى تىلەيمىز! ئامىن

ھىجرىيە 1432-يىل زۇلھەججە

ناۋال ئابدۇسالام

# 1 ـ بۆلۈم : ھىدايەت قىلىچىنى كۆتۈرگەن ئايال



ئەسىرىمىزنىڭ «ھىدايەت قىلىچىنى كۆتۈرگەن ئايال»تېمىسىدىكى بۇ بۆلىكىدە، ئىسلام دىنىنى دەسلەپ قوبۇل قىلغان قاراخانىيلار دەۋرىدىكى بىر قىسىم قىز-ئاياللارنىڭ ئىسلام دىنىنى پۈتكۈل ئۇيغۇر رايونىغا كېڭەيتىش جەريانىدىكى قىسقىچە سەرگۈزەشتىلىرى بايان قىلىنىدۇ.ئەسىرىمىزگە ھەم شۇ ئىسلام يۇلتۇزلىرىدىن تۇنجى بىر يورۇق نۇر بولغان «يۇلتۇز» خېنىمنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن « يۇلتۇزلار قەسرى» دەپ نام بېرىلدى.

## يۇلتۇز پەچچىم خېنىم

يۇلتۇز سۇتۇق بۇغراخاننىڭ تاغىسىنىڭ قىزى،سۇتۇقنىڭ ۋەدىلەشكىنى،سۇتۇقتىن قالسىلا شۇ دەۋردە قەشقەردە ئۇيغۇرلار ئىچىدىن سۇتۇقتىن قالسا ئىككىنچى بولۇپ،ئاياللار ئىچىدە تۇنجى بولۇپ مۇسۇلمان بولغان ئۇيغۇر قىزىدۇر.ئۇ سۇتۇق بىلەن بىللە شۇ چاغدىكى خاقان ئوغۇلچاق قاراخانىيلار تەۋەسىدە ئىسلامنى تارقىتىش ۋە

پۇقرالارنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلىشنى قاتتىق چەكلىگەن قىيىن شارائىت ئاستىدا مۇسۇلمان بولغان. ئوغۇلچاق بۇددىستلىقتا تاشتىنمۇ قاتتىق،ئەشەددىي بۇددىست بولۇپ،ئۇ سۇتۇقنىڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن ئۇلارنى ئۆلتۈرمەكچى بولىدۇ.شۇڭا يۇلتۇز قىز سۇتۇق ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى ئوغۇلچاق لەشكەرلىرىدىن قاچۇرۇپ،ئۆز ئۆيىدە يوشۇرۇپ قويىدۇ.كېيىن ئۇلار سىزىلىپ قالغاندىن كېيىن،ئامالسىز چېكىنىپ ئاتۇشنىڭ شىمالىدىكى بۇلاق تار دېگەن بىر جىلغىغا يوشۇرۇنىۋالىدۇ.كېيىن ئوغۇلچاق لەشكەرلىرى ئىز قوغلاپ بۇ يەرگىمۇ باستۇرۇپ كېلىپ،سۇتۇق ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن قاتتىق جەڭ قىلىدۇ.يۇلتۇز دەسلەپتە قېرىنداشلىرىغا تاماق يەتكۈزۈپ تۇرىدۇ.كېيىن ئۇمۇ قولىغا قىلىچ ئېلىپ جەڭگە كىرىدۇ ۋە قانچىلىغان كاپىر ئەسكەرلەرنى چېپىپ تاشلايدۇ.ئاخىر قىز كۆكسىگە تەگكەن يا ئوقىدا زەخىملىنىپ ئاتتىن يىقىلىدۇ.قىزنىڭ باتۇرلارچە جەڭ قىلىشى ۋە ئۆلۈمى سۇتۇق بىلەن ئۇنىڭ ھەمرالىرىغا جاسارەت ۋە كۈچ-قۇۋۋەت بېغىشلاپ،ئاخىرىغىچە جەڭ قىلىپ دۈشمەننى جىلغا ئىچىدىن سۈرۈپ چىقىدۇ.بۇ جەڭدە شېھىت بولغان يۇلتۇز قىزنى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا يىگىتلەرنى بۇلاق تارنىڭ ئىچىگە يەرلىككە قويىدۇ.

شاھزادە سۇتۇق يۇلتۇز قىزنى ناھايىتى ياخشى كۆرۈدىغان بولۇپ،ئۇنىڭ ئۆزىدىن كېيىنلا مۇسۇلمان بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىدىكەن.ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە بىرگە جەڭ قىلىپ،جەڭدە شېھىت بولغانلىقى ئۇنى تېخىمۇ قايىل قىلغان ئىكەن.بۇلاق تارنىڭ ئىچىدە بىرىنچى قېتىم ئەزان ئاۋازى ياڭرىغانلىقى ئۈچۈن،شۇنداقلا دىنىنىڭ بىرىنچى مەسچىتى ۋە بىرىنچى شېھىتلەر جايى دەپ قاراپ،شۇنداقلا شاھزادە سۇتۇق ياخشى كۆرگەن قىز،دىنىنى قوغداپ شېھىت بولغان بىرىنچى مۇسۇلمان قەھرىمان قىز دەپنە قىلىنىپ ياتقان جاي بولغانلىقى كۆزدە تۇتۇلۇپ،بۇ بۇلاق تارنىڭ نامى كېيىن«جايى پەچچىم»گە ئۆزگەرتىلگەن ئىكەن.

سۇتۇق غەلبە قىلىپ تاغىسى ئوغۇلچاقنى يەڭگەندىن كېيىن،بۇ يەرگە يىلدا بىر قېتىم چىقىپ،ئىبادەت قىلىپ قايتىدىغان بولغان.شۇ سەۋەپلىك جاي پەچچىم هازىرغا قەدەر ئۆلۈغلىنىپ كېلىۋاتقان بولۇپ،بۇ جاينىڭ نامى«جاي پەچچىم»،«جاي ئانام»،«ئۇلۇغ يەر» دەپ ئاتىلىپ ئەزىزلىنىپ تاۋاپ قىلىدىغان يەر بوپ قالغان.

## نۇرئەلانۇرخان

ئاتۇشتا ئىزىڭ قالدى
ئەلگە نوپۇزۇڭ قالدى.
قويلاردا كۆزۈڭ قالدى
كۆكتە يۇلتۇزۇڭ قالدى.

بۇغراخاننىڭ قىزىسەن
جىمى ئۇزنىڭ ئۇزىسەن.
ئىشت يولىدا جەڭ قىلغان
نۇرئەلانىڭ ئۆزىسەن.

ساغىندا ئىزىڭ قالدى.
تىللاردا سۆزۈڭ قالدى.
دۇتتار ـ قومۇزۇڭ قالدى
باراۋەت ـ نورۇزۇڭ قالدى.

نۇرۇن ئەلانۇر(نۇر ئۇستىگە نۇر) دېگەن ئىسىم بىلەن مەشھۇر بولغان،ئەسىرلەردىن بېرى ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان مەشھۇر ئاتۇش خەلق ناخشىسى «نۇرئەلانۇرخان» ناملىق ناخشىنىڭ بېغىشلانغۇچىسى نۇرئەلانۇرخان سۇلتۇن سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قىزى،قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ بۈيۈك خانى شېھىت ئەبۇ ھەسەن،شېھىت ھۈسەيىنلەرنىڭ ھەمشىرىسىدۇر.گۈزەللىكى ۋە باتۇرلىقى بىلەن مەشھۇر بولغان نۇرئەلەنۇرخان باتۇرلۇقتا تەڭدىشى يوق،ئەلەم ۋە قەلەمدە كامالەتكە يەتكەن ئايال قوماندان دەپ تەرىپلىنىدۇ.

ئەينى دەۋرلەردە قاراخانىيلار سۇلالىسى بىلەن ئۇدۇن دۆلىتى ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇن يىللار ئۇرۇش بولىدۇ.كۆلىمى زور بولغان ئۇرۇشلار كۆپ قېتىم يۈز بەرگەن بولۇپ،ئۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ دەھشەتلىك بولغان ئىككى قېتىملىق ئۇرۇش بەشىنچى ۋە ئالتىنچى قېتىملىق ئۇرۇشتۇر.مىلادى 996-يىلى ئۇدۇن بۇددىستلىرى بىلەن بولغان ئۇرۇشلارنىڭ بىرىدە خاقان ئەبۇ ھەسەن ۋە ھۈسەيىنلەر بىلەن بىر قاتاردا كاپىرلار بىلەن جەڭگە ئاتلانغان بۇ باتۇر مۇجاھىدە ئەلەنۇرخانمۇ قېرىنداشلىرى بىلەن بىللە شېھىت بولۇپ كېتىدۇ.خەلق ئارىسىدا تاھازىرغىچە نۇرئەلەنۇرخان شەرىپىگە ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان ئاتۇش خەلق ناخشىسى «ئەلەنۇرخان»دىكى مىسرالاردىن كۆرە ئەلەنۇرخان ئاتۇش قۇمتاغنىڭ «ئىشق يولى«(جانلىق تىلدا ئىشت يولى)دېگەن جايدا مىلادى 996-يىللىرى ئەتراپىدا شېھىت بولغانلىقى مەلۇم .

تەزكىرەئىي ئارسلانخاندىكى نۇرئەلەنۇرخان ھەققىدىكى يەنە بىر رىۋايەتتە نۇرئەلەنۇرخاننىڭ قاراخانىيلار خانى سەئىد ئېلى ئارسلانخاننىڭ ئانىسى ئىكەنلىكى سۆزلەنگەن بولۇپ،بۇ ھەقتە مۇنداق بىر شېئىرمۇ خاتىرلەنگەن:

ئاناسى نۇرئەلەنۇرخان
ئاتاسى شاھى مەردانىدۇر.

خۇدا يولىدا جان بەرگەن
شەھىدۇ ئارسلانخاندۇر.

بوۋاسى ئۇۋەيس ئەۋلىيا
كەرەملىك شاھى سۇلتاندۇر.
بىلەي دېسەڭ ئاتى ئۇنىڭ
ساتۇق بۇغرائىي خاقاندۇر.

## بۇۋى ئانام

1000يىلدىن بىرى خەلق يادلاپ كېلىۋاتقان بۇ ئايالنىڭ ئىسمى مەلۇم ئەمەس .پەقەت «بۇۋى ئانا»دېگەن بۇ ھۆرمەت نامىلا قالغان بولۇپ،بۇۋى ئانامنىڭ قەبرىگاھى ئاستىن ئاتۇش مەشھەددىكى بۇرۇنقى بازارنىڭ «ئەسكى جوۋە»(كونا ئاشلىق بازىرى) نىڭ ئىچىگە جايلاشقان.بۇۋى ئانام ھەققىدە يېزىلغان تەزكىرىلە ھازىرغىچە بايقالمىغان بولۇپ،بىراق بۇۋى ئانام ھەققىدىكى ئاغزاكى رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا ئۇ سۇتۇق بۇغراخاننى ئېمىتىپ چوڭ قىلغان بولۇپ،ئوردا ئىچىدە ئالاھىدە ھۆرمەتكە ئىگە بولغان.ئۇ سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئىشەنچلىك ئادىمى،ئەڭ ئىشەنچلىك ئاشپىزى بولغان.بۇۋى ئانام سۇلتۇن سۇتۇق بۇغراخاننىڭ شەخسىي تامىقىغا مەسئۇل ئايال كىشى ئىكەنلىكى ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ ئاساسى بار.

بۇۋى ئانام سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ يېقىن تۇغقانلىرىدىن بولۇپ،سۇتۇق بۇغراخاننى ئېمىتىپ باققان ئېنىكئانىسى،بۇ ۋاقىتتا ئۇ ئوتتۇرا ياشلىق ئايال دېيىلگەن.ئۇنىڭ سۈپەت نامى «بۇۋى»دەپ ئاتالغانلىقىنى نەزەرگە ئالغاندا بۇۋى ئانام كىچىكىدىن ياخشى تەربىيە كۆرگەن،ئوقۇمۇشلۇق ئايال بولغان.

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ھاكىمىيەتنى خاقان ئوغۇلچاقتىن تارتىۋېلىپ،ئۇيغۇر بۇددىستلىرىنى ئىسلامغا كىرگۈزىشىدە ،بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئىسلامغا كىرىشىدە بۇۋى ئانام زور تۆھپىلەرنى قوشقان.

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ھاكىمىيەتنى قولغان ئالغاندىن كېيىن،بۇۋى ئانام ئىسلام دىنى ئۆگىنىش مەكتەپلىرىنى ئېچىپ،ئىسلام دىنىنىڭ تۆرلۈك بىلىملىرىدىن دەرس بېرىپ،نۇرغۇن شاگىرت تەربىيەلەپ،يۇرت-يۇرتلارغا ئەۋەتىپ ئىسلام دىنىنىڭ ئاياللار ئىچىدە تارقىلىشىغا تۆرتكە بولغان.

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان دەۋرىگە ئائىت ئاياللار قەبرىسىدىن پەقەت مەشھەت ئىنچىدە بۇد تەركەن خېنىم (سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قىزى) بىلەن بۇۋى ئانامنىڭلا قەبرىسى بولۇپ(مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا قاراخانىيلاردىكى شۇ دەۋىردە ياشىغان تۆركان خاتۇن ۋە مەلىكىلەر بۇددىستلار بىلەن بولغان ئۇرۇشلاردا غازاتقا قاتنىشىپ،شېھىت بولۇپ كەتكەن جايلاردا يەرلىككە قويۇلغان)ئۇنىڭدىن بۇ ئايالنىڭ ئوردا ئىچىدە يۇز-ئابروينىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى قياس قىلغىلى بولىدۇ.

## بۇۋى مەريەم خېنىم

بۇۋى مەريەم خېنىم سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قىزى بولۇپ،ئۇ ھەققىدە ھازىرغا قەدەر يېتىپ كەلگەن ھېكايە-رىۋايەتلەردە ئۇنىڭ ئاجايىپ گۈزەللىكى ئەقىللىق، چېچەنلىكى، كىچىكىدىن باشلاپ ئوردىدا خاس تەربىيە ئېلىپ،بىلىملىك،باتۇر چوڭ بولغانلىقى سۆزلىنىدۇ.

بۇۋى مەريەم خېنىم خوتەن بۇددىستلىرى بىلەن بولغان جەڭدە نۇرئەلانۇرخېنىملار بىلەن بىللە ئۇرۇش مەيدانىدىن چېكىنىپ،بەشكېرەمنىڭ بەش توغراق دېگەن يېرىگە كەلگەندە ئارقىسىدىن قوغلاپ كەلگەن بۇددىست قوشۇنلار بىلەن ئۇرۇش قىلىپ شېھىت قىلىنىدۇ ۋە شۇ جايغا دەپنە قىلىنىدۇ.بىبى مەريەم خېنىمنىڭ مازىرى ھازىرقى قەشقەر كونا شەھەر ناھىيەسى بەشكېرەم يېزىسى بەش توغراق كەنتىگە يەنى يېزا مەركىزىنىڭ 3.9 كىلومېتر شەرقىي جەنۇبىي تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ،بۇ مازار ھازىرغىچە ئاياللار ھەپتىنىڭ چارشەنبە كۈنلىرى كېلىپ چىراغ يېقىپ،تاشلارنى قۇچاقلاپ يىغلاپ تاۋاپ قىلىدىغان،تۇغماس ئاياللار بالا تەلەپ قىلىدىغان بىر تاۋاپگاھقا ئايلىنىپ،زىيارەت قىلىنىپ كەلگەن.

خەلق ئارىسىدا بۇۋىمەريەم خېنىم ھەققىدە كۆپ رىۋايەتلەر تارقالغان بولۇپ،شۇ رىۋايەتلەر ئىچىدىكى بىرىدە مۇنداق مەزمۇنلار سۆزلىنىدۇ:

قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسىنىڭ بەشكېرەم يېزىسىدىكى بەشتوغراق كەنتىدە دائىرىسى چوڭ بىر مازارلىق بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى «بۇۋى مەريەم خېنىم مازىرى» دەپ ئاتىشىدۇ. بۇ ھەقتە يەرلىك خەلق ئارىسىدا مۇنداق بىر رىۋايەت  ساقلىنىپ كەلمەكتە: بۇۋى مەريەم خېنىم سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قىزى بولۇپ، نۇر ئالاۋنۇر خېنىمنىڭ سىڭلىسى ئىكەن. ئۇ كىچىكىدىنلا ئەقىللىق ھەم چىرايلىق بولۇپ، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان بۇ قىزنى تەربىلەشكە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىپتۇ. بۇۋى مەريەممۇ ناھايىتى ياخشى تەربىيە كۆرۈپ زاماندىشلىرى ئارىسىدا ئىلىم ئىگىسى بولۇپ كۆزگە كۆرۈنۈپتۇ.

ئوقيا ئېتىش، ھەربىي ئىلىم، تارىخشۇناسلىق جەھەتلەردىمۇ ئىلىم ئۆگىنىپ كامالەتكە يېتىپتۇ. شۇ مەزگىلدە، قەشقەردىكى مۇسۇلمانلار بىلەن خوتەن ئۇيغۇر بۇددىستلىرى ئوتتۇرىسىدا جىددىي ئۇرۇش يۈز بەرگەن بولۇپ، بۇۋى مەريەم جەڭگە بېرىشنى ئىلتىماس قىلىپ سەركەردىلەر بىلەن ئۇرۇش مەيدانى بولغان يېڭىسارغا بېرىپتۇ. ئۇ يەردە نۇرغۇن قىلىچۋازلىق، نەيزىۋازلىق بولغاندىن كېيىن، ئاخىر خوتەن بۇددىستلىرى قەشقەر مۇسۇلمانلىرىنى يېڭىپ نۇرغۇن ئەسكەرلەرنى قەتل قىپتۇ. بۇۋى مەريەم تۇتۇلۇپ قالسا بۇددىستلار تەرىپىدىن ئاياغ ئاستى بولىدىغانلىقىدىن ئەنسىرەپ قېچىپ كېتىش قارارىغا كېلىپ، ئۆزى بىلەن بىللە بارغان يەتتە قىز بىلەن قېچىپتۇ. بەختكە قارشى بەش قىز ئۇيەردە شېھىت بولۇپ، بۇۋى مەريەم قالغان ئىككى قىز ئاتقا مىنىپ قېچىپتۇ. ئۇلار بەشكېرەم يېزىسىنىڭ بەشتوغراق كەنتىگە كەلگەندە، بۇۋى مەريەمگە ئوقيانى زەھەرلىك ئوقى تېگىپ بىر بۇغدايلىقتا يېقىلىپتۇ. بۇ دەل ئورما ۋاقتى بولۇپ نۇرغۇنلىغان دېھقانلار ئورما ئورۇۋاتقانىكەن. بۇۋى مەريەم ئۇلارغا قاراپ: «ئى مۇسۇلمانلار، مېنىڭ ئارقامدىن بۇددىستلار قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ، مېنى يۆشۈرۈپ قويۇڭلار ۋە قەيەرگە يوشۇرنۇۋالغانلىقىمنى ئېيتىپ قويماڭلار، ئەگەر ئېيتىپ قويساڭلار باقى ئالەمدە ھېسابلىشىمىز» دەپتۇ. دېھقانلار ماقۇل بولۇشۇپتۇ. ئارىدىن مەتسەلەي ئىسىملىك بىر دېھقان ئۇنى بۇغدايلىقتىن ئېلىپ خاماندىكى ئۇنچىنىڭ ئاستىغا يۆشۈرۈپ قويۇپتۇ. ئارقىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان بۇددىستلار ئورما ئورۇۋاتقانلاردىن سوراپتۇ. مەتسەلەي بىرىنچى بولۇپ «كۆرمىدۇق »دېگەنىكەن، بۇددىستلار دەرھال ئۇنى چېپىپ تاشلاپتۇ ۋە ئاتنۇش تەرەپكە قېچىپ كېتىۋاتقان ھېلىقى ئىككى قىزنى قوغلاپ كېتىپتۇ. بۇددىستلار ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن بۇۋى مەريەم يۆشۈرۈنغان جايدىن چىقىپ مەتسەلەينى يەرلىكدە قويۇپ، ئۆزى يىقىلغان يەرگە كەپتۇ ۋە «ئاللا مېنى مۇشۇ يەرگە يىقىتتى، مېنىڭ ئاخىرەتتە ياتىدىغان جايىم مۇشۇ بولسۇن» دەپ ئۇ يەرگە بىر گۇمبەز ياستىپ، گۆر

كولتىپتۇ. دەل گۈمبەز پۈتكەن كۈنى بۇۋى مەريەم قازا تېپىپتۇ. كىشىلەر ئۇ قىزنىڭ ئۆلۈۋلىغا قايىل بولۇپ ھەيران بولۇشۇپتۇ. شۇ يىلى بۇۋى مەريەم ئون يەتتە ياشقا كىرگەن بولۇپ تېخى ياتلىق بولمىغانىكەن. كېيىن كىشىلەر بۇۋى مەريەمنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە مەتسەلەي ئاكىنىڭ قەبرىسىنى ياستىپ قويۇپتۇ ھەم بۇ كىشىنىڭ ئۆلۈغ تۆھپىسىنى مەدھىيلەپ «مەتسەلەيكا ئورما غوجام» دەپ تەرىپلەپ، ئۆزلىرىنىڭ ئورما پىرى ھېسابلايدىغان بوپتۇ. مەتسەلەينىڭ مازىرى ھازىرقى ئاۋات يېزىسىنىڭ قالۇق كەنتىدە بولۇپ، ھازىرمۇ كىشىلەر ئورما ۋاقتىدا بۇغدايلىقتا بىرىپلا، قولىغا ئورغاقنى ئېلىپ «يا مەتسەلەيكا ئورما غۇجام پىرىم»دەۋتىپ، ئاندىن ئورما ئورۇشنى باشلايدىكەن.

2 بەشكېرەم يېزىسىنىڭ بەشتوغراق كەنتىدە ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان «بۇۋى مەريەم خېنىم مازىرى» بولۇپ، ئۇ بەدۆلەت زامانىسىغا كەلگەن چاغدا ۋەيرانلىششىقا قاراپ يۈزلىنىپتۇ. شۇ مەزگىللەردە بەدۆلەت يۇرتلارنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن چىقىپ، بۇ ۋەيرانە مازارلىققا كۆزى چۈشۈپتۇ. بەدۆلەت قەبرىلەر سىگايان بولۇپ تاملارنىڭ ئۆلى چۈشۈپ كەتكەن، گۈمبەزلىرى چاك ـ چاك يېرىلىپ كەتكەن قەبرىلەرگە قاراپ:«بۇ كىمنىڭ قەبرىسى» دەپ سوراپتۇ. ئۇ سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قىزى ئىدى. بۇددىستلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى جەڭگە قاتنىشىپ، چېكىنگەندە قوغلاپ كەلگەنلەرنىڭ زەھەرلىك ئوقى تېگىپ يارىلانغان. شۇ جەرياندا ئۆزىنىڭ مەقبەرىسىنى ۋە بۇ قەبرىگاھىنىڭ ۋەخپە زېمىنلىرىنى ھەم مۇشۇ يۇرتتىكى خەلقنىڭ زېمىنلىرىنى سۇغىرىش ئۈچۈن ئاتۇشتىكى سۇ مۇئەككىلىدىن (ھەزرىتى سۇلتانەمدىن) بىر ئېقىن سۇ سوراپ ئېلىپ كەلگەن قىز مۇشۇ ـ دەپتۇ مۇتىۋەرلەردىن بىرى. بەدۆلەت شۇ ھامان دۇئاغا قول كۆتۈرۈپتۇ. ئاندىن جامائەتكە قاراپ: ـ يۇرتۇڭلاردىكى بۇ ئۆلۈغ زاتنىڭ مازىرى مانا مۇشۇنداق ۋەيرانە ھالەتتە ياتسابولامدۇ؟بۇنى چوقۇم ياساش كېرەك، ـ دەدەپتۇ

ۋە كىشىلەرنىڭ كۆرسىتىپ بېرىشى بىلەن بۇ يۇرتتىكى كاتتا باي ۋە دىنىي ئىخلاسمەن مەتكېرىم دېگەن باينى چاقىرىپ، بۇ مازارنىڭ خاسىيىتى ۋە ئۇنى يېڭىلاشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئېيتىپ، ـ سىز بۇ مازارنى ناھايىتى كاتتا قىلىپ ياستىپ چىقىڭ. ھازىر سىزگە بېرىدىغان بىر يارماقمۇ پۇلۇم يوق. مازارنىڭ پۈتۈن قۇرلۇشى پۈتكەندىن كېيىن بارلىق چىقىمىڭىزنى مۇكاپاتى بىلەن قوشۇپ قايتۇرىمەن، ـ دەپتۇ. مەتكېرىم باي زارلىق بىلدۈرگەندىن كېيىن بۇ مازارنىڭ ھەممە ئەتراپىنى رىشاتكىغا ئېلىپ، گۈمبەزنى قىممەت باھا كاھىش بىلەن ياساپ،كارىدور ۋەپەلەمپەيلىك مەسچىت ياساپ، بۇ يۇرتتا ھەيۋەتتە تەنھا قىلىپ پۈتتۈرۈپتۇ. لېكىن، مۇشۇ جەرياندا مەتكېرىم باي نۇرغۇنلىغان قىينىچىلىقلارغا دۇچ كەپتۇ، يەر، سۇلىرىنى، باغۋارانلىرىنى ۋە ماللىرىنىمۇ، ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ قورۇ ـ جايلىرىنىمۇ سېتىشقا مەجبۇر بوپتۇ ۋە كەمبەغەللىشىپ كېتىپتۇ. مازارلىق پۈتۈپ،مەتكېرىم باي تولىمۇ نامراتلاشقان مەزگىللەردە بەدۆلەت كورلىدا ئۆلۈپتۇ. مەتكېرىم باي ئۆلگەن بەدەلنى قايتۇرىدىغان ھېچكىم چىقماپتۇ. ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن بۇرادەرلىرىمۇ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپتۇ. لېكىن، مەتكېرىم باي يۇرت ئەھلى ئۈچۈن بەدەلگە قىلچىمۇ پۇشايمان قىلماپتۇ.مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن مەتكېرىم باي پۈتۈن ئائىلىسى بويىچە كۆچۈپ چىقىپ بۇۋى مەريەم مازىرىدىكى ئۆزى ياساتقان بىر ئۆيدە ئولتۇرۇپتۇ. سېخىيلىق ۋە مەردلىكتە تونۇلغان مەتكېرىم باي ئەمدى نامراتلىقتا نام چىقىرىشقا باشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوغلى بىلال سوپىنى بۇۋى مەريەم خېنىم مازىرىغا شەيخ قىلىپ قويۇپتۇ. ئۆزى بولسا بۇرۇن ئۆزى ۋەخپە قىلغان يەرلەرنى قايتىدىن ئىجارىگە ئېلىپ تېرىش بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدىغان بوپتۇ. بەزىلەر:«مەتكېرىم باي بەشتوغراقلىق ئەمەس، ئۇ سىدىرلىق بولغاندىكىن، سىدىردا ياتسۇن» دەپ زارىڭاھلىقتىن ئورۇن بەرمەپتۇ. ھەق گەپ قىلىدىغان بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ:«ئى، بەشتوغراقلىق، مەتكېرىم باي ھايات ۋاقتىدا، باي ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئېشىنى يېمىگىنىمىز، ئۇنىڭدىن ئۆتنە ـ

يېرىم قىلمىغىنىمىز ئاز. ئۇ گەرچە سىدىرلىق بولغان بىلەن بەشتوغراقلىقنى ئوبدان يۆلىگەن. مۇشۇ مازارنىمۇ شۇ ياساتقان. ئەمدى مۇشۇ ئادەمنىڭ جەسىتى مۇشۇ مازارغا سىغمامدۇ؟»دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەن خىجىل بولۇشۇپ بۇۋى مەريەم خېنىم مازىرىنىڭ ئىچكىرىكى ئىشىكىنىڭ يېنىغا گۆر كولاپتۇ. مەتكېرىم باينىڭ جەستى مۇشۇ يەردىن ئورۇن ئاپتۇ.

## ھەدىيە تۈركەن خېنىم

ئەل ئارىسىدا سۇلتان دەرىجە خېنىم،ئوردا خېنىم،پادىشاھ دەرىجىلىك خېنىم نامى بىلەن مەشھۇر بولۇپ كېلىۋاتقان ھەدىيە تۈركەن خېنىم سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئوغلى ھۇسېيىن بۇغراخاننىڭ ئايالى دېيىلىدۇ.مىلادى 997-يىللار ئەتراپىدا ھۇسەيىن بۇغراخان خوتەن بۇددىستلىرى بىلەن بولغان ئۇرۇشتا شېھىت بولغاندىن كېيىن،ئۇرۇشقا قاتناشقان ھەدىيە تۈركەن خېنىممۇ پۈتۈن سەپ بويىچە چېكىنگەن ئىسلام قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە چېكىنىدۇ.ئۇلار ئۇرۇش مەيدانىدىن چېكىنىپ قاراباش دېگەن يەرگە كەلگەندە ھەدىيە تۈركەن خېنىم ئارقىسىدىن قوغلاپ كەلگەن بۇددىست قوشۇنلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا شېھىت بولۇپ كېتىدۇ ۋە قارا باشقا دەپنە قىلىنىدۇ.«سۇلتان دەرىجە خېنىم» دېگەن نام پادىشاھ دەرىجىلىك خېنىم ياكى تۈركان خاتۇن دېگەن مەنىدە بولۇپ،بۇ ھەدىيە خېنىمنىڭ ئوردا ئىچىگە تەئەللۇق ئايال ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.مەھمۇد قەشقەرىنىڭ تۈركى تىللار دىۋانىدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا قاراخانىيلار ئائىلە ئەزالىرى ۋە ئوردا ئىچىدىكى ئاياللار «تەركەن خاتۇن ياكى تۈركان خاتۇن»دەپ ئاتالغان.

ھەدىيە تۇركەن خېنىمنىڭ مازىرى ھازىرقى يېڭىسار ناھىيەسى ماڭشىن يېزىسىنىڭ قاراباش دېگەن يېرىدە بولۇپ،«سۇلتان دەرىجە خېنىم مازىرى»دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولۇپ كەلمەكتە.

## قىزىلچى خېنىم

ئاجايىپ گۈزەللىكى ۋە باتۇر-قەيسەرلىكى، جەڭگاھلاردىكى باھادىر-غەيرەتلىكلىكى بىلەن تەرىپلىنىپ كېلىۋاتقان قىزىلچى خېنىم قاراخانىيلار مەلىكىلىرىدىن بولۇپ، بەزى مەنبەلەردە ئۇنى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ كىچىك قىزى دېيىلسە، يەنە بەزى مەنبەلەردە ئوردا خېنىم (ھەدىيە تۇركەن خېنىم؟) نىڭ قىزى دېيىلىدۇ. بىر رىۋايەتتە قىزىلچى خېنىمنىڭ بىر قانچە نەپەر ھەمراھى بىلەن بىر قېتىملىق بۇددىستلار بىلەن بولغان غازاتتا شېھىت بولغانلىقى سۆزلەنگەن.يەنە بىر رىۋايەتتە مەلىكە ئۆز ھەمراھلىرى بىلەن ئىسلام دىنىنى تارقىتىپ يۈرگەن ۋاقتىدا ئۆلتۈرۈلگەن دېيىلىدۇ.قىزىلچى خېنىم مازىرى ئاتۇش بىلەن بەشكېرەم ئارىلىقىدىكى قومال تاغىنىڭ ئىچىدىكى مەشھۇر تاغ يولى-ئىشت يولىدا بولۇپ،پەقەت بىرلا گۈمبەزدىن ئىبارەت بولغان بۇ مازار ھازىرغىچە «قىزىلچى خېنىم مازىرى»دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بىر تاۋاپگاھ-زىيارەتگاھقا ئايلىنىپ خەلق ئىچىدە يادلىنىپ كەلمەكتە.بۇ مازارغا قىزىلچى خېنىم ۋە ئۇنىڭ ئۈچ ھەمراھى دەپنە قىلىنغان ئىكەن.

# 2-بۆلۈم: تارىخ بەتلىرىدە چاقنىغان ئايال



## تۈركان خاتۇن

تۈركان خاتۇن قاراخانىيلار خانى تابغاچ بۇغراخاننىڭ قىزى،سالجۇقىلار سۇلالىسى سۇلتان مەلىك شاھ ئەبۇ فەتىھ جالالىدىن ئىبىن ئالىپ ئارسلان ئىبىن چىغرىبەگنىڭ خوتۇنى.تۈركان خاتۇن ئەقىللىق،تەدبىرلىك ئايال بولۇپ،ھاكىمىيەت ئىشلىرىدا ئېرىگە ھەردائىم يول كۆرسىتىپ مەسلىھەت بەرگەن.تۈركان خاتۇن ئەقىل-پاراستى،تەدبىرلىك سىياسەتلىرى بىلەن مەلىكشاھنىڭ يۈكسەك ھۆرمىتى ۋە ئېتىبارىغا ئېرىشكەن.

تارىخي ماتېرىياللاردا مەلىكشاھ ھاكىمىيىتىدىكى دۆلەت باشقۇرۇش تۈزۈمى ۋە ئىچكى-تاشقى سىياسەتلەرنىڭ ۋەزىر نىزامۇلمۈلۈك ۋە تۈركان خاتۇننىڭ تەدبىرلىرى ئاساسىدا ۋۇجۇدقا چىققانلىقى مەلۇمدۇر.تۈركان خاتۇن مەلىك شاھتىن مەھمۇد ئىسىملىك بىر ئوغۇل تۇغقان بولۇپ،مەلىك شاھ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئوغلىنى تەختكە چىقىرىش ئۈچۈن ئۆگەي ئوغلى بەركىيارىق بىلەن ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇش ئېلىپ بارغان.

تۈركان خاتۇن ھۆكۈمدارلارغا ۋە سىياسىي ئىشلارغا تەسىر كۆرسىتىپلا قالماي بەلكى

ھاكىمىيەت ئىشلىرىدا ۋە ئىقتىساد ئىشلىرىدا مۇھىم رول ئوينايدىغان كۈچلۈك بىر نوپۇز ئىگىسى بولغان بولۇپ،ئۇ تۈرك خانىشلىرى ئىچىدىكى ئەڭ مەشھۇرلىرىدىن بىرىدۇر.ئۇ دۆلەت ھاكىمىيتىنىڭ ھەرساھەسىدە ئۇنۇملۇك بىر ئورۇنغا ئىگە بولغان.تەركەن خاتۇننىڭ ئىشلىرىنى بېجىرىدىغان مەمۇرلار ۋە ئايرىم بىر ۋەزىرى بولغان.نىزامۇلمۇلۇكنىڭ ۋارىسى تاجىلمۇلۇك ئۇنىڭ ۋەزىرى بولۇپ خىزمەت قىلغان.ئەينى دەۋىردە سۇلتانغا ئىلتىماس سۇنۇشقا قارار بەرگەن دىيار بەكىر بېگى مەرۋان ناسىرۇددەۋلەنىڭ ئەلچىلەر ئۆمىكى سۇلتان مەلىكشاھ تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمىغاچقا،بۇ ئۆمەكنىڭ باشلىقى مەرۋان تەركەن خاتۇننىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىش كويىدا بولۇپ،ئاخىرى تۈركان خاتۇننىڭ ۋاستىچىلىقى بىلەن كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتىدۇ.سەمەرقەنت ھۆكۈمدارى ئەھمەدخانمۇ تۈركان خاتۇننىڭ ئىلتىماسلىرى سايىسىدە سۇلتاننىڭ ئەپۇ قىلىشىغا ئېرىشىدۇ.

تۈركان خاتۇننىڭ ئىلىم ۋە ئەدەبىيات پېشۋالىرىنى ھىمايە قىلىدىغان بىر مەرىپەتپەرۋەر ئاياللىقى،ئەلچىلەر ئۆمەكلىرىنى قوبۇل قىلىدىغان دۆلەتنىڭ سىياسىي،ئىقتىسادىي،ھاكىمىيەت ئىشلىرى ۋە مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىدە يۇقىرى ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالىدىغان ئايال ئىكەنلىكى مەلۇم بولۇپ،مەھمۇد قەشقەرى تۈركى تىللار دىۋانىدا تۈركان خاتۇن ھەققىدە « سالجۇقىلار خاندانلىقىنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقىغا پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ قوماندانلىق قىلغۇچى »خانىش تۈركان خاتۇننىڭ قاراخانىيلار مەلىكىسى ئىكەنلىكى سەۋەبىدىن،قەشقەر،بالاساغۇن قاتارلىق جايلاردىكى كۆپلىگەن ئۇيغۇر،قارلۇق زىيالىيلىرى باغداتقا بېرىپ مۇھىم جامائەت خىزمەتلىرىگە ئىشتىراك قىلىشقان،مانا مۇشۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن باغدات تېزلا تۈركلەرنىڭ نوپوزى ئاستىغا ئۆتتى،قەدىمىي تۈركى تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ مەدەنىيتى قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ، ئەرەپ مەدەنىيتى بىلەن بىلەن «تەڭ بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتتەك چېپىپ» ئۆزىنىڭ

ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلدى ...»دەپ يازىدۇ.

بىلىملىك ،ئىستىداتلىق تۇركان خاتۇن كۆپلىگەن مەسجىد،مەكتەپ،شىپاخانىدەك خەير-ساخاۋەت مۇئەسسەلىرىنى بەرپا قىلغان.ئىززەت-ھۆرمەت ۋە ئالىي نوپۇز بىلەن ياشىغان تۇركان خاتۇن مىلادىي **1094**-يىلى رامزان ئېيىدا ۋاپات بولغان.

## رابىيە قەشقەرى

رابىيە قەشقەرى قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ خانى يۈسۈپ قادىرخان زامانىسىدا ياشاپ ئۆتكەن شائىرە .ئۇ ھەققىدە مۇنداق بىر ھېكايە ئەل ئىچىگە تارقالغان:

رابىيەنىڭ ئاجايىپ ئادىتى بولۇپ، ھەر ھەپتىنىڭ پەيشەنبە كۈنى شامدىن يېنىپ ئۆگزىگە چىقىپ، يۇلتۇزلارغا قاراپ، مۇناجات ئوقۇيدىكەن . تۈن نىسپى بولغاندا ھوجرىسىغا چۈشۈپ ، ئازراق غىزالىنىپ، بىردەم ئارام ئېلىپ شېئىر يازىدىكەن. ئۇنىڭغا بۇ ئىشنى ئۇستازى ئۆگەتكەن بولۇپ، يەتتە يېشىدىن باشلاپ داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ئىكەن. رابىيە رەسىدە بولۇپ ئاشقان بولسىمۇ لېكىن ئاتا-ئانىسىنىڭ ياتلىق قىلىش توغرىسىدىكى تەلپىنى رەت قىلىپ" ۋاقتى ئەمەس" دەيدىكەن . ئامالسىز قالغان بىچارە ئاتا-ئانا ھەر قېتىم كەلگەن ئەلچىلەرنى تەسلىكتە ئۆزرە ئېيتىپ قايتۇرىدىكەن. يۇرت قازىسىنىڭ قۇلىقىغا بۇ ئىش يەتكەندىن كېيىن بۇ ئىشنى قارا خانلار خانى سۇلتان يۈسۈپ قادىرخانغا مەلۇم قىلىپتۇ. سۇلتان بىر كۈنى رابىيەنى ئوردىغا چاقىرتىپ، ئۇنىڭدىن ياتلىق بولماسلىقىنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ.رابىيە «خوتۇن كىشىنىڭ ئىشى جىق جاپاسى ئېغىر، ئەمما بۇنى ئەرلەر بىلمەيدۇ، مەن نەچچە يىلدىن بېرى ئاسماندىكى

يۇلتۇزلارنى ساناپ، ئاياللارنىڭ ئىشى ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىڭ سانى بىلەن تەڭ ئىكەن دىگەن ئويغا كەلدىم. شۇڭا ئاسماندىكى يۇلتۇزلار چۈشۈپ ، ئاياللارنىڭ ئىشى ئازلاپ قالسا ئاندىن ياتلىق بولۇشنى ئويلاپ كۆرىمەن» دەپتۇ.

سۇلتان يۇسۇپ قادىرخان« ئەقىللىق قىزىم مەقسىدىڭىزنى چۈشەندىم، ئاياللارنىڭ ئىشى ھەقىقەتەن كۆپ، ئەمما بۇنى تونۇپ يەتكەنلەر يوق ھىساپتا. مەن بۇ تەڭسىزلىكنى ئوڭشاش ئۈچۈن خان نامىدىن يارلىق چۈشۈرىمەن. ئەمما ئالدى بىلەن سىز ياتلىق بولۇڭ، ئۆي تۇتۇڭ، پەرزەنتلىك بولۇڭ.. ئېلىمىزدە ھەر ئادەمنىڭ جۈپتى ۋە ئۆيى بولۇشى كېرەك. جۈپسىز، ماكانسىز كىشى يىپى يوق لەگلەگتەك تۇترۇقسىز كېلىدۇ، ياشاشقا ئىشەنچى، تۇرمۇشتا ئەخلاقى بولمايدۇ. پەرزەنت بولمىسا ئەجدادلارنىڭ نام-نىشانى يوقايدۇ، ئىزى ئۆچىدۇ، شورى قۇرۇيدۇ، ئەل يۇرت ئازىيىپ خاراپلىشىدۇ، رەقىبلەرنىڭ ۋەيران قىلىشىغا ئۇچرايدۇ. ئاتا-بوۋىلىرىمىز ياتقان خاسىيەتلىك يەرلەر خارلىنىدۇ» دەپتۇ.

رابىيە سۇلتاننىڭ مېھرىبانلىق قىلغان نەسىھىتىدىن تەسىرلىنىپ ياتلىق بولۇشقا ماقۇل بوپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن سۇلتان يۇسۇپ قادىرخان رابىيەنىڭ شېئىرلىرىنى كۆچۈرۈپ تارقىتىشقا پەرمان قىپتۇ شۇنداقلا « ئەلدىكى بارلىق ئەرلەر بىر ھەپتىلىك ئىش-ئوقتىدىن كېيىن ھەر پەيشەنبە كۈنى ئائىللىرىغا چامىسىنىڭ يېتىشىچە پۇل بېرىپ ئائىلىنىڭ بىر ھەپتىلىك ئەجرىنى ياندۇرۇشى، ھېيت ئايەملەردە يېڭى كىيىم ئېلىپ بېرىشى كېرەك» دەپ يارلىق چىقىرىپتۇ. شۇنىڭدىن بۇيان خەلقىمىزدە ئائىلىگە پەيشەنبىلىك، ھېيتلىق بېرىدىغان ئادەت بوگۈنگىچە داۋاملىشىپ كەپتۇ. ئائىلىگە قارىمىغان ئەرلەرنى «مۇشۇكتىن پەيشەنبىلىك تىلەيدىغان » دەپ مەسخىرە قىلىش شۇنىڭدىن قالغان ئىكەن.

# بۇۋى رابىيە

بۇۋى رابىيە قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە قەشقەرنىڭ ئوپال دېگەن جايىدا ياشاپ ئۆتكەن بولۇپ،موللا سەيفىددىن ئىسىملىك كىشىنىڭ قىزى،قاراخانىيلار شاھزادىسى ئەمىر ھۈسەيىننىڭ ئايالى ۋە مەشھۇر ئالىم مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئانىسىدۇر.خەلق ئارىسىدىكى رىۋايەتلەردە بۇۋى رابىيەنىڭ چولپان يۇلتۇزىدەك گۈزەللىكى،ئەدەپ-ئەخلاقلىق،دىيانەتلىكلىكى،بىلىملىكى تەرىپلىنىپ كەلگەن.شاھزادە ئەمىر ھۈسەيىن بىر قېتىملىق شىكار سەۋەبى بىلەن بۇۋى رابىيە ئائىلىسىدە توختاپ ئۆتۈش جەريانىدا بۇۋى رابىيەنىڭ ئاجايىپ گۈزەل ھۆسنى-جامالى ،ئەقىل-پاراستىگە قايىل بولۇپ،ئۇنى ئەمرىگە ئالىدۇ.ئىستىداتلىق،تەقۋادار،بىلىملىك بۇۋى رابىيە ئوردىدا ئالاھىدە ئىززەت-ھۆرمەتكە ئېرىشىدۇ.ئوغلى مەھمۇد قەشقەرىنى تۇغقاندىن كېيىن،ئۇنى كىچىكىدىن باشلاپ ئۆزى ئالاھىدە تەربىيەلەيدۇ.

كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئوردىدا سىياسىي سۇيقەست بولۇپ،شۇ چاغدا سىرتلارنى ئارىلاپ ماتىرىيال توپلاپ يۈرگەن مەھمۇد قەشقەرى ئامالسىز باغداتقا سەرسان بولۇپ چىقىپ كېتىدۇ.بۇۋى رابىيەنىڭ قېيىن ئاتىسى ۋە يولدىشى ئەمىر ھۈسەيىن سۇيقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلىدۇ.يېقىنلىرىدىن ئايرىلىپ مۇسىبەت ئىچىدە قالغان بۇۋى رابىيە ئوغلى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ دىدارىغا زار بولۇپ، ئوغلىنىڭ يولىغا تەلمۈرۈپ ئۇ كەتكەن تەرەپكە بارىدىغان يول «بۈيۈك كارۋان يولى » بويىدىكى « كۆۋرۈك بېشى »دېگەن يەردە ۋاپات بولغان بولۇپ،بۇۋى رابىيەنىڭ قەبرىسى شۇ جايدا ئىكەنلىكى مەلۇم.

## مۇتربىبە ئاخۇنباي

مۇتربىبە ئاخۇنباي 12-ئەسىرلەردە خوتەندە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بولۇپ شۇ دەۋىرلەردىكى مەشھۇر شائىرە،ئاتاقلىق مۇزىكانت ئايال ئىكەنلىكى مەلۇم.

## چۈچۈك خانىم

سەئىدىيە خانى سۇلتان ئابدۇرىشىتخاننىڭ تۇنجى ئايالى خانىش چۈچۈك خانىم بولۇپ،ئۇ ئابدۇللېتىپ سۇلتان،ئابدۇكېرىمخان،ئابدۇرېھىمخان،سۇلتان ئىبراھىم (مەشھۇر سوفى سۇلتان)مۇھەممەتخان ۋە ئەبۇ سەئىد سۇلتان قاتارلىق ئالتە ئوغۇل تۇغقان.

سۇلتان ئابدۇرىشىتخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن،چۈچۈك خانىم ۋە ئەمىرلەر ئابدۇكېرىم سۇلتاننى (ئادىل خان دەپ تەرىپلىنىدۇ) كونا رەسمىيەتلەر بويىچە مەسلىھەتلىشىپ ئاتىسىنىڭ ئورنىغا تەختكە چىقىرىدۇ.سۇلتان ئابدۇرىشىتخان جايلارنى ئارىلاۋاتقاندا تۇيۇقسىز ۋاپات بولۇپ كەتكەچكە،ئۆزىنىڭ تەخت ۋارىس مەسىلىسىنى ئېنىق ئورۇنلاشتۇرمىغان بولۇپ،شۇ سەۋەپتىن تەخت ۋارىسى مەسىلىسى بىر قىيىنچىلىق پەيدا قىلىدۇ.بولۇپمۇ سۇلتانلىق تەمەسىدە يۈرگەن قارانىيەت سوپى سۇلتاننىڭ( سۇلتان ئابدۇرىشىتخاننىڭ 7-ئوغلى بولۇپ،كېيىن يەنىلا شاھلىق تالىشىپ ئابدۇكېرىمخاننى

سوپىلار بىلەن بىرلىشىپ يوشۇرۇن قەستلەپ ئۆلتۈرىۋېتىدۇ) قەشقەردىن يەكەنگە كېلىشى ئورنىدا جىددىيچىلىك پەيدا قىلىدۇبۇ نازۇك ۋەزىيەت ئاستىدا تەدبىرلىك ۋە پاراسەتلىك چۈچۈك خانىم ئوتتۇرىغا چىقىپ سوپى سۇلتانغا نەسىھەت قىلىدۇ.ئابدۇكېرىمخاننىڭ سوپى سۇلتانغا ئاتا ئورنىدا ئىكەنلىكىنى،موغۇل سۇلتانلىرىنىڭ كونا رەسمىيەت قائىدىسىدىمۇ قايسى ئوغۇل ياشتا چوڭ بولسا شۇنى خان-خاقان دەپ بىلىپ بويسۇندىغانلىقىنى ئېيتىپ،كونا يوسۇن بويىچە ئابدۇكېرىمخاننى خان قىلىپ تەيىنلىگەنلىكىنى قائىدە بىلەن چۈشەندۈردۇ.نەتىجىدە بۇ ھوقۇق تالىشىش زىددىيىتى ئوڭۇشلۇق ھەل بولىدۇ.

## ئامانىساخان

ئامانىساخان ئۇيغۇر سەئىدىيە دەۋرىدىكى تالانتلىق شائىرە ،ئىستىداتلىق مۇزىكانت.سەئىدىيە سۇلتانى ئابدۇرىشىتخاننىڭ ئايالى.ئۇ 1534-يىلى دولاننىڭ تىزناپ دەرياسى بويىدىكى مەھمۇد ئىسىملىك ئۇقۇمۇشلۇق كىشىنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.دادىسىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيەلىشى بىلەن كىچىكىدىن تارتىپ ئۇيغۇر،ئەرەب،پارس ئەدەبىياتىنى ۋە مۇزىكا ئىلمىنى ئۆگىنىپ،شېئىر ئىجادىيەتلىرىگە كىرىشكەن.ئۇ ئۇيغۇر 12 مۇقامىنى ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىپ،ئۆزى يازغان شېئىرلارنى مۇقام ئاھاڭىغا سېلىپ ئوقىغان.ئامانىساخان يەنە خەتتاتلىقتىمۇ كامالەتكە يەتكەن.ئامانىساخاننىڭ گۈزەل ھۆسنى-جامالىغا،ئەقىل-پاراستى،بىلىملىكىگە مەھلىيا بولغان سەئىدىيە خانلىقىنىڭ 2-پادىشاھى ئابدۇرىشىتخان ئۇنى نىكاھىغا ئالغان. ئامانىساخان ئوردىغا كىرگەندىن كېيىنمۇ داۋاملىق ئەدەبىي ۋە مۇزىكا ئىجادىيەتلىرى

بىلەن شۇغۇللانغان.ئامانىساخان 12 مۇقامنى رەتكە سېلىشتەك چوڭ بىر خىزمەتنى تاماملىغان.مۆجىزىنىڭ «تارىخىي مۇسقىيۇن» ناملىق ئەسىرىدە خانىش ئامانىساخاننىڭ ھاياتى يەنىمۇ تەپسىلىي بايانلار بىلەن خاتىرىلەنگەن:

مۇقامنىڭ يەتتىنچى پىشۋاسى مەلىكەئى ئامانىسا خېنىم ئىدى.بۇ خېنىم سۇلتان ئابدۇرىشىتخاننىڭ خانىشى ئىدى.ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ يىگانە شائىرەسى بولۇپ،«دىۋانى نەفىسى»(نەفىسە شېئىرلىرى توپلىمى ) ناملىق شېرىن بىر كىتاب يازغانىدى.خەتتاتلىقتا ئۈستۈن ماھارەتكە ئىگە ئىدى.مۇزىكا ئىلمىدىمۇ شۇنداق كامالەتكە يەتكەن ئىدىكى،سۇلتان ئۇنىڭغا تاقەتسىز ئاشىق ۋە ئىختىيارسىز شەيدا بولغان ئىدى.سۇلتاننىڭ بۇ مەلىكىنى ئۆز نىكاھىغا ئېلىش ۋەقەسى مۇنداق بولغان ئىدى:سۇلتان ئۆز ۋەزىر-ئەمىرلىرى ۋە لەشكەرلىرى بىلەن پايتەخت يەكەندىن ئاتلىنىپ چىقىپ ،تارىم دەرياسىنى بويلاپ تەكلىماكان دەشتىگە شىكارغا يۈزلەندى ۋە نەچچە كۈن شۇ ئەتراپتا بولدى.سۇلتاننىڭ كېچىلىرى دېھقانچە ساددا كىيىملەرنى كىيىپ قونۇقچى مۇساپىر سۈپىتىدە سەھرا ياقىلىرىدىكى ئۆيلەردە غېرىبانە قونىدىغان ۋە شۇ يول بىلەن ئەمەلدارلارنىڭ پۇقرالارغا زۇلۇم-ستەم قىلغان-قىلمىغىنى تەكشۈرىدىغان ئادىتى بار ئىدى.بىر كۈنى سۇلتان شۇ يوسۇندا ئەكرەم ئاتلىق بىر مەھرىمى بىلەن بىر خارابە ئۆيگە قونۇقچى سۈپىتىدە كىردى.بۇ ئۆي مەھمۇت ئاتلىق بىر ئوتۇنچىنىڭ ئۆيى ئىدى.بۇ مەلىكە بولسا شۇ مەھمۇتنىڭ قىزى ئىدى.سۇلتان ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىدا تۇرغان بىر تەمبۇرنى كۆرۈپ قېلىپ مەھمۇددىن تەمبۇر چېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.مەھمۇد:«مەن تەمبۇر چېلىشنى بىلمەيمەن.مۇشۇ قىزىم ماڭا تەمبۇر ئېلىپ بەر دەپ خاپا قىلىپ ئالدۇرغان،قىزىم چالىدۇ »دەپ جاۋاپ بەردى.سۇلتان :«ئەمىسە قىزىڭىز چېلىپ بەرسۇن» دېدى.مەھمۇد قىزىغا ئەمىر قىلغاندىن كېيىن،قىز تەمبۇرنى ئېلىپ پەنجىگاھ مۇقامىغا شۇنداق چالدىكى ،سۇلتان ھەيران قالدى.بولۇپمۇ قىز ئۆزى يازغان بىر شېئىرنى مۇقامغا

سىلىپ ئوقىغاندا،سۇلتان قىزنىڭ مۇھەببىتىدە كۆيۈپ،بىھوش بولۇپ كەتتى.شېئىرنىڭ باشلانما بېيتى مۇنداق ئىدى(مەنىسى):

خۇدا ساڭا يۈز شۈكرى،بىزگە ئادىل پادىشاھ قىلدىڭ.

پېقىر-مىسكىنگە ئابدۇرىشىتخاننى پاناھ قىلدىڭ.

ۋە غەزەل ئاخىرى مۇنداق باغلانغان ئىدى-مەنىسى:

ئەي نەفسى ئۇلۇغ تەڭرىگە كېچە-كۈندۈز دۇئا قىلغىن

كى شاھىڭ ھەققىدە دۇئا قىلماي كۆپ گۇناھ قىلدىڭ.

غەزەل تامام بولۇشىغا سۇلتان ئالدىراپ«نەفىسە دېگەن شائىر كىم؟بۇ غەزەلنى سىز نەدىن ئۆگەنگەن» دەپ سورىغاندى،قىز «خەقنىڭ غەزىلىنىمۇ ياد ئېلىپ يۈرەمدىكەن،مەن نەۋائىي فۇزۇلى،زەلىلىنىڭ شېئىرلىرىدىن باشقىنى ئوقىمايمەن.بۇ غەزەل ئۆزۈمنىڭ،نەفسى مېنىڭ تەخەللۇسۇم» دەپ جاۋاپ بەردى.سۇلتان ئۇنىڭ نەچچە ياشقا كىرگەنلىكىنى سورىدى.ئاتىسى ئون ئۈچ ياشقا كىرگەنلىكىنى ئېيتتى.سۇلتان تېخىمۇ ھەيران بولدى.ئاڭغىچە ئاماننىسا خېنىم تۇرۇپ ئۆزى يازغان بىر نەچچە شېئىرلارنى ئەكىلىپ كۆرسەتتى.خېنىمنىڭ ھۆسنى ئۆزىنىڭ ھۆسنى بىلەن بەسلىشەتتى.پادىشاھنىڭ بۇ خەتنى شۇنچە كىچىك بىر نارىسىدەنىڭ يازغىنىغا ئىشەنگۈسى كەلمىدى.«قېنى ئەمىسە مەن قاراپ تۇراي،بىر شېئىر يېزىپ بېقىڭ» دېگەنىدى،قىز دۇۋەت-قەلەم،قەغەز ئېلىپ كېلىپ،تۆۋەندىكى بېيتنى يازدى-مەنىسى:

خۇدا،بۇ بەندە ماڭا تولىمۇ گۇمانلىق كۆزدە قارىدى

گويا بۇ ئۆيدە بوگۈن ئاخشام مەن ئۈچۈن بىر تىكەن ئۈندى.

سۇلتان كۈلۈپ« ئىشەندىم،مېنى مەسخىرە قىلماڭ» دېدى ۋە مەھرىنى بىلەن تاشقىرىغا چىقىپ « بىز ھېلى كېلىمىز » دەپ كېتىپ قالدى.ئۇ لەشكەرگاھىغا بېرىپ،ۋەزىر-ئەمىرلىرىگە بولغان ئەھۋالنى بايان قىلدى.تۈن يېرىمىدا قىرىق كىشى مەھمۇتنىڭ ئۆيىگە كېلىپ مەقسىتىنى بىلدۈرۈشتى.پادىشاھ ئۆزىنى ئاشكارىلاپ،توي قىلىپ قىزنى نىكاھىغا ئالدى.بۇ مەلىكە يىگىرمە يىل پادىشاھنىڭ نىكاھىدا تۇردى.خۇدايىتالا بۇ قىزغا شۇنداق ئەقىل-پاراسەت ئاتا قىلغان ئىدىكى،تەرىپلەش تەس.«دىۋانى نەفسى» نى يازدى،قىزلارغا نەسىھەت قىلىش مەزمۇنىدا«ئەخلاقى جەمىلە (گۈزەل ئەخلاق) ناملىق بىر كىتاب يازدى،«شورۇھۇلقۇلۇپ (قەلبلەر شەرھى) » ناملىق بىر رىسالە يازدى،شائىرلىق ۋە نەغمىچىلىك توغرىسىدا بۇنىڭدەك مەنىلىك كىتاب ئاز.«ئىشرەت ئەنگىز (شادلىق قوزغىغۇچى) ناملىق بىر مۇقامنىمۇ ۋ مەلىكە ئىجاد قىلغانىدى،كۈچلۈك رەشك يۈزىسىدىن سۇلتان بۇنى ئۆز نامىدا قىلىۋالغان ۋە شۇ بويىچە نەغمىچىلەرگە ئۆگەتكەن.بۇ مەلىكە ئوتتۇز ئۈچ ياكى ئوتتۇز تۆت يېشىدا تۇغۇتتا ۋاپات بولغان دېيىلىدۇ.مەلىكە ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن سۇلتان ئۆزىنى ئۆلتۈرگۈدەك ھالەتكە يېتىپ،سەۋدايىلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ،ئاخىر يىغلاپ ئالەمدىن ئۆتتى،دېيىلىدۇ.ئاستىدىكىسى قەشقەر يەكەندىكى ئامانىساخان قەبرىسى:





# زىبۇننىسا بېگىم

زىبۇننىسا بېگىم : (1639ـ1706) تۇرپانلىق موغۇلىستان خانلىرىدىن يۇنۇسخاننىڭ قىزى قۇتلۇق نىگار خانىمدىن تۇغۇلغان زاھىرىددىن مۇھەممەد بابۇرنىڭ چەۋرىسى ئەبۇ زەفەر مۇھەددىن ئەۋرەڭزىپ (1658ـ1707يىللىرى تەختتە بولغان) نىڭ قىزى ئىدى . ئۇنىڭ ئانىسى دىلرەسبانۇ مەشھۇر <<ھۇمايۇننامە>> كىتابىنىڭ مۇئەللىپى بابۇرنىڭ كىچىك قىزى ، گۈلبەدەن بېگىمنىڭ نەۋرە قىزى بولغان . ئۇ ھافىزە مەريەم قولىدا ساۋات چىقارغاندىن كېيىن ، مەشھۇر ئالىم مۇھەممەد ئەشرەف ئىسفەھانى ۋە موللا جىۋان قولىدا پەلسەپە ، قانۇنشۇناسلىق (فىقھ) ، لوگىكا ، تارىخ پەنلىرىنى ئۆگەندى . ئۇ شېئىرىيەتكە بېرىلدى . ئۆز شېئىرىدا ئىنسانىي سەزگۈ ، جاپاكەش خەلق ۋە ئەركىنلىكىنى كۈيلىدى . ئۇ پۈتۈن بابىرلەردەك ئۆز ۋەتىنىنى ۋە بوۋىلار ماكانى بولغان ئوتتۇرا ـ مەركىزىي ئاسىياغا كۈچلۈك سېغىنىش ھېسسىياتلىرىنى ئىپادىلەپ ئۆتتى . ئېيتىلىشىچە ، ئۇ نىكاھلىق بولماي ئۆز ھاياتىنى تەنھالىق ۋە ئىشق سۆيەر شېئىرىيەت بىلەن ئۆتكۈزگەن . ئۇ ئۆزىنىڭ خەلققە بولغان مېھرىنى ئىپادىلەپ :

«شاھ قىزى بولسامدە قىلدىم فەقر يولىن ئىختىيار ، بەس ماڭا بۇ زىبۇ زىننەتكىم ، ئاتىم زىبۇننىسا» دېسە ، ئۆز دەۋرى ۋە ئۆز خاھىشلىرىدىكى زىددىيەت ۋە مۈشكۈللۈكلەرنى:

مەن يىلان ئاغزىدىن شەككەر تىلەيمەن ،

ئۆرمۈچۈكنىڭ ئىنىدىن مەن پەر تىلەيمەن .

ئەركەك شىر كۆكسىدىن سۈت تىلەيمەن ،

يالاڭ ئاياقلاردىن سىم-زەر تىلەپمەن

دەپ يازىدۇ. ئۇ ئۆز گۈزەللىكى ۋە نىكاھسىزلىق ، پاجىئەلىك ھالىتىگە ئېچىنىپ مۇنداق يازىدۇ:

ئەندەلىب گۈلدىن كېچەر، بارىپ چىمەن كۆرسە مېنى ،

بۇتپەرەسلىك قىلماغاي گەر بەرەھمەن كۆرسە مېنى..

سۆز ئارا بولدۇم نىھان خۇش بۇي گۇللار بەرگىدەك

كىمكى كۆرمەك ئىستەسە سۆز ئىچرە سەن كۆرسە مېنى

«لەيلى» زاتىدىن ئىسەمدە ،

دىلدە مەجنۇنچە ھەۋا ،

تاغۇ تاش كەزگۇم كېلۇر ،

لېكىن يولۇم توسقاي ھەيات.

## بىدپارس خاتۇن

پەزىلەتلىك،دۇنيادىكى تەڭداشسىز ئايال دەپ تەرىپلىنىپ ،بېلىقىسقا ئوخشىتىلغان بىدپارس خاتۇن شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى تۇغلۇق تۆمۈرخانىنىڭ كىچىك خانىشى.

تۇغلۇق تۆمۈر خان ئالمالىقتا مىلادىيە 1362~1363يىللىرى ئەتراپىدا 34 يېشىدا كېسەل سەۋەبىدىن ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن،كىچىك خانىش بىدپارس خاتۇن ئىراق ۋە سەمەرقەنتتىن ئۇستىلارنى تەكلىپ قىلىپ،تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۈچۈن بىر ھەشەمەتلىك

قەبرە ياساتقان بولۇپ،ھازىرقى ئىلىدىكى قورغاس ناھىيەسىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 15كىلومېتىر كېلىدىغان مازار يېزىسىغا جايلاشقان.بۇ قەبرە بىنەپشە،ئاق،كۆك رەڭدار نەقىشلەر بىلەن زىننەتلەنگەن.ئېگىزلىكى 14 مېتىر،كەڭلىكى 10مېتىر كېلىدىغان مەقبەرە ئىچىدە چوڭ-كىچىك ئىككى قەبرە بولۇپ،قەبرىلەرنىڭ كىچىكى بىدپارىس خاتۇننىڭ قەبرىسى ئىكەن.مازارنىڭ ئالدى تېمىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئەرەپ تىلىدا خەت ئويۇلغان بولۇپ،ئۇنىڭ تەرىپىگە :

« بۇ ئۇلۇغ خاقان-ئۇلۇغلۇق ۋە شەپقەتنىڭ دېڭىز،ئىسلام دىنىنىڭ قورغانى،زەپەر قۇچقان ئاقكۆڭۈل ئادەملەرنىڭ شانلىق ئېپتىخارى،تۆت چوڭ خەلىپىگە ئەگەشكۈچى ھۆرمەتكە سازاۋەر ،قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان مۇھەممەد تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ قەبرىسى»دەپ ئويۇلغان.سول تەرىپىگە « گۇناھكار كىشىلەرنى كەچۈرگۈچى ،دەۋرىمىزنىڭ خانىشى،بىزنىڭ بىلىقاشمىز (بىلىقىس) زىرەك،پەزىلەتلىك تەڭداشسىز ئايال،تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئاياللىرىدىن بولغان بىدپارىس خاتۇن مەڭگۈ ھايات.دۇنيانىڭ شەرقىي بىلەن غەربىدە پەزىلەتلىك بۇ ئايال مەڭگۈ ھايات!»دەپ ئويۇلغان.بىدپارىس خاتۇن-بەيتىخالىخە (خانىكە) دەپمۇ ئاتالغان.

## مەخدۇم خانىم

مەخدۇم خانىم شەرقىي چاغاتاي خانلىرىدىن بولغان ئۇۋەيىسخاننىڭ سىڭلىسى بولۇپ،مىلادىيە 15-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى ئويرات قەبىلىسىنىڭ (موڭغۇللارنىڭ بىر تارمىقى ) خانى ئېسەن تاشىنغا ياتلىق بولغان.

ئۇۋەيسخان ئېسەن تاشىن بىلەن بولغان ئۇرۇشتا 2-قېتىم ئۇنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدۇ.ئېسەن تاشىن ئۇنىڭ سىڭلىسىنى تارتۇۋ قىلسا،جېنىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ تۇرىۋالىدۇ.ئۇۋەيسخان ئامالسىز سىڭلىسى مەخدۇم خانىمنى ئۇنىڭغا سوۋغات قىلىۋېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ.ئەمما ئۇۋەيسخان مۇشۇ توي ئارقىلىق كۈيئوغلىنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىش تەلپىنى قويىدۇ.ئېسەن تاشىن مەخدۇم خانىمنى ئۆزىنىڭ ئوغلى ئارسلان تاشقا ئېلىپ بېرىدۇ.مەخدۇم خانىم ئارسلان تاشنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىش شەرتى بىلەن توي قىلىدۇ.توي ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىسى بويىچە ئۆتكۈزىلىدۇ.كېيىن مەخدۇم خانىم ئېرى ئارسلان تاشقا 2 ئوغۇل تۇغۇپ بېرىپ،چوڭ ئوغلىغا ئىبراھىم ئوڭ،كىچىك ئوغلىغا ئىلياس ئوڭ دەپ ئىسىم قويغانلىقى تارىخى كىتابلاردا سۆزلىنىدۇ.

## زىلەيخا بېگىم

زىلەيخا بېگىم(بېكەم) 17-ئەسىردە قۇمۇلدا ياشىغان ئىستىداتلىق شائىرە،ئەدەبىي تەرجىماندۇر.ئۇئەسلىدە مىرسەيىد جېلىل قەشقەرى ئىسمىلىك نامدار كىشىنىڭ خىزمەتكارىنىڭ قىزى، سىلسىلەتۇل زەھەب (ئالتۇن زەنجىرلەر) ناملىق تەزكىرىدە «جاھاننىڭ تەڭداشسىز كىشىسى» دەپ تەرىپلەنگەن خوجا مۇھەممەد ھاجى يۇسۇف ئىسىملىك كىشىنىڭ ئايالى،ئافاق خوجىنىڭ ئانىسى دېيىلىدۇ.يۇقىرىقى تەزكىرىدە « خوجام جاھاننىڭ تەڭداشسىز كىشىسى ئىدى.زىلەيخا بېگىممۇ تەڭداشسىز ئىستىداد ئېگىسى ئىدى.ئەرەپچە ۋە پارسچىدە ھېچكىم ئۇنىڭغا يېتەلمەيتتى.شېئىر ۋە قەسىدە

ئىجادىيىتىدە نۇقسانسىز ئىدى...»دېيىلگەن.بۇ كىتاپتا دېيىلىشىچە،زىلەيخا بېگىم ھافىز شېئىرلىرىنى ناھايىتى زور ئىشتىياق بىلەن ئوقۇپ،مۇتائىلە قىلغان ۋە تۈركىي تىلىغا تەرجىمە قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان.بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى غەزەل مىسال كەلتۈرۈلگەن:

كىم ئېيسە دەھردىن رازىكى،مۇترىب مەي سۆزىن سۆزلە،
كىشى ئاچماپدۇ مېھنەتدىن ئاچالماس بۇ مۇئەممانى.

مەن،ئول ھۆسنىكى يۈسۈف ھۆۋايدا ئېردىكىم،بىلدىم،
كى ئىسمەت پەردەسىدىن ئىشق چىقاردىلار زىلەيخانى.

نەسىھەت ئال قۇلاق ،جانانىنى جاندىن دوستراق تۇتقاي،
سائادەتمەن جەۋانلار كىم بۇ پەندى پىرى دانانى.

غەزەل ئايدىڭدۇر تەشنىڭ كېلىپ ياخشى ئۈنۈك،ھافىز،
سېنىڭ نەزمەڭ بىلە باقمىش فەلەك ئەقدى سۆرەييانى.

ھايات كۆيىچىسى،بۈيۈك شائىر شەمسىددىن مۇھەممەد خوجا ھافىز شىرازى (1300ـ1389) ۋە ئۇنىڭ لىرىكىلىرى جاھان ئەدەبىياتىدا يۈكسەك شان-شۆھرەتكە ئىگە بولۇپ،ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھافىز شىرازى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشۇش تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن.ھافىز لىرىكىلىرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تەسىرى تېخىمۇ كەڭ ۋە چوڭقۇر. نۇرغۇن كىلاسسىك ئەدىپلىرىمىز ھافىزنى ئۇستاز تۇتۇپ كەلگەن.بەزىلىرى خېلى بۇرۇنلا ھافىز شېئىرلىرىنى چاغاتاي تىلىغا تەرجىمە قىلغان.ئەپسۇسكى بۇ خىل

تەرجىملەر تارىخنىڭ بوران-چاپقۇنلىرىدا يوقالغان.يېقىنقى مەزگىللەردە ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ قولىيازمىلار بۆلۈمىدىن بايقالغان «باياز» ناملىق قولىيازمىغا ھافىز شىرازى غەزەللىرىدىن 10 پارچىنىڭ تەرجىمىسى تاللاپ كىرگۈزۈلگەن.لېكىن بۇ شېئىرلارنىڭ تەرجىمانى ھەقىدە ھېچنەرسە دېيىلمىگەن.تەتقىتاتچىلار زىلەيخا بېگىم تەرجىمە قىلغان ھافىز شىرازىنىڭ يۇقىرىقى غەزىلىنى «باياز»غا كىرگۈزۈلگەن نۇسخا بىلەن سېلىشتۇرغاندا،بۇ ئىككى نۇسخىنىڭ بىر كىشى تەرىپىدىن قىلىنغان تەرجىمە ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىغان.دېمەك،ھافىز شىرازىنىڭ شېئىرلىرىدىن تەرجىمە قىلىنىپ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن بۇ 10 غەزەل 17-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا زىلەيخا بېگىم تەرىپىدىن قۇمۇلدا تەرجىمە قىلىنغان.ھافىز شىرازى غەزەللىرىنىڭ تۈركى تىلغا ناھايىتى راۋان ۋە پاساھەتلىك تەرجىمە قىلىنىشى زۇلەيخا بېگىمنىڭ ئەرەپ،پارس تىللىرىنى پۇختا ئىگىلىگەنلىكىنى ۋە ئاجايىپ شېئىري تالانتىنى نامايەن قىلىپ تۇرىدۇ.بىر ئۇيغۇر شائىرەسى تەرىپىدىن بۇندىن تۆت ئەسىر بۇرۇن ئىشلەنگەن بۇ تەرجىمە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى زور ۋەقەدۇر.

زۇلەيخا بېگىم ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ نامىدا «زۇلەيخا بېگىم مازىرى»نىڭ يېنىدا مازارنى زىيارەت قىلغۇچىلار ئىبادەت قىلىدىغان، ئومۇمىي كۆلىمى 128 كىۋادرات مېتىر كېلىدىغان « زىلەيخا بېگىم مەسچىتى » بىنا قىلىنغان.

## مەھلىيا خېنىم

«جاللات خېنىم نامى بىلەن مەشھۇر بولغان مەھلىيا خېنىم (بەزى مەنبەلەردە

مۆھتەرەم خېنىم دېيىلگەن)

سۇلتان باباخاننىڭ قىزى،سۇلتان ئابدۇرىشتخاننىڭ ئەۋرىسى بولۇپ،سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەلىكىلىرىدىن بىرى.ئۇ ئاپپاق غوجىغا ياتلىق بولغان بولۇپ، ئاپئاق خوجا 1694-يىلى 2-ئاينىڭ10-كۈنى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ خوتۇن، بالا - چاقىلىرى ئارىسىدا تەخت تالىشىش جېدىلى كۆتۈرۈلگەن. ئاپئاق خوجىنىڭ كىچىك خوتۇنى(مەھلىيا خېنىم ئۆزىنى «خانىم پادىشاھ» ئېلان قىلىپ، ئوغلى خوجا مەھدىنى «تەخت»كە ئولتۇرغۇزۇپ، «پادىشاھ ئىشان» لىق تونىنى كىيگۈزگەن. بۇنىڭغا نارازى بولغان خوجا يەھيا (ئاپئاق خوجىنىڭ مەكتىلىك چوڭ خوتۇنىدىن بولغان، مۆھتەرەم خېنىمنىڭ ئۆگەي چوڭ ئوغلى) «تەخت» تالىشىپ ئوردىدا ئۇرۇش قوزغىغان. نەتىجىدە «ھاكىمىيەت» نىڭ نۇقتىسىنى تۇتۇۋالغان «خانىم پادىشاھ» ئۆز ئەتراپىدىكى كۈچلىرى بىلەن خوجا يەھيانى ئىككى ئوغلى بىلەن قوشۇپ ئۆلتۈرگۈزۈۋەتكەن. ئۇنىڭ تەرەپدارى قەشقەر ھاكىمى ئىمىن بەگ قاتارلىق بىر مۇنچە چوڭ ئەربابلارمۇ يەنىلا «خانىم پادىشاھ» تەرىپىدىن قىرغىن قىلىنغان. «تارىخىي نادىرىيە» دە خانىم پادىشاھ توغرىسىدا مۇنداق يېزىلغان: «... خېنىم پادىشاھ ۋاقتىدا شۇنداق خۇنرىزلىق (خۇنخورلۇق - ئا) يولىدىكى ئىككى كىشى ئۆرۈشۈپ كىرسە، ھەر ئىككىسىنىلا ئۆلتۈرەر ئەردىلەر. ھەممە خەلق ئۇنىڭدىن ۋەھشە تىناك (ۋەھشىلىكتە سەسكىنىپ - ئا) بولۇپ، ئۇنى «جاللات خېنىم» دەپ ئاتىدىلەر...» جاللات خېنىم 1697- يىلىغىچە «خان» لىق قىلىپ، شۇ يىلى كۈزدە يەكەندە مەكتىلىك سىپىلار (ئاپئاق خوجىنىڭ چوڭ خوتۇنىنىڭ تۇغقانلىرى تەرىپىدىن خوجا يەھيانىڭ قىساسى ئۈچۈن) تەرىپىدىن يوشۇرۇن پىچاقلاپ ئۆلتۈرۈلگەن.

شۇ يىلى ئۈچتۇرپان تەرەپتىن مۇھەممەد ئىمىن خاننىڭ ئىنىسى جاللات خېنىمنىڭ ئاكىسى ئاقباش ئىشان (ئارسلانخان) يەكەنگە كېلىپ سىڭلىسىنىڭ «قىساسى» ئۈچۈن خۇددى «تارىخىي نادىرىيە» دە: «... سىپىلارنىڭ چوڭلىرىدىن 1000 كىشىنى تۇتقۇزۇپ،

بىرىنى بىرىگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ، قويدەك بوغۇزلاپ قىنىدا تۇگمەن چۆرۈتۇپ، ئۇن تارتىپ يېدىلەر...» دېيىلگىنىدەك چوڭ قىرغىنچىلىق پەيدا قىلغان. قەشقەر سوپىلىرى خوجا يەھيانىڭ ئۆچىنچى ئوغلى خوجا ئەھمەدنى قەشقەرگە «خان» قىلىپ، جاللات خېنىم تەرىپىدىن قەشقەرگە قويۇلغان ھاكىم موللا شەۋقى خوجىنى ئۇرۇپ، ئۆلتۈرۈۋەتكەن. خوجا مەھدىمۇ مۇرىت، مۇخلىسلىرىنى يىغىپ «قارا تاغلىق» لارنىڭ يېتەكچىلىرىدىن خوجا مەخسۇد باشلىق بىر قانچىسىنى «چالما كېسەك» قىلىپ ئۆلتۈرۈپ، چەت ئەلگە قېچىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئاخىرى يەنىلا خوجا ئىشاقچىلار تەرىپىدىن سەپەر ئۈستىدە زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەن.

مەھلىيا خېنىم ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن خانلىق تەبىقىدىن بولغىنى ئۈچۈن يەكەنگە ئىسلام دىنى تارقالغاندىن كېيىنكى خانلار ۋە ھۆكۈمرانلارنىڭ قەبرىستانلىقى بولغان «ئالتۇنلۇق» قا دەپنە قىلىنىشقا تېگىشلىك بولسىمۇ،لېكىن ئىشانلار ئۇنىڭغا بولغان ئۆچمەنلىكى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ جەسىتىنى يەكەن كونا شەھەر ياڭاقكۆل بېشى ئەتراپىغا ،يەنى خانىقا دەرۋازىسى ئىچىگە يەرلىككە قويىدۇ.بۇ يەرگە كونا شەھەردىن ھارۋىلىق ئون مىنۇتتا يېتىپ بارغىلى بولىدۇ.بۇ ئەتراپ ئائىلىلىكلەر ئولتۇراق رايونى بىلەن قورشالغان كىچىك زاراتگاھلىق بولۇپ،زاراتگاھلىقنىڭ ئوڭ تەرەپ يۇقىرىسىدا مەھلىيا خېنىمنىڭ ئاددىيغىنە بىر سۇپىلىق خام كېسەكلىك قەبرىسى بار.ئاستىدىكى شۇ قەبرىدىن كۆرۈنۈش:




## بۈۋى زەينەپ

بۈۋى زەينەپ 1660-يىللاردا يەركەن شەھرىدە تۇغۇلغان.ئۇ ئىسمايىلخاننىڭ قىزى بولۇپ،ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە يەركەندىكى يېشىل مەدرىسىدە ئوقىغان.1678-يىلى ئاپئاق

خوجا يەركەن خاندانلىقىنى مۇنقەرز قىلىپ ھاكىمىيەت ئىگىلىگەن مەزگىلدە ئىسمايىلخاننى جەمەتى بىلەن قوشۇپ ئىلىغا پالىۋەتكەن.ئۇزاق ئۆتمەي 18ياشلىق شائىرە بۇۋى زەينەپنى «تۇخۇمدىن قۇرۇتىۋېتىش » دېگەن ئىپلاس،رەزىل سىياسەتلىرى بويىچە قايىنتىغان ياغقا تاشلاپ ئۆلتۈرىۋەتكەن ھەم شائىرەنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆيدۈرىۋەتكەن.

## زۇلفىيە كاشغەرى

زۇلفىيە 1600~1694يىللاردا ئاپئاق خوجا ھاكىمىيەتنى ئىگىلەپ تۇرغان مەزگىللەردە قەشقەردە ياشاپ ئۆتكەن شائىرە بولۇپ،ئۇنىڭ «دىۋانى زۇلفىيە» ناملىق لىرىك شېئىرلار توپلىمى بولغان.ئەپسۇسكى ئۇنىڭ ھاياتى ۋە ئەسەرلىرى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇماتلار يوق .

## ئىپارخان



گۈزەللىكى بىلەن كىشى ئەقلىنى لال قىلسا، باتۇر ۋە قەيسەرلىكى بىلەن دىللاردا هۆرمەت ۋە قايىللىق تۇيغۇسى ئويغاتقۇچى ئۇيغۇر قىزى ئىپارخان 18-ئەسىردە شىنجاڭدا ئۆتكەن چوڭ - كىچىك خوجىلاردىن خوجا جاهاننىڭ ئايالى. ئاپپاق خوجىنىڭ ئەۋلادى، بەزى تارىخىي كىتاپتا ئىپارخاننىڭ ئەسلى ئىسمىنىڭ ئەلانۇر خېنىم ياكى مەمۇرى ئەزەم ئىكەنلىكى يېزىلغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئىپارخان لاتاپەت بابىدا تەڭداشسىز گۈزەل بولغانلىقى ۋە تېنىدىن تەبىئىي هالدا ئىپار هىدى كېلىپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن «ئىپارخان» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان. جەڭگە ماهىر بۇ گۈزەل باتۇرلۇقتا داڭ چىقارغان خوجا جاهانغا ياتلىق بولغان. 1760-يىلى شىنجاڭدىكى ئاپپاق خوجا ئەۋلادىدىن بولغان خوجا بۇرهانىددىن بىلەن خوجا جاهان چىڭ سۇلالىسىنىڭ هۆكۈمرانلىقىغا قارشى چىققان. ئۇلارنىڭ سانى ۋە تەسىر دائىرىسى بارغانسېرى كېڭىيىشكە باشلىغان. بۇنىڭدىن قاتتىق چۆچىگەن چىڭ سۇلالىسى جاۋخۇي باشچىلىقىدا زور قوشۇننى تويىلاڭچىلارنى تىنچىتىشقا ئەۋەتكەن. ئادەم سانى جەھەتتىكى چوڭ پەرق تۈپەيلىدىن خوجىلار مەغلۇپ بولۇپ، خوجا جاهان ئۆلتۈرۈلگەن. ئىپارخان بولسا ئەسىر سۈپىتىدە بېيجىڭدىكى خان ئوردىسىغا ئېلىپ بېرىلغان. ئىپارخاننىڭ گۈزەللىكىدىن هەيرانۇھەس قالغان چيەنلۇڭ خان ئىپارخانغا مەپتۇن بولۇپ قالغان.

ئىپارخاننىڭ خان ئوردىسىغا كەلگۈچە بولغان هاياتى هەققىدە تارىخىي مەنبەلەر بىردەكلىككە ئىگە بولسىمۇ، ئۇنىڭ كېيىنكى تەقدىرى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپى بويىچە قارىغاندا، ئۇيغۇر تارىخ مەنبەلىرى ۋە ناهايىتى تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن چىڭ سۇلالىسى ئوردا تارىخنامىلىرىدىن مەلۇمكى، يۇرت- قەۋمىدىن، ئېرىدىن ئايرىلغان ئىپارخان ئوردىغا كىرگەندىن كېيىن خانغا قاتتىق ئۆچمەنلىك ۋە نەپرەت بىلەن مۇئامىلە قىلغان. پۇرسەت تېپىپ ئىنتىقام ئېلىش ئارزۇسىدا يېنىدا پىچاق ساقلاپ يۈرگەن. ئىپارخاننىڭ كۆڭلىنى مايىل قىلىش، ئۇنىڭ ئىنتىقام ئېلىش ۋە يۇرتىنى سېغىنىش

ئاررۇسنى يوق قىلىش ئۈچۈن چيەنلۇڭ خان خىلمۇ ـ خىل چارىلەرنى ئىشلەتكەن. ئىپارخان ئۈچۈن ئۇيغۇر پاسوندا ئىمارەت سېلىپ ، ئۇيغۇر مەھەللىسى بىنا قىلغان. لېكىن ئىپارخان نىيىتىدىن ھەرگىز يانمىغان. چيەنلۇڭ خاننى ئۆزىگە يېقىن يولاتمىغان ۋە يەڭ ئىچىدە ساقلىغان خەنجەرنى كۆرسىتىپ: «ئەل ـ يۇرتۇم خانىۋەيران بولدى، ئۆلۈشكە رازىمەنكى، ئوغۇل ـ قىزلىرىمىزنىڭ بىكاردىن بىكار ئۆلۈپ كېتىشىگە چىداپ تۇرالمايمەن، ئىنتىقام ئالماي قويمايمەن»، دېگەن. چيەنلۇڭ خان يەنىلا ئۇنىڭدىن ئۈمىدىنى ئۈزەلمىگەن. ئىپارخان خانغا قول سالماقچى بولغان بولسىمۇ، مەخپىي پايلاقچىلارنىڭ قاتتىق نازارەت قىلىشى تۈپەيلىدىن ئاررۇسى ئەمەلگە ئاشمىغان، بۇنىڭدىن قاتتىق چۆچۈگەن خان ئانا چيەنلۇڭ سىرتقا چىقىپ كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىپارخاننى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. گەرچە كېيىن بەزى ۋەقەلىكلەر قوشۇلۇپ ئىپارخان ھەققىدىكى بايانلار رىۋايەت تۈسىنى ئالغان ۋە ئۇنىڭ نەسەبى، كېيىنكى تەقدىرى ھەققىدە ئوخشىمىغان كۆز قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، خەنزۇ تارىخ مەنبەلىرىدە بىردەكلىككە ئىگە يۇقىرىقى بايانلار ئىپارخاننىڭ ھەقىقىي ھايات سەرگۈزەشتىلىرىدۇر. 1914 ـ يىلى ئاسارە ـ ئەتىقىلەر ئۆرنى پېڭتيەن خان سارىيى مۇزېيى ۋە چېڭدۇڭدىكى يازلىق ئوردىدىن ئېلىپ كېلىنگەن نۇرغۇن ئاسارە ئەتىقىلەر ئارىسىدا ئون نەچچە ساھىبجامال قىزنىڭ ماي بوياق رەسىمى بار بولۇپ، بۇلارنى چيەنلۇڭ خان دەۋرىدە، ئوردىدا ياللاپ ئىشلەتكەن ئىتالىيىلىك رەسسام رومبىرانت سىزغانىكەن. بۇنىڭ ئىچىدە ھەربىيچە ياسانغان، ئاجايىپ چىرايلىق بىر قىزنىڭ رەسىمى «يۈدى سارىيى»نىڭ غەربىي ھوجرىسىدا كۆرگەزمە قىلىنغان. رەسىمنىڭ ئاستىغا «ئىپارخان ـــ غەربىي دىيارلىق ۋاڭنىڭ مەلىكىسى...» دەپ يېزىلىپ، ئىپارخاننىڭ ھاياتى يۇقىرىقىغا ئوخشاش يوسۇندا قىسقىچە بايان قىلىنغان. شۇنداقلا ئاخىرىغا يېقىنقى زامان خەنزۇ شائىرى شى يىننىڭ جۇڭخۋا مىنگونىڭ 7 ـ يىلى بۇ رەسىمگە يازغان بېغىشلىما شېئىرى قوشۇپ قويۇلغان. ئۇ

شېئىر تۆۋەندىكىچە:

هۆر گۈزەل جانان تۇرار شەمشەر ئېسىپ هەيۋەت بىلەن،
سېغىنىپ ئۆز يۇرتىنى چەكسىز مېهىر ـ شەپقەت بىلەن.
تەلپۈنەر راۋاقتا قىز ئۆز يۇرتىغا غەمكىن بېقىپ،
كىيمى قانغا بويالغان يىغلىغاچ هەسرەت بىلەن.
قاقشىتىپ ئەپكەلدى خان شۇ قىزنى خان دىيارىغا،
تەڭرىتاغ قالغان غەزەپتە بوغۇلۇپ نەپرەت بىلەن.

بىيجىڭ تىياتىرى ۋە دىراما ساهەسىكىلەرمۇ بۇ بايانلارغا ئاساسەن «ئىپارخاننىڭ غەزىپى»،«ئىپارخان» ناملىق تىياتىرلارنى ئويىنىغان. ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە «ئىپارخان»ناملىق بېيجىڭ تىياتىرى ئويىنالغان. بۇلارنىڭ هەممىسىدە ئىپارخان خوجا جاهاننىڭ ۋاپادار ئايالى، پادىشاھقا تىز پۈكمىگەن قەهرىمان، قەيسەر ئايال سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن. ئاتاقلىق خەنزۇ شائىرى يەنچىڭ ئىپارخان هەققىدە تۆۋەندىكى شېئىرنى يېزىپ قالدۇرغان:

باهار نۇرلىرىدا جانلانغان دالا،
جىگدىلەر چۆمۈلدى چاچقان پۇراققا.
گۈپۈلدەپ ئۇرۇلغان جىگدىنىڭ هىدى،
هالقىپ تەڭرىتاغدىن كېتەر يىراققا.
ئۆتمۈشتە بۇ ئانچە قەدىم چاغ ئەمەس،
قەشقەردىن چىققانتى بىر ئۇيغۇر قىزى.
ئىسمىدۇر ئىپارخان ، گۈزەللىكتە ئۇ،
پۇراقلىق ئېچىلغان چېچەكنىڭ ئۆزى.

بوزەك قىلىپ بولامدۇ باتۇر ىىللەتنى،

ئىپارخان شۇلارنىڭ ياخشى ئۈلگىسى.

بۇ ھەقتە كۆپ ئىزدەنگەن ۋە ئىپارخان ھەققىدە رومان يېزىۋاتقان ۋەلى كېرەم كۆكئالىپ ئىپارخان ھەققىدە مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ:

## ئىپارخاننىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى

ۋەلى كەرىم كۆكئالىپ

گۈزەللىكى ۋە قەھرىمانلىقلىرى بىلەن تىللاردا داستان بولۇپ كېلىۋاتقان مەلىكىلىرىمىزنىڭ مەشھۇرلىرىدىن بىرى ئىپارخان ئەينى زاماندا مەنچىڭ خاندانلىقى بىلەن ئۇيغۇرلار مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئەڭ شانلىق ۋە ئەڭ مۇكەممەل سەھىپىلىرىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئىپارخان بۇرھانىددىن خوجىنىڭ ئىنىسى، كىچىك خوجا ياكى خان خوجام دەپ تونۇلغان خوجا جاھاننىڭ خانىمىدۇر. ئىپارخاننىڭ مەنچىڭ خانى چيەنلۇڭنىڭ جۇڭغار خانلىقى ۋە مۇلكىي قەشقەرىيەنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرى جەريانىدا ئۆز ۋىجدانىئېتىقادى ۋە قەلبىگە سادىق ھالدا ئوينىغان تارىخىي رولى ئاالاھىدە گەۋدىلىك بولغاچقا، ئۇ تا بۈگۈنگىچە خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە ئۆچمەس ئوبراز تىكلىگەن مىللىي قەھرىمان سۈپىتىدە ياد ئېتىلمەكتە.

ئىپارخان (1734ـ1765) ئاق تاغلىق خوجىلارغا مەنسۇپ بولغان، ئاپاق خوجىنىڭ

ئىنىسى كارامىتۇللا خوجىنىڭ نەۋرىسى ئەلى خوجىنىڭ چوڭ قىزى، ئۇنىڭ ئۆمۈرلۈك يولدىشى خوجا جاھان بولسا، ئاپاق خوجىنىڭ جۇڭغار خانلىقى تەرىپىدىن بارىمتايلىققا تۇتۇلغان نەۋرىسى ئەھمەد خوجىنىڭ كىچىك ئوغلىدۇر. ئۇلار ياشىغان دەۋردە جۇڭغار خانلىقى كۈندىن كۈنگە ئاجىزلىشىۋاتقان، ئۇلار ھامىيلىقىغا ئېلىۋالغان ئۇيغۇرلار ئۇلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان، چىڭ سۇلالىسى بولسا جۇڭغار خانلىقىنى يوقىتىپ، بىپايان غەربىي رايوننى چىڭ سۇلالىسى خەرىتىسىگە ئېلىش نىيىتىدە بولۇۋاتقان كەسكىن ۋەزىيەتكە توغرا كېلىدۇ. ئۇ خوجا جاھان بىلەن بىرلىكتە كىچىكىدىن قەلەم ۋە ئەلەمدە ئەتراپلىق تەربىيىلىنىپ كامالەتكە يەتكەن.

1755 - يىلى چىڭ سۇلالىسى زور قوشۇنى ئامۇرسەنانىڭ يول باشلىشى بىلەن جۇڭغارىيىگە (يەنى شىمالىي شىنجاڭغا) ھۇجۇم قىلىپ، جۇڭغار خانلىقىنى تىنجىتىدۇ، شۇ چاغدا چوڭ-كىچىك خوجىلار چىڭ سۇلالىسىنى ھىمايە قىلىدۇ ۋە ئامۇرسەنا بىلەن بىرلىشىدۇ. كېيىنكى يىلى ئامۇرسەنا چىڭ سۇلالىسىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەندە، خوجا جاھان ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇش قىلىپ، كۇچارغا يېنىپ كېلىدۇ ۋە ئاكىسى بۇرھانىددىن خوجام بىلەن بىرلىشىدۇ. چىڭ سۇلالىسى 1757 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭنىمۇ بىرلىككە كەلتۈرۈش مەقسىدىدە قوشۇن ئەۋەتكەندە، چوڭ-كىچىك خوجىلار ئۇلارغا كەسكىن قارشى تۇرۇپ مەغلۇپ قىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككى يىلدا ئىپارخان خوجا جاھاننىڭ تەدبىر بەلگىلىشى، جەڭگە قوماندانلىق قىلىشىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئەمما 1759 - يىلىغا كەلگەندە، ئىچكى نىزا، تەپرىقىچىلىك، قۇمۇلدىن تارتىپ قەشقەرگىچە بولغان ئۇيغۇر يۇقىرى قاتلام مۆتىۋەرلىرىنىڭ ۋە خوجىلار جەمەتىدىكى خائىنلارنىڭ ھوقۇق ۋە مەنپەئەت ئۈچۈن تەسلىم بولۇشى سەۋەبلىك ئۇلار مەغلۇپ بولۇپ بەدەخشانغا چېكىنىدۇ. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىلىرى دەرھال بەدەخشانغا كېلىدۇ. بەدەخشان ئەمىرى مۇزەپپەر سۇلتانشاھ چوڭ-كىچىك خوجىلارنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ.

ئىپارخاننىڭ تىللاردا داستان بولغان گۈزەللىكىنى ئاڭلىغان مەنچىڭ خانى چيەنلۇڭ بىر تەرەپتىن بۇنداق گۈزەل ئايالغا ئىگە بولۇش، غەربىي يۇرتتىكى ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىش ھەمدە كېلەچەكتە بىرەر ۋەقە يۈز بېرىپ قالسا، مۇشۇ ئىش ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇ مۇشۇ مەقسەتتە غەربىي يۇرتتىكى مەنچىڭ چېرىكلىرىنىڭ قوماندانى جاۋ خۈيغا ئىپارخاننى بېيجىڭغا كەلتۈرۈشنى ئەمر قىلىدۇ.

بەدەخشانغا كەلگەن ئۆلىمالاردىن سەئىد موللا قاتارلىقلار ئىپارخاننى مەنچىڭ خانلىقىنىڭ ئەمرى بويىچە كۆندۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولىدۇ. غەربىي يۇرتتىكى مۇسۇلمان خەلقى زۇلۇم ۋە ئىسكەنجە ئۈستىدىن بەك شىكايەتچى بولغانلىقى ئۈچۈن، مەنچىڭ قوماندانى ئۇلارغا: «ئەگەر ئىپارخان مەنچىڭ خانىغا رازى بولسا، زۇلۇمدىن قۇتۇلۇسىلەر» دەپ ۋەدە بېرىدۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ مۇلكىي قەشقەرىيە خەلقىنى رازى قىلىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئىپارخان ئۇمۇمنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ھەرقانداق پىداكارلىققا قاتنىشالايتتى. ئۇ بېيجىڭغا بارغاندىن كېيىن خەلقىمگە پايدىلىق بىرەر چوڭ ئىش قىلارمەن، دېگەن ئۈمىدتە، مەنچىڭ خاندانلىقىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىدۇ.

مەنچىڭ قوماندانى ئىپارخاننىڭ خەتەرلىك ۋەزىيەتتە يولغا چىققانلىقىدىن قورقۇپ، يول بويى ئىپارخانغا: خوجا جاھاننىڭ ساق ئىكەنلىكىنى، خان تەرىپىدىن ئىززەتلىنىدىغانلىقىنى، پەقەت خوجا جاھاننىڭ قۇتۇلۇشى ئۈچۈن مەلىكىنىڭ بېيجىڭغا بېرىشىنىڭ شەرت ئىكەنلىكىنى ئىزاھلاپ ئۆتەتتى.

بېيجىڭغا كەلگەندىن كېيىن، خوجا جاھاننىڭ ۋە باشقا قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىپارخاننىڭ پەقەت ئىككىلا غايىسى بار ئىدى: بىرى مەنچىڭ خاندانلىقىنىڭ غەربىي يۇرتتىن چېكىنىپ چىقىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش؛ يەنە بىرى، بىرىنچى ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشمىغان تەقدىردە مەنچىڭ خانى چيەنلۇڭنى ئۆلتۈرۈش ئىدى.

چىيەنلۇڭ خان پۈتكۈل ئاسىيادا گۈزەللىكى ۋە قەھرىمانلىقى بىلەن شۇ زامانغىچە كۆتمىگەن بىر شۆھرەت قازانغان بۇ ئۇيغۇر مەلىكىسىنى كۆرۈش ئۈچۈن سەۋرسىزلىنەتتى. قوبۇل كۈنى ئىپارخان خان ھۇزۇرىغا چىقىشتىن ئىلگىرى ئالدى بىلەن ناماز ئوقۇيدۇ، ئوردا يوسۇنى بويىچە مانجۇچە ياسانماي، مەنچىڭ قوشۇنلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلغان چاغدا كىيگەن زىرىھلىق ساۋۇتىنى كىيىپ، خان سارىيىغا ئۇدۇللا كىرىدۇ. سۇرلۇك ۋە ھەيۋەت بىزەلگەن ساراي ئۇنىڭ ئىمان بىلەن تولغان ۋە ئىنتىقام ئوتىدا يانغان يۈرىكىگە ھەسرەت ۋە قورقۇنچ بېرەلمەيدۇ.

بارلىق ئەركان دۆلەت يىغىلغان بۇ سورۇنغا ئىپارخان دادىل قەدەم تاشلاپ كىرىدۇ، ئەمما خانغا تەزىم قىلمايدۇ. بۇ ئىش سۇرۇشتۇرۇلگەندە، ئۇ: «سىلەر مېنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىمنى ئۇنۇتتۇڭلارمۇ؟ بىز يالغۇز بىر ئاللاغا سەجدە قىلىمىز، كىمىكى ھەددىدىن ئاشسا شۇ مېنىڭ دۈشمىنىمدۇر» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

خاننىڭ ھۇزۇرىدا ۋەقە ھېسابلىنىدىغان بۇ ئىتائەتسىزلىكتىن پۈتۈن ئوردا ئەھلى ھەيرەت ۋە قورقۇشقا چۈشىدۇ. بۇ ئىش خانلىققا قارشى چوڭ بىر ھەرىكەت ئىدى، جازاسىمۇ پەقەت ئۆلۈم ئىدى. خان ئىپارخاننىڭ بۇ قىلمىشىغا قارىتا قارشىلىشىش پوزىتسىيىسىدە بولمايدۇ.

خان ئورنىدىن دەس تۇرۇپ «خۇش كېلىپسىز» دېيىشىگە، ئىپارخان قىلىچىنى قىنىدىن چىقىرىپ خانغا ئۇزۇتۇپ تۇرۇپ:

«ئەي خان، بۇ تەسلىم بولۇشۇم ئەمەس، مەن قىلىچىمنى ساڭا مەنچىڭ چېرىكلىرىنىڭ غەربىي يۇرتتىن چېكىنىپ چىقىش شەرتى بىلەن بەردىم» دەيدۇ. خان ئىپارخاننىڭ گۈزەل جامالىغا جاسارەت ۋە باتۇرلۇق قوشۇلغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى ئالالمايلا قالىدۇ.

ئىپارخان شۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىنى ئۆگىنىش، چۈشىنىش، ئىبادەت قىلىش بىلەن

ئۆتكۈزۈشكە باشلايدۇ. خاننىڭ ئانىسى ئىپارخاننىڭ بۇ يەردە قېلىشىنىڭ تەھلىكىسىنى سېزىپ، ئۇنى يۇرتىغا قايتۇرۇۋېتىش ھەققىدە خانغا كۆپ گەپ قىلغان بولسىمۇ، خان بۇنى قوبۇل قىلمايدۇ.

ئىپارخان ئورددا دائىم ئۆزىنى خاندىن قاچۇرۇپ يۈرىدۇ ۋە خانغا: «ئەگەر ماڭا يېقىنلاشساڭ سېنىمۇ، ئۆزۈمنىمۇ ئۆلتۈرىمەن» دەپ خاننىڭ يېقىنلىششىنى مەنئى قىلىدۇ. ئىپارخاننىڭ ئادەتتىن تاشقىرى گۈزەللىكى خاننى پۈتۈنلەي مەپتۇن قىلىۋالغان بولۇپ، كۆزى باشقا ھېچ نەرسىنى كۆرمەيتتى. خان ئىپارخانغا ئېرىشىش ئۈچۈن ھەر تۈرلۈك چارىلەرنى قىلىپ باقىدۇ. خان ئاخىرى چاھار بېغى بولغان، جامائەت توپلۇشۇپ ئولتۇراقلاشقان بىر ئۇيغۇر مەھەللىسى قۇرۇشنى قارار قىلىدۇ. بۇنداق بولغاندا، مەلىكە بۇ شەرق شەھىرىدە خاتىرجەم ۋە بەلكى يۈزلىرى رەڭ ئالغان ھالدا تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كېتەتتى. خان غەربىي رايوندىن ئەڭ مەشھۇر مىمارلارنى ئەكەلدۈرۈپ، ئىپارخان ئۈچۈن ئۇيغۇر مىمارچىلىقى ئۇسلۇبىدا بىر مەھەللە بەرپا قىلىدۇ. خان ئىپارخاننىڭ ئۇيغۇر مەھەللىسىگە يەرلەشتۈرۈلگەن ھەمشىرىلىرىنىڭ ئازادە تۇرمۇش كەچۈرۈشى ئۈچۈن، چاھارباغ ئىچىگە بىر كۆل قازدۇرىدۇ ۋە ئىچىنى زامانىسىنىڭ ئەڭ گۈزەل ماتېرىياللىرى بىلەن بېزەيدۇ. ئىپارخان خانغا: «مېنىڭ مەملىكىتىمدە غوللىرى تۈمۈردىن، يوپۇرمىقى كۈمۈشتىن، مېۋىسى ئالتۇندىن بولغان بىر دەرەخ بار، شۇنى سېغىندىم» دەيدۇ. بۇ دەرەخلەر دەرھال غەربىي رايوننىڭ ئۈچتۇرپان دېگەن يېرىدىن ئەكەلدۈرۈلىدۇ ۋە تىكىلىدۇ.

ھەممە تەييارلىقلار پۈتكەندىن كېيىن، خاقانىي چىن چيەنلۇڭنىڭ كۆڭلى تىنىپ، ئىپارخانغا ئۆيلىنىش توغرىلىق تەكلىپ بېرىدۇ. بۇ تەكلىپ ئىپارخان تەرىپىدىن قەتئىي رەت قىلىنىدۇ. خاننىڭ ئىپارخانغا بۇ دەرىجىدە مەپتۇنلۇقى خاننىڭ ئانىسىنى تەشۋىشكە سالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن خان ئانا چيەنلۇڭغا قورقۇنچلۇق پىلانلارنى كۆرسىتىشكە باشلايدۇ.

شۇ قاتاردا ئىپارخاننىڭ ھۇزۇرىغا كىشى ئەۋەتىپ: «يا توي قىلسۇن، ياكى ئۆزىنى ئۆلتۈرسۇن» دەپ تەھدىت سالىدۇ. ئىپارخان پاقەتلا: «مەن ئۆلۈمدىن قورقمايمەن، يەنە ئازراق ۋەزىپىلىرىم بار. ئىنتىقام ئالماي تۇرۇپ ئۆلۈشنى خالىمايمەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

بىر كۈنى خان ئانا ئىپارخانغا ساختا دوستلۇق ئىزھار قىلىپ، ئۇنى «رەسىملەر سارىيى» نى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا تەكلىپ قىلىدۇ. رەسىملەرنى كۆرۈۋاتقان ئىپارخاننىڭ دىققىتىنى بىر پارچە رەسىم ئالاھىدە تارتىدۇ. بۇ، بەدەخشان ئەمىرى سۇلتان شاھنىڭ خوجا جاھاننىڭ كاللىسىنى مەنچىڭ قوماندانىغا تاپشۇرۇۋاتقان كۆرۈنۈش تەسۋىرلەنگەن رەسىم ئىدى. ئىپارخان بۇ رەسىمنى كۆرۈۋېتىپ دەھشەتلىك غەليان كۆتۈرىدۇ. خان ئانا: «سېنى بىزگە دۈشمەن قىلغان، سەن ئەك ئۈنتۇيالمايدىغان سەۋەبلەرنىڭ بىرى مۇشۇ ئەمەسمۇ؟ سېنى ئوغلۇم ۋە دۆلىتىمنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بۇ ئوردىدىن يوق قىلىمەن» دەپ خىزمەتكارلىرىنى چاقىرىدۇ. ئىپارخان:

«مەن ئۆلۈمدىن قورقمايمەن. پەقەت ئىنتىقام ئالالمىغانلىقىم ئۈچۈن بەك ئۆكۈنىمەن. ماڭا بىرئاز پۇرسەت بەر، تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇۋالاي. مەن ھامان بىر كۈنى ئۆلىدىغانلىقىمنى بىلەتتىم، مەن ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغان» دەيدۇ.

خان ئانا ئىپارخاننى بويىندىكى يىپەك رومىلى بىلەن بوغۇپ ئۆلتۈرىدۇ.

ئىپارخان رەقىبىگە تەسلىم بولماسلىق بىلەن بىرگە، ھاياتىدا مەنچىڭ ئوردىسى يۈسۈنى بويىچە كىيىنىپ باقمىغان، باشتىن-ئاخىر ئۇيغۇر ئەنئەنىسى ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىگە سادىق بولغان. ئۇ جەسۇر، مەغرۇر، قورقۇمسىز ھالى تۆپەيلىدىن بۈگۈنكى كۈندە پۈتۈن جۇڭگودا بىر ئېپىيەت سىمۋۇلى بولۇپ قالىدۇ.

ئىپارخان كۈچلۈك ۋە پاك ئىمانىغا بىر ئۆمۈر سادىق بولۇپ، ئاياللاردا كەم كۆرۈلىدىغان جاسارەت بىلەن تارىختا ئۆچمەس ئىز قالدۇرغان، ئەينى زاماندا ئىنتايىن قۇدرەتلىك ئېمپىراتور ھېسابلانغان چيەنلۇڭ خانمۇ ئۇنىڭ يۈرىكىنى بوي سۇندۇرۇشقا

ئامال قىلالمىغان. مۇشۇنداق ئۆلمەس ئوبرازنى كۆتىرىپ چىقىش ۋە ئۇنى دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە قىلىش ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك ئىش، ئەلۋەتتە.

## مەئىرەم ئەزەم (روڭفېي)

تەكتلەپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغان يىرى شۇكى،يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلۇپ ئۆتكەن ئىپارخاندىن باشقا يەنە بىر «ئىپارخان»دەپ خاتا قىياس قىلىنىۋاتقان بىر شەخس بار.ئۇ بولسىمۇ چىيەنلۇڭنىڭ خوتۇنلىرىدىن بىرى بولغان «روڭفېي» دۇر.

1979-يىلى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ رۈنخۋا ناھىيەسى مالەن جىلغىسىدا بىر چىڭ سۇلالىسى ئوردا مازارلىقى قېزىۋېلىنغان بولۇپ،ئارىسىدا بىر جەسەت جىنازىسىنىڭ بىر تەرىپىدە « بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم» دىگەن ئەرەپچە قۇرئان خېتى بار ئىدى.ئارخولوگلار ۋە تارىخچىلار جەسەت سۆڭىكى ۋە تارىخىي يازمىلارنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق بۇ مازارلىقنىڭ «چىڭ تارىخى خانىشلار بۆلۈمى» دىكى چىيەنلوڭنىڭ ئۇيغۇر خانىشى «روڭفېي» نىڭ ئىكەنلىكىنى قەيت قىلغان.

ئەمما ئەپسۇسلىنارلىقى شۇندىن ئىبتىبارەن كىشىلەر بۇ «روڭفېي»نى ئىپارخان دەپ خاتا چۈشىنىۋالغان.بىلىشىمىز كىرەككى،بۇ «روڭفېي» چىڭ ئوردىسىدا 28يىل ياشىغان.تارىخىي يازمىلاردا ھېچكىم ئۇنى « ئىپارخان» دەپ چاقىرمىغان.چىڭ ئوردا تارىخىدىمۇ ئۇنى ھېچكىم «خۇشپۇراق »دىگەن ئىبارە بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئاتىمىغان.ئۇنىڭ ئىپارخان بولىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

«روڭفېي»نىڭ ئەسلى ئىسمى مەئىرەم ئەزەم.1734-يىلى يەركەندە

تۇغۇلغان.يەكەندىكى چوڭ باي ئەلى خوجىنىڭ قىزى ئىدى.مەئىرەم ئەزەمنىڭ دادىسى ئەلى خوجا ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئاكىسى مۇناپىق تۇردى تەرىپىدىن بېقىلىپ چوڭ بولىدۇ.

1759-يىلى ماۋت،تۇردى قاتارلىق تۆت كىشىنىڭ چوڭ-كىچىك خوجىلارنى يوقىتىشتىكى كۆرسەتكەن ئۆچمەس تۆھپىسى ئۈچۈن بېيجىڭغا چيەنلۇڭ ئوردىسىغا مۇكاپاتلاپ،تەبرىكلەشكە چاقىرتىلىدۇ.بۇ چاغدا تۇردى سىڭلىسى مەئىرەم ئەزەمنى بىللە ئالغاچ بارىدۇ ۋە ئۇنى چيەنلۇڭغا تارتۇق قىلىۋېتىدۇ.شۇنىڭ بىلەن مەئىرەم ئەزەم چيەنلۇڭنىڭ توقلى بولىدۇ.

1768-يىلى مەئىرەم ئەزەم «روڭفېي»لىق ئۇنۋانىغا ئۆستۈرلىدۇ.1780-يىلى 5-ئاينىڭ 24-كۈنى كېسەل سەۋەبىدىن بېيجىڭدا ۋاپات بولىدۇ.ئەينى دەۋىردە بېيجىڭ خان ئوردىسىدا تۇرغان ئىتالىيەلىك رەسسام لاڭشىن «روڭفېي»نىڭ مانجۇ ئاياللىرىنىڭ ئوردا كىيىمىنى كىيىپ تۇرغان ھالەتتىكى قول سىزما رەسىمىنى سىزىپ چىقىدۇ.

## گەۋھەر شاھناز

گەۋھەر شاھناز بۈگۈنكى ئاقسۇ ۋىلايىتىگە قاراشلىق باي ناھىيەسىنىڭ سايرام كەنتىدە تۇغۇلغان بولۇپ،ئۇنىڭ دادىسى ئىبراھىم سايرامدىكى ئاتاقلىق شەيخلەرنىڭ بىرى.ئۇنىڭ ئۆكىسى ئەھمەد يەسەۋى بولسا تۈركى تەسەۋۋۇپ شېئىرىيىتىنىڭ ئاساسچىسى،تەسەۋۋۇپ تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدىغان تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا بارلىققا كەلگەن ئەڭ دەسلەپكى سوپىلىق يولى-يەسەۋىيە تەرىقىتىنىڭ

قۇرغۇچىسىدۇر.گەۋھەر شاھناز دادىسى ئىبراھىم ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن،يېتىم قالغان يەتتە ياشلىق ئۆكسى ئەھمەدنى ئۆز ھىمايىسىگە ئېلىپ تەربىيەلەيدۇ.كېيىنچە گەۋھەر شاھناز ئەھمەدنى ئېلىپ سايرامدىن يەسسى (قازاقىستاندىكى بىر شەھەر) گە كېلىدۇ.ئەھمەد يەسەۋىنىڭ تەربىيەلىنىشى ۋە ئۆسۈپ-يېتىلىشىدە گەۋھەر شاھناز زور تەسىر كۆرسىتىدۇ.

## يەتتە قىزنىڭ تارىخى




يەتتە قىزىم مازىرى ئۈچ تۇرپان ناھىيە بازىرىنىڭ مۆلچەر تاغ باغرىنىڭ شىمالى يان باغرىغا جايلاشقان بۇلۇپ، يەتتە قىزنىڭ قەبرىسى ياغاچ رېشاتكا ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. تارىخى مەنبەلەردىن قارىغاندا چىڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى چيەنلۇڭنىڭ 30 - يىللىرى ( مىلادى 1765 - يىلى ) زۇلۇمغا قارشى ئۈچتۇرپاندا يۈز بەرگەن ئاكا - ئۇكا رەخمەتۇللا ۋە ئەسمەتۇللا باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى ( جىگدە يىغىلىقى) قاتناشچىلىرىدىن ئايال پالۋان مايسىخان باشلىق يەتتە قىز نەۋكەرنىڭ مەقبەرەسىدۇر.

ئۆچتۇرپان دېھقانلىرى رەھمىتۇللا ۋە ئەسمىتۇللا بەگلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە يېرىم يىلدىن كۆپرەك؛ ۋاقىت چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى بىلەن ئېلىشىپ ئاخىرى مەغلۇپ بولىدۇ ۋە قوزغىلاڭغا قاتناشقان ئىنقىلابچىلارنىڭ ئۆچتىن بىرى قىرغىن قىلىنىدۇ، 10 مىڭدەك كىشى ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنىدۇ، بارلىق بالايى ئاپەت يۇرتتا قالغان قىزلارنىڭ بېشىغا كېلىدۇ. ئۆچتۇرپان خان ئامبىلى سۇچىڭ ۋە ھاكىمبەگ ئابدۇللا ۋەكىللىكىدىكى مانجۇ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئۇيغۇر خەلقى ئۈستىدىن دەھشەتلىك يۈرگۈزۋاتقان زۇلۇمغا چىدىمىغان بىر تۈركۈم ئەر ـ ئايال ئاخىرى رەخمەتۇللا بەگنىڭ سىڭلىسى مايسخاننىڭ ئەتراپىغا يىغىلىپ تاغ، جىلغا، ئورمانلىقلاردا يوشۇرۇن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا داۋاملىق زەربە بېرىدۇ. مانا بۇ تارىختىكى مايسخان جىڭى ئېيتىلىشچە بۇقتىمقى جەڭ ئۈچ ئاي داۋام قىلىپ، مايسخان بىلەن غۇنچە قىز باشچىلىقىدىكى يەتتە نەپەر ئايال دۈشمەننىڭ قۇرشاۋىدا قېلىپ ئاخىرى تاغدىن ئۆزىنى ئېتىپ مەرتلەرچە قۇربان بولىدۇ. كېيىن كىشىلەر بۇ يەتتە نەپەر قەھرىمان قىزلىرىمىزنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن مۇلجەر تىغىنىڭ غەربىي شىمالىغا يەتتە قىز مەقبەرىسىنى ياساتقان ئىكەن.

1942ـيىلى ئۆچتۇرپانغا ھاكىم بولۇپ تۇرغان لۇجى ( ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە ئايروپىلان ۋەقەسىدە قۇربان بولغان ) يازغان ئۆچتۇرپاندىكى ئاسارى ـ ئەتىقىلەر ۋە جۇڭگو ـ روسىيە چېگرىسى توغرىسىدا ئىزاھات دىگەن ماقالىسىدە « يەتتە قىزىم مەقبەرىسى مۇسۇلمانچە ياسالغان، ئۈستى يېپىقلىق، بۇ مەقبەرنى ئۇيغۇرچە يەتتە قىزلىرىم دەپ ئاتايدۇ، مەقبەرەنى بىر شەيخ ساقلايدۇ، ھازىرغا قەدەر ئۇيغۇر كىشلىرى كىلىپ مال ئۆلتۈرۈپ نەزىر بېرىدۇ. ئاياللار دۇئا تىلاۋەت قىلىپ يىغا ـ زار قىلىشىدۇ، بۇ ئۆچتۇرپاندىكى مۇھىم ئاسار ئەتىقىلەرنىڭ بىرى »دەپ كۆرسەتكەن.دىمەك يەتتە قىزلىرىم مەقبەرىسى 20 ـ ئەسىردىن بۇيان ئىزچىل تاۋاپكار ۋە زىيارەتگاھ بولۇپ كەلمەكتە.

## مايسىخان

مايسىخان 1765-يىللىرى ئۇچتۇرپاندىكى چىڭ سۇلالىسىغا قارشى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ يولباشچىلىرىدىن بولغان ئاكا-ئۇكا باتۇر رەخمەتۇللا ۋە ئەسمەتۇللانىڭ سىڭلىسى.يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەندەك ئاكىلىرىدىن كېيىن دېھقانلار قوزغىلىڭىغا باش بولۇپ مەشھۇر «مايسىخان جېڭى» غا يېتەكچىلىك قىلغان قەيسەر،باتۇر قىز مايسىخان شۇ قېتىملىق جەڭدە باشقا نۇرغۇنلىغان ھەمشىرىلىرى بىلەن بىرگە شېھىت بولۇپ كېتىدۇ.مايسىخان قەلەم ۋە ئەلەم ئىشلىرىغا ماھىر بولۇپ،ھېچكىم ئۇنىڭغا يېتەلمەيدىغان باتۇر قەھرىمان قىزدۇر.

## غۇنچە قىز

مەشھۇر يەتتە قىزنىڭ بىرى مايسىخاننىڭ ھەمشىرىلىرىدىن بولغان غۇنچە قىز قىزلار ئىچىدىكى ئەڭ سۆزمەنلىرىدىن بولۇپ،ئۇنىڭ قايماقتەك سۆزلىرى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئىچ-باغرىنى مومدەك يۇمشىتىۋېتىدۇ دەپ تەرىپلىنىدۇ.شۇنداقلا ئۇ چېچەنلىكتە ۋە ھازىر جاۋاپلىقتا ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ.ئۇمۇ ئەنە شۇ ئۇرۇشتا شېھىت بولغان.

## دىلبەر قىز

دىلبەر ھەم مايسىخانىنىڭ ھەمشىرىلىرىدىن.ئۇ تونۇلغان شائىرە بولۇپ،كۆپ ۋاقتىنى گۈزەل خىياللار سۈرۈش بىلەن ئۆتكۈزىدىغان ئۈيچان قىز دىلبەرنىڭ شائىرلىق تالانتىغا ھەممەيلەن تاڭ قالىدۇ.ئۇمۇ شۇ ئۇرۇشتا شېھىت بولغان.

چىرايىدىن تاڭدىكى چولپاندەك نۇر تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان زۆھرە گۈل، تەققى ـ تۇرقى تۇپتۇز ئۆسكەن شەمشادنى ئەسلىتىدىغان زىلۋا بويلۇق قەمبەرنىسا، بۇلاقتەك كۆزلىرى يىگىتلەرنى چۆكتۈرۈۋېتىشكە ئاران تۇرىدىغان شەھلا كۆزلۈك گۈل ئايىم، دىللارنى چاڭ كەلتۈرۈپ ناخشا توۋلاپ تايچاقتەك قىيغىتىپ ئويناشقا ئادەتلەنگەن، بويى ئۆسسىمۇ باللىق مىجەزى ئۆسمىگەن ئەركە قىز...دەپ تەرىپلىنىدىغان ئەختەرنىسا كەبى قىزلار ھەم يەتتە قىز نامى بىلەن ئەسىرلەردىن بېرى يادلىنىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ باتۇر،شجائەتلىك،ئىسيانكار روھىنى نامايەن قىلغان بۇقىزلار ھەم شۇ ئۇرۇشلاردا شېھىت بولغان ئېپتىخار گۈللىرىدۇر.

## قەمبەرخان

قەمبەرخان 1776 ـ يىللىرى قەشقەر بەشكېرەمدە ياشاپ ئۆتكەن ئۇقۇمۇشلۇق تىۋىپ ئايال.ئۇ ئۆز ئۆيىدە كېسەل كۆرۈپ،بىمارلارنى داۋالىغان.تىبابەتچىلىكتە ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيەلىگەن.ئۇ ئۆمرىنى كېسەل داۋالاش،باللارنى تەربىيەلەش بىلەن ئۆتكۈزۈپ 78 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

# نازۇگۇم

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك پەرزەنتى نازۇگۇم 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشاپ ئۆتكەن ئاتاقلىق خەلق قەھرىمانى ۋە شائىرەدۇر. ئۇ قەشقەردە تۇغۇلۇپ، كىچىكىدىن باشلاپلا ئەقىللىق، زىرەك، ئىرادىلىك قىز بولۇپ ئۆسىدۇ. ئاتا-ئانىسىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى نەتىجىسىدە ئۇقۇمۇشلۇق ھەم بىلىملىك بولۇپ يېتىلىدۇ. ئۆزىنىڭ گۈزەللىكى، ئەخلاقى پەزىلىتى ۋە ئەتراپلىق بىلىمى ئارقىلىق خەلق ئارىسىدا «نازۇگۇم» دېگەن مۇھەببەتلىك نام بىلەن ئاتىلىدۇ. شائىر موللا بىلال موللا يۈسۈپ ئوغلى (نازىم) نازۇگۇم ھەققىدە: «... بۇ نازۇگۇم قىز موللا ئايال ئىدى، ئۆزى ئىلباغدەك ئۆڭلۈك، قارا كۆز، قارا قاش، نازۇك بەدەنلىك بولغان ئۈچۈن، قەشقەر خەلقى 'نازۇگۇم' دەپ ئات قويغان ئىدى.» («نازۇگۇم قىسسىسى» دىن) دەپ يېزىشىمۇ بىكار ئەمەس ئىدى. نوزۇگۇم ئەنە شۇنداق تىرىشچانلىق بىلەن ئوقۇشقا بېرىلىپ،قىزغىن ئۆگىنىۋاتقان مەزگىللىرىدە ئاكىسى ئابدۇللانى مانجۇ ئىستىبداتلىرى تۇتۇپ ئىلىغا سۈرگۈن قىلىدۇ ئۇزۇن يىل مابەينىدە زۇلۇم-كۈلپەت ئاستىدا يۈرىكى مۇجۇلغان نوزۇگۇمنىڭ ئانىسى بۇ دەرت-ئەلەمگە چىدىيالمىغانلىقتىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي ۋاپات بولىدۇ.نوزۇگۇم ئائىلىسىنىڭ بېشىغا چۈشكەن مانا شۇ ئېغىر پاجىئە،ئېچىنىشلىق ئىشلار ياش نوزۇگۇمنىڭ يۈرىكىدە زۇلۇمغا بولغان نارازىلىق ۋە قارشىلىق ئوتىنى ياندۇرىدۇ.شۇڭا

1826-يىلى خەلقىمىزنىڭ چىڭ خاندانلىقى ئىستىبداتىغا قارشى قوزغىلىڭى پارتلىغاندا، ئەجداتلارنىڭ قەھرىمانلىق پەزىلىتىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن نازۇگۇم بىر تەرەپتىن قولىغا قورال ئېلىپ دۈشمەنلەر بىلەن تىغمۇ-تىغ جەڭ قىلغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ جەڭگىۋار ناخشا-قوشاقلىرى ئارقىلىق قوزغىلاڭچىلارنىڭ كۈرەش ئىرادىسىگە ئىلھام بېرىدۇ. نازۇگۇمنىڭ بۇ قېتىم قوزغىلاڭغا مەردانىلىق بىلەن ئاتلىنىپ،

ئەرلەر بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، جەڭ قىلىشى ھەرگىزمۇ تەسادىپىي ئەمەس ئىدى، چۈنكى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ مىسلىسىز زۇلۇمى، قانلىق قىرغىنچىلىقىدىن جاق تويغان خەلق: «يە ئۆلۈم، يە كۆرۈم!» دەپ كۈرەشكە ئاتلانغاندا، خەلق بىلەن بىرگە ئازابلىق تەقدىرگە دۇچار بولغان شائىرەمىزمۇ ئۆزىنىڭ ئەركىنلىك يولىنى ئەنە شۇ خەلق سېپىدە كۆرگەن ئىدى.

قورال كۈچى نىسبەتەن ئۈستۈن ئورۇندا بولغان چىڭ قوشۇنى بۇ قېتىمقى خەلق قوزغىلىڭىنى دەھشەتلىك ھالدا باستۇرغاندا، نازۇگۇم ئەسىرگە چۈشۈپ، ئۇنىمىڭلىغان گۇناسىز قېرىنداشلىرى بىلەن بىرلىكتە ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنىدۇ. ئۇ سۈرگۈن جەريانىدا باشقا تۇتقۇنلارغا ئوخشاش چېرىكلەرنىڭ قان تېمىپ تۇرغا قىلىچى ئاستىدا مىسلىسىز جەبىر-زۇلۇم، ئادەم بالىسى كۆرمىگەن خورلۇقلارنى باشتىن كەچۈرىدۇ. ئاخىرى ئۆزى بىلەن بىرگە تۇتقۇن قىلىنغان ئاكىسى ئابدۇللا خوجا بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، يۇلتۇزدىن غۇلجا تەرەپكە قاچىدۇ. نازۇگۇم قاچقاندىن كېيىن، بىرنەچچە كۈن قۇمۇشلۇقلاردا، ئورمانلاردا يوشۇرۇنۇپ كۈن ئۆتكۈزىدۇ. بۇ جەريانىدا ئۇ ئۆزىنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن سۆيۈملۈك دىيارىنى، مېھرىبان ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى بەكمۇ سېغىنىدۇ. نازۇگۇم قېچىپ 12 كۈن بولغاندا يەنە چېرىكلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدۇ. نەتىجىدە چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرى تەرىپىدىن بىر سولۇن (داغۇر مىللىتىنىڭ شۇ چاغدىكى ئاتىلىشى ـ نازىمى) ئەمەلدارغا مەجبۇرى خوتۇنلۇققا بېرىلىدۇ. ئۆزىنىڭ مىللىي غورۇرى، پاك ۋىجدانى، ئىپپەت-نومۇسنى ھەممىدىن ئەلا بىلگەن نازۇگۇم سولۇن ئەمەلدارنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپ قېچىپ كېتىدۇ. بۇ ئەھۋال چىڭ ئەمەلدارلىرىنى ساراسىمىگە سالىدۇ. نازۇگۇم شۇ قاچقانچە 6 ئاي ۋاقىت جاڭگاللاردا مۆكۈپ يۈرۈپ ھايات كەچۈرىدۇ.

ئەمما چېرىكلەر جاڭگاللارنى كېچە-كۈندۈزلەپ ئاختۇرۇپ ئاخىرى نازۇگۇمنى تۇتىۋالىدۇ. ۋە پۇت-قوللىرىنى كىشەنلەپ زىندانغا تاشلايدۇ. نازۇگۇم تۈرمىدىمۇ

قەھرىمان ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ باتۇرلۇق جاسارىتىنى ئىپادىلەپ، دۈشمەننىڭ تۈرلۈك قىيىن-قىستاقلىرى ۋە ئۆلۈم خەۋپى ئالدىدا قىلچىمۇ تىز پۈكمەيدۇ. يەنىلا ئۆزىنىڭ يالقۇنلۇق قوشاقلىرى ئارقىلىق زالىملارنىڭ ۋەھشىلىكىنى غەزەپ بىلەن ئەيىپلەيدۇ، ئۆلارنىڭ يىرگىنچلىك ئەپتى-بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلايدۇ. جاللاتلار قولىدىن قۇتۇلۇشقا، ئەركىنلىككە تەلپۈنىدۇ. بىراق شائىرەنىڭ بۇ ئارزۇسى پىتىچە قالدى. دۈشمەن قولىدىن قۇتۇلۇپ چىقىش نىسىپ بولمىدى. نازۇگۇم تۈرمىگە تاشلىنىپ بىرنەچچە ئايدىن كېيىن، جاللاتلار تەرىپىدىن ئىلىنىڭ «مويتۇڭزا»دېگەن يېرىدە قىلىچ بىلەن چېپىپ تاشلىنىدۇ.

شۇنداق قىلىپ بۇ ئەرك سۆيەر جەڭچى، شائىرە ئەجداتلىرىمىزنىڭ دۈشمەننىڭ كىشەن-زەنجىرلىرى، تۈرمە-زىندانلىرى ۋە قاتىللىق تىغلىرى ئالدىدىمۇ باش ئەگمەيدىغان شانلىق ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، باتۇرلارچە ۋاپات بولىدۇ. بۇ ئەرك سۆيەر جەڭچى، شائىرەنىڭ دۈشمەننىڭ زۇلۇم ۋە ياۋۇزلىقى، كىشەن-زەنجىرلىرى، تۈرمە-زىندانلىرى ۋە قاتىللىق تىغلىرى ئالدىدا باش ئەگمەيدىغان، پاك-ئىپپەتلىك، مەردانە ۋە جەڭگىۋار ھاياتى ئارقىلى خەلق قەلبىدە ئەبەدىيلىك گۈزەل ئورۇن ئالغانلىقى ۋە شەھىت بولغانلىقىدىن چوڭقۇر تەسىرلەنگەن موللا بىلال بىننى موللا يۇسۇپ نازىمى نوزۇگۇمغا ئاتاپ يازغان «نوزۇگۇم قىسسىسى» نىڭ ئاخىرىدا:

ئېنىڭدەك بولسا خاتۇن سالىھە-پاك

بۇ مانجۇلار زۇلمى ئاڭا نېدۇر باك (كېرەكسىز،قورقۇتالمايدۇ مەنىسىدە)

بۇنىڭدەك بولسا خاتۇنلەر پائالى

تاپار جەننەت بۇزەنلەر كامالى.

نوزۇگۇم روھىغا ھەق رەھمەت ئەتسۇن

شېھىت ئالى ماقامى ئۆزرە يەتسۇن.

دەپ يېزىپ ،ئۇنىڭغا ئاللاھتىن رەھمەت ۋە شېھىتلىك مۇقامى تىلەيدۇ تۆۋەندىكىلىرى مەردانە ۋە جەڭگىۋار هاياتى ئارقىلىق خەلقىمىز قەلبىدە مەڭگۈ ئورۇن ئالغان سۆيۈملۈك شائىرە نازۇگۇمنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن قوشاقلىرى بولۇپ،بۇلار ئۇنىڭ كۈرەش ئىچىدە ئۆتكەن ياشلىق ئۆمرىنىڭ گۈزەل نەزمىي خاتىرىلىرىدۇر!

مۇزداۋاننىڭ يولىدىن،

ئۆتمەسكە ئامال بارمۇ؟

ئىلىخۇغا بارغۇچە

جېنىمىز ئامان بارمۇ؟

خەير ئاتا مېھرىبانىم

غەمگۇزارىم ياخشى قال.

كۆزلىرىم ئاقۇ-قاراسى

تەندە جانىم ياخشى قال.

بىللە ئويناپ،بىللە ئۆسكەن

يارۇ-دوستلا ياخشى قال .

كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن

قەشقەر شەھرىم ياخشى قال.

ئاينى بۇلۇت توسۇپتۇ،

يۇلتۇزلارمۇ ئۆچۈپتۇ.

گۆر ئازابى ئۆلۈكتىن
تىرىكلەرگە كۆچۈپتۇ.

زالىم دۈشۈاك قان يىغلاتتى،
يوقسۇللارنى زار قاقشاتتى.
ياش دېمىدى ياكى قېرى،
دارغا ئاستى،پۈلغا ساتتى.

نى يىگىتلەر،سۈلۈ قىزلار
ئەرك يولىدا قانغا پاتتى.
گۈناھى يۇق مەسۇملەرنىڭ
باشلىرىغا قېلىچ چاپتى.

مۇزداۋاندا قار ياغىدى،
تۇزلەڭلىكتە يالاڭ يامغۇر.
دەرتمەنلەرگە كۈن بەرمەس
دۈۋاك چېرىكى قانخور.

بىزمۇ ئادەم نېمىشكە
يوقتۇر شۇنچە قەدرىمىز؟
ۋەھشي قاۋان دۈۋاڭغا
ئاشار غەزە-قەھرىمىز.

پۈتۈمدىكى كىشەننى

كەلگىن ئاكا چاقايلى.

يەكسان قىلىپ دۈشمەننى

قانلىرىنى چاچايلى.

يوللارنى تولا مېڭىپ

هالسىزلىنىپ تېلىقتىم.

مەن بۇ ياقتا كېلىپلا

يامان كۆزگە چېلىقتىم.

تۆگىلەر ياتۇر قامغاقتا،

بىر ئاكام بار قالماقتا.

ئىنسابى يوق قالماقنىڭ

قەستى مېنى ئالماقتا.

دارىن ئۆيى زىننەتلىك،

مەن يار بىلەن قىممەتلىك.

ئۇ باقىدىن باشقا يوق

نازۇك بىلەن ھەمدەملىك.

تاغدىن چۈشكەن ساپ سۈنى

سۇزۇپ ئىچەر ئەر بارمۇ؟
نازۇك باشقا مۇڭ چۈشتى
ئېلىپ قاچار ئەر بارمۇ؟

باقى يىگىت كەلسەڭچۇ،
يۇرەك-باغرىم بولساڭچۇ.
نازۇك باشقا مۇڭ چۈشتى
مېنى ئېلىپ قاچساڭچۇ.

مەن قەشقەردىن چىققىلى
چۈشەك سېلىپ ياتقان يوق.
ئانام ئۆرگەن چىچىمغا
تاغاق سېلىپ باققان يوق.

قايناپ تۇرغان قازانغا
چۆمۈچ سېلىپ باققان يوق.
ئالتە ئاي يېتىپ قومۇشتا
تەكيى قويۇپ ياتقان يوق.

ئالتە ئاي ياتتىم خاماندا،
نان پۇشۇردۇم ساماندا.
يالغۇز نازۇك جاڭگالدا،

ئاتام يۇرەر قاياندا؟

قومۇشزارلىق بولدى جايىم،
بۆرە،تۈلكە ھەمرايىم.
پەلەكنىڭ گەردىشى شۇنداق
باشقىچە يوقتۇر چارىم.

يايى چىقتى تۇتقىلى،
ئەجدىھار بوپ يۇتقىلى.
ئونبەش يايى كېلىپتۇ
مەن نوزۇكنى تۇتقىلى.

قومۇشلارغا ئوت قويماي
مەن نوزۇكنى تاپالماس.
مەن نوزۇكنى تۇتقاندا
تىرىك قولغان ئالالماس.

تۇتقۇن قىلىپ نوزۇكنى
قورقاتقىلى بولمىغاي.
باقى ئۆچۈن جان بەرسە
دىلدا ئارمان قالمىغاي.

ھېچكىم مەندەك بولمىسۇن،
بالىلارغا قالمىسۇن.
ماڭا كەلگەن جاپالار
ھېچ بەندىگە كەلمىسۇن.

جېنىم ئاتامنى كۆرمەي
ئۆلۈپ كېتەر بولدۇممەن.
باھارنىڭ ۋەسلىنى كۆرمەي
سۇلۇپ كېتەر بولدۇممەن.

بۈيرۈغۇڭنى بەر جاللات
مېنى دارغا ئېسىشقا.
ئەل قىساسى مىنەلھەق
ساڭا يول يوق قېچىشقا.

مېنى دارغا ئاسقاندا
ئاگاھ بول ئۆز ئىشىڭغا.
روھىم گۈرزى-ئۆمۆت بوپ
بىر كۈن تېگەر بېشىڭغا.

مويتۇڭزىدا چاپقاندا
مەن ئاندا ئۆلەرمەن.

موللىلارنىڭ سۆزىگە
ئالى شىھىت بولارمەن.

غەم بىلەن باشىڭنى ئەگمە،
ئەلنى باسقان تۈن پۈتەر.
ئاخىرى قۇياش چىقار
بىزنى بەختلىك كۈن كۈتەر..

## ئەسرى

ئەسرى 19~18 ـئەسىرلەردە خوتەندە ياشاپ ئۆتكەن شائىرە ئايالدۇر. ئۇنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرى خوتەندىن تېپىلغان بايازغا كىرگۈزىلگەنلىكى مەلۇم.

## مايىمخان

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەھرىمان قىزى،باتۇر ،ئەركسۆيەر قوشاقچى مايىمخان ھىجرىيە 1227ـيىلى (مىلادى 1812ـيىلى)غۇلجا ناھيەسىنىڭ دادامتۇ يېزىسىدا نامرات بىر دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.ئۇ كىچىكىدىنلا ناھايىتى زېرەك،ئەقىللىق بولۇپ ئۆسكەنلىكتىن ئاتىسىدىن ناخشا ئوقۇش ۋە قوشاق توقۇشنى،دۇتار چېلىشنى

ئۆگىنىۋېلىپ،ئاز كۈن ئىچىدە يۇرت-مەھەللىدە داڭقى تارىلىشقا باشلايدۇ.مايىمخان ئۆزىگە كۆز تاشلاپ يۈرگەن نۇرغۇن كىشىلەر ئىچىدىن تەڭتۇشى ھېيت باقىنى تاللاپ،ئۇنىڭ بىلەن توي قىلماقچى بولىدۇ.بۇ خەۋەر يۇرت ئىچىگە تارقالغاندىن كېيىن يېزا باشلىقى ھامۇت تويىنى بۇزۇپ مايىمخاننى كىچىك خوتۇنلۇققا ئالماقچى بولىدۇ.لېكىن مايىمخاننىڭ .ئاتا-ئانىسى ئۆز قىزىنى ھېيت باقىغا بېرىشكە ماقۇل بولغانلىقتىن ھامۇتنىڭ قارا نىيتى بەرباد بولۇپ،ئاخىرى مايىمخان بىلەن ھېيت باقى خوشال ھالدا توي قىلىدۇ.توي ئۆتكەندىن كېيىنمۇ قارا نىيەت ھامۇت ئۆز پەيلىدىن قىلچە يانماي،غالچىسى سادىقنى كۈشكۈرتۈپ مايىمخان ئۈستىدىن پىتنە-ئىغۋالارنى توقۇيدۇ ھەمدە مانجۇ ئىسىبداتچىلىرىغا چېقىپ بارىدۇ.بۇ سۇيىقەستلەر نەتىجىسىدە مايىمخاننىڭ ئۆز مۇھەببىتى،ئىززەت-ھۆرمىتىنى قوغداش يولىدا ئېلىپ بارغان ھەققانىي كۈرىشىنى « ھۆكۈمەتكە قىلىنغان قارشىلىق دەپ تونۇغان »رەزىل مانجۇ ئىسىبدات ئەمەلدارلىرى مايىمخاننى تۇتۇپ زىندانغا سولايدۇ.«ئىسيانچى»لىقتا ئەيىپلىنىپ،تۆت ئەتراپى ئېگىز تاغلار بىلەن قورشۇلۇپ تىكەنلىك دەرەخ شاخلىرى بىلەن چىتلانغان قەۋەتمۇ-قەۋەت مۇھاسىرىدىكى بۇ زىندانلاردىن مايىمخان قىلچىمۇ قورقۇپ قالمايدۇ. كويزا-كىشەن، تىزلاق(پۇتىنى تىزىدىن پۈكۈپ،يانپاشقا چاپلاپ ئۈستىدىن سالىدىغان جازا قورالى)غا ئوخشاش جازا قوراللىرىمۇ ئۇنىڭ ھەق-ئادالەت يولىدىكى كۈرەش ئىرادىسىنى قىلچە بوشاشتۇرالمايدۇ ۋە ئۆلۈمگە قىلچە پىسەنت قىلمىغان ھالدا ھەق سۆزلەرنى قىلىدۇ. مايىمخاننىڭ بۇنداق ھەققانىي ئىرادىسىدىن چوڭقۇر تەسىرلەنگەن يۇرت خەلقى ئاتمىش يامبۇ يىغىش قىلىپ،مايىمخاننى قۇتقۇزۇۋېلىشقا ھەركەت قىلغان بولسىمۇ،بىراق يۇرت چوڭلىرى دەپ ئاتالغان ھېكىم بەگلەر ئۆزى قىلغان ئىش بولغاچقا ئانچە كۆچەپ كەتمەيدۇ.ئاتمىش يامبۇنى پارا ئالغان دارىنمۇ ھېچ نەرسە كۆرمىگەندەك بېشىنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ مايىمخاننى ئۆلتۈرۈشتىن ئىبارەت ياۋۇز نىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن

مايىمخاننى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىدۇ ۋە 1840-يىلى 28يېشىدا غۇلجىنىڭ بوينى كېسىك دېگەن جايىدا قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرىلىدۇ.

مايىمخاننىڭ ئەرك سۆيەرلىكى،زۇلۇمغا قارشى ئىسيانكارلىقى،ھەققانىيەت يولىدا ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان قەيسەرلىكىدىن چوڭقۇر تەسىرلەنگەن ۋە ئۇنىڭ ئۆلۈمگە ئېچىنغان داداملۇ خەلقى مايىمخان شەنىگە بېغىشلاپ مەرسىيە شەكلىدىكى قوشاقلارنى يازىدۇ.ئۇنىڭ قەھرىمانلىق ئىش-پائالىيەتلىرى قىزغىن مەدھىيەلەنگەن،ئۇنىڭ قەھرىمانلىق خاتىرىسى ئۇچۇن بىر يېرىم ئەسىردىن بۇيان خەلق ئاغزىدا تارقىلىپ،ناخشا قىلىپ ئېيتىلىۋاتقان :

زىندان تېمى ئېگىز تام
ئۇنىڭ ئىچى گۆرىستان.
ئەركىنلىككە بەل باغلاپ
شېھىت ئۆلگەن مايىمخان.

گۈلباغ سۈپەت قەشقەردەك
يېڭى سوققان شەھەر بارمۇ؟
مايىمخان شېھىت بولدى
ئاشا ئوخشاش ئەر بارمۇ؟

دېگەن گۈزەل مىسرالار مايىمخان ھەققىدە توقۇلغان قوشاقلار جۈملىسىدىندۇر ۋە شۇنداقلا بۇ مىسرالار خەلقنىڭ سۆيۈملۈك قىزى مايىمخان شەرىپىگە ھۆرمەت-ئېھتىرام بىلەن ئاسقان ئەبەدىيلىك شەرەپ مېدالىدۇر!

تۆۋەندىكىلەر مايىمخاننىڭ جەڭگىۋار قوشاقلىرىدىن:

مۇزاينى بېقىپ قويساق
ئۈچ يىلدا كالا بولدى.
هامۇت بەگ بىلەن سادىق
باشلارغا بالا بولدى.

هەر ئىككىمىز دېمەتلىك
تەڭلا كۆلگەن غۇنچىدەك.
ئايرىۋەتتى هامۇت بەگ
چىدىمىدى ساپ يۈرەك.

يۈگرەك ئات تولا يۈگرەپ
چۆمىدۇ قارا تەرگە.
تېتىيمەن هامۇت بەگكە
كىرمىسەم قارا يەرگە.

ئۆلۈمدىن ۋەھىمەم يوق
قورقۇنچۇم ئىمانىمدىن.
مېنى قەستلىگەن ئەبلەخ
چۆچىدى زۇۋانىمدىن.

مەن زىندانغا كىرگەندە

كېشى يوقتۇر قاشىمدا.

ئۆلۈم كەلدى بېشىمغا

يىگىرمە سەككىز ياشىمدا.

ئاتا بولغىنىڭ قېنى؟

ئانا بولغىنىڭ قېنى؟

ئۆلۈمگە ئېلىپ ماڭغاندا

سوراپ ئالغىنىڭ قېنى؟

(بۇ قوشاق يۇرت بېشى بولغان نائەھلى زالىملارغا قارىتىلغان)

ئاتىمىش يامبۇنى ئېلىپ

دارىن ئامبال تويامدۇ؟

مايىمخاننى ئۆلتۈرسە

خۇنى ئۇنى قويامدۇ؟

ئاستىدىكىسى شائىر ئابدۇرېھىم ياسىن قايىنامىنىڭ مايىمخان شەرىپىگە بېغىشلاپ يازغان«مايىمخان»ناملىق شېئىرىدۇر:

## مايىمخان

مايىمخان، مايىمخان،

يۈرىكىمنى تېشەر ئوق.

مەن يوللارغا قارايمەن،

نۇزۇكۇم يوق، مايىم يوق.

مەن يوللارغا قارايمەن،
يۈرىكىمنى تېشەر ئوق.
مايىمخان، مايىمخان،
ۋۇجۇدۇمنى تېشەر ئوق...

ئاسمان يىغلاپ، تاڭ يىغلاپ،
غېرىپ بولغان بىز دەيدۇ.
شامال ئەنسىز ھوۋلايدۇ،
ئۆچمەيدۇ بىر ئىز دەيدۇ.
مايىم كۈلۈپ:باشىسىزمۇ
پۈكۈلمىگەن تىز دەيدۇ...

تاغلار مەغرۇر قەلبىڭدۇر،
ئاتلار يىغلار ياراقسىز.
سەندە كەتكەن بىر ئوت بار،
مېنىڭ قەلبىم چىراقسىز.
مايىمخان،مايىمخان
كەپتىرىمگە بېرەي دان.
مايىمخان، مايىمخان،
جېنىڭغا مىڭ بېرەي جان.

•

تۈننىڭ چېچى قاپقارا،
ئاسمان ياغار تۈن ئۈچۈن.
بىز ياغمىز بەتلەرگە،
سۈلۈپ كەتكەن گۈل ئۈچۈن.
ۋەتىنىمىز شامالدۇر،
تىترەپ تۇرغان كۈل ئۈچۈن.

كەتتى روھنىڭ شاھلىرى،
گادايلاشقان دىل قالدى.
سەن ئالەمنى سورىما،
كېسىلگەن بىر تىل قالدى.
جان كۆكلىگەن جايلاردا،
بابۇر مىنگەن پىل قالدى.
كۆز يېشىمىز بەھرىدە،
دولقۇنلىغان نىل قالدى..
ھەسرىتى بىز ئۇرخۇننىڭ،
ئەقىدىمىز تاش بولغان.
سەن چۈشەندىڭ مايىمخان،
تەن بىر تامچە ياش بولغان.
ئېچىرقىغان بۆرە بىز،
يىلتىز بىزگە ئاش بولغان...

جەسىدىمىز كېيىمسىز،
هايا كەتتى جان كەتتى.
روھىڭ بىلەن مايىمخان،
ئانام ياققان نان كەتتى.
ئىزلەپ ئەرك ناخشىسى،
دەريا-دەريا قان كەتتى...

مەن باغرىمنى يارمىسام،
چېچەكلىمەس چايلىرىم.
قولۇم يەتمەس ئاسماندا،
يۇلتۇزلىرىم، ئايلىرىم...
ئاتالار هارغىن پۇشقۇرار،
تۇغۇلمىغان تايلىرىم...

مايىمخان، مايىمخان،
يالقۇن بىزنىڭ جېنىمىز.
مايىمخان، مايىمخان،
دولقۇن بىزنىڭ قېنىمىز...

## بۈبى مەسۇم ئەزەم

بۈبى مەسۇم ئەزەم 18-ئەسىرلەردە يەركەندە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بولۇپ،ئاتاقلىق شائىرە ئايالدۇر.

## ئاخۇن ئاغىچا

ئاخۇن ئاغىچا 1810-يىلى هازىرقى خوتەننىڭ باغچا يېزىسى ئاتچۇي كەنتىدە تۇغۇلغان.ئۇ خوتەندىكى هېبىبۇللا مۇپتى هاجى ئىسىملىك نامدار كىشىنىڭ (يەنە بەزى مەنبەلەردە شۇ دەۋىردىكى خوتەن هاكىمىيتىنىڭ هۆكۈمرانى دېيىلىدۇ) ئايالى،مەشهۇر خەلق داستانى «ئابدۇراخمان خوجا»دا مەدھىيەلەنگەن،ياقۇپ بەگ ئىستىلاچىلىرى تەرىپىدىن زۇلۇمغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەنلىكى ئۈچۈن قەتلى قىلىنغان ئابدۇراخمان خوجا(1833-1863)نىڭ ئانىسى.ئاشۇ خەلق داستانىدىكى كۆپلىگەن قوشاقلار ئاخۇن ئاغىچا تەرىپىدىن توقۇلغان.ئۇنىڭدىن باشقا ئاخۇن ئاغىچا كۆپلىگەن شېئىرلارنى يازغان.ئۇنىڭ قوشاقلىرىدا قەهرىمانلىق ۋە خەلقچىللىق مەدھىيەلەنگەن،چوڭقۇر ھەسرەت-نادامەتلىرى تولۇپ ئىپادىلەنگەن.بۇ ئەسەرلەر مەتبۇئاتلاردا ۋە رۇش شەرقشۇناسى دادلوف ئەسەرلىرىنىڭ 6-تومىدا ئېلان قىلىنغان.تۆۋەندىكىسى شۇ يىللاردىكى خوتەن دېهقانلار قوزغىلىڭىنىڭ باشلامچىسى ئابدۇراخمان خوجا ئۈچۈن ئۇنىڭ ئانىسى بولغان ئاخۇن ئاغىچا تەرىپىدىن ئېيتىلغان قوشاقلاردىن پارچە:

تاغۇ-تاشلار تەۋرەيدۇ

باغدا بۇلبۇل سايرايدۇ.

ئۆلمەي قالغان لەشكىرىڭ

خان غوجام دەپ يىغلايدۇ.

ئاتخانىغا كىرسەممەن

مىنگەن ئېتىڭ تۇرۇپتۇ.

بۈگۈن ئۈچ كۈن بولۇپتۇ،

ئوت بەرسەكمۇ يېمەپتۇ،

سۇ بەرسەكمۇ ئىچمەپتۇ.

ھايۋان جېنىدا بالام

ساڭا ماتەم تۇتۇپتۇ.

بۇلتۇر ئەتىياز ئېيىدا

بالدۇر كەلدى قارلىغاچ.

پىيالىمدا جەڭ قىلىپ

ئون كۈن ياتتىڭ يالىڭاچ.

پىيالىمنىڭ چۆلىدە

ئىچمەككە سۇ يوق ئىكەن.

تەنلىرىڭگە پاتقاندۇ

ئاچلىقتا قامغاق ـ تىكەن.

ئېگىز تېرەك يىقىلدى،

يۈلىۋالغىچە كەچ بولدى.

مارجان چېچىلدى

تېرىۋالغىچە كەچ بولدى.

جىنازاڭنىڭ ئالدىدا

ئالتۇن دەستار يۆگەكلىك.

يېتىم قالدى بىر بالاڭ

بۆشۈكىدە بۆلەكلىك.

تۇل قالغان ئايالىڭنى

سول قولۇمدا كۆتۈرەي.

يېتىم قالغان بالاڭنى

ئوڭ قولۇمدا كۆتۈرەي.

قولۇمغا هاسا ئېلىپ

دىۋانە بولۇپ كېتەي،

سەرگەردان بولۇپ كېتەي.

## سارىخان بانۇ

شائىرە سارىخان بانۇ 1835-يىلى خوتەندە تۇغۇلغان.ئۇ بالىلىق ۋە ياشلىق مەزگىللىرىدە گۇما،يەكەن قاتارلىق جايلاردا ياشاپ،يەكەندىكى خەلق هەركىتىگە

قاتنىشىپ،ئۆزىنىڭ جەڭگىۋار قوشاقلىرى ئارقىلىق خەلقنى ئويغاتقان ۋە قورقماس ئىرادىسىنى نامايان قىلغان.ئۇنىڭ چىن ھېسياتقا باي ئوتلۇق شېئىرلىرى خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالغان.بىر قىسىم شېئىرلىرى رۇسىيەلىك مەشھۇر شەرقشۇناس رادلوف ئەسەرلىرىنىڭ 6-تومىدا ئېلان قىلىنغان.

جەڭگىۋار خەلق قوشاقچىسى،شائىرە سارىخان بانۇ 1865-يىلى 30 يېشىدا يەكەندە ئالەمدىن ئۆتكەن.

## ھەمدە

ھەمدە تەخمىنەن 1800~يىللارنىڭ باشلىرىدا غۇلجىدا تۇغۇلغان.ئۇ مانجۇ ئىستىبداتلىرىغا قارشى ئازادلىق كۈرىشىنىڭ يولباشچىسى مەشھۇر باتۇر سادىر پالۋاننىڭ تۇنجى ئايالى ئايالى بولۇپ،ئۇ سادىر پالۋانغا ياتلىق بولغاندىن كېيىن، ئاللاقۇل، تۆرەمقۇل، دەۋرانقۇل ئىسىملىك ئۈچ ئوغۇل تۇغقان.سادىر پالۋاننىڭ قولىغا قول،پۇتىغا پۇت بولۇپ ئۆتكەن.سادىر پالۋان مانجۇلارغا قارشى قوزغىلاڭغا قاتناشقاندىن كېيىن،زالىم مانجۇ ھۆكۈمرانلىرى سادىردىن ئۈچ ئېلىش ئۈچۈن ھەمدەنى قىيناپ ئۆلتۈرىۋەتكەن.

سادىر پالۋان ھەمدەنىڭ ئېچىنىشلىق ئۆلۈمىدىن كېيىن،ئۆزى ئۈچۈن ساداقەتمەنلىك بىلەن ياشاپ ئۆتكەن ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن جان بەرگەن بۇ ۋاپادار،قەيسەر ئايالنى ھۆرمەت بىلەن ئەسلەپ ھەمدەگە بېغىشلاپ قوشاقلار توقۇغان.

ئاتىسىدىن يېتىم قالغان،

ئانىسىدىن يېتىم قالغان،

يېتىم قالغاندا مەن ئالغان

ھەمدە ئاتلىق ئامان بارمۇ؟

ئاق بوز ئاتقا يەم بەرگەن،

تورۇق ئاتقا چۆپ بەرگەن،

سادىر ئۈچۈن جان بەرگەن

ھەمدە ئاتلىق ئامان بارمۇ؟

## شەرۋانە

شەرۋانەم غۇلجىدا تۇغۇلغان بولۇپ،يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ھەمدەدىن كېيىن سادىر پالۋانغا ياتلىق بولغان.شەرۋانە سادىر پالۋان بىلەن توي قىلىپ ئىگەمقۇل، كىرەمقۇل، بولوس، پوماشخان، دانىخان قاتارلىق بەش بالىغا ئانا بولغان.شەرۋانەمۇ ھەمدەگە ئوخشاش ئېرى سادىر پالۋاننىڭ مانجۇ ھۆكۈمرانلىرىغا قارشى كۈرەشلىرى سەۋەبىدىن كۆپ رىيازەت چەككەن.سادىر پالۋاننى قولغا چۈشۈرەلمەي قالغان ئىپلاس مانجۇ ھۆكۈمرانلىرى شەرۋانىخان ئارقىلىق ئۆچ ئالماقچى ۋە سادىر پالۋانغا تەھدىد سالماقچى بولۇپ،شەرۋانەمنى قاماققا ئالغان ھەمدە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغان.شەرۋانىخان دۈشمەننىڭ جازالىرى،قىيىن-قىستاقلىرى ئالدىدا باش ئەگمىگەن.كېيىن سادىر پالۋان ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ چىققان.سادىر پالۋان شەرۋانەم ئۈچۈنمۇ ئۆمۈد-ئىشەنچ،ھۆرمەت ۋە مۇھەببەت يېلىنجاپ تۇرغان نۇرغۇن قوشاقلارنى توقىغان.

مەن قۇمۇلغا پالاندىم
شاۋانىخان توقاچ يېقىلىڭ.
مەندىن قالدى بەش بالا
تېنەتمەي ئوبدان بېقىلىڭ.

ئاق لەيلىنىڭ بېشىدا
سېرىق قۇشقاچ سايرايدۇ.
شەرۋانە جۇمە كۈنى
سۇمبۇلىنى تارايدۇ.

تونۇر بېشىغا كېلىپ
توغاچ يۈزلۈك ئاي كۆردۈم.
شەرۋانە بىلەن بىللە
بىر ئوبدان ئۆمۈر كۆردۈم.

## رېھىمخان ئاغىچا

رېھىمخان ئاغىچا 1800-يىللاردا قەشقەردە ئۆتكەن ئايال بولۇپ،ئەينى دەۋىردىكى قەشقەر ھۆكۈمرانلىرىدىن بىرى بولغان مىرزا ئوسمان بەگنىڭ ئانىسى.مەرىپەتپەرۋەر بۇ ئايال ئىلىم ئەھلىلىرىنى قەدىرلىگەن ۋە ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە تارىخىنى

قېزىشقا كۆڭۈل بۆلۈپ،قوللىغان.ئۇيغۇر تارىخ،ئەدەبىياتىغا زور تۆھپە قوشقان ئالىم،تارىخچى ۋە يازغۇچى موللا مۇھەممەد سادىق قەشقىرى(موللا مۇھەممەد سادىق ئەلەم ئاخۇنۇم 1721~1849) ئۆزىنىڭ « تەزكىرەئىي جاھان،تەزكىرەئىي خراجەكان ،تەزكىرە ئەزىزان» ناملىق قىممەتلىك مۇپەسسەل تارىخى ئەسىرىنى دەل رىھىمخان ئاغچىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە يېزىپ چىققان.

## مېھرىبانۇ ۋاڭ

مېھرىبانۇ 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا 1882-1869-يىللىرىغىچە قۇمۇلغا شاھ بولۇپ ئۆتكەن قۇمۇلنىڭ ئايال سۇلتانى.مېھرىبانۇ ئىلىدا تۇغۇلغان بولۇپ،كېيىن قۇمۇل ۋاڭى بېشىرغا ياتلىق بولغان. بېشىر ۋاڭ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى مۇھەممەت تۆڭچىنىڭ 6 - يىلى 7 - ئايدا چىڭۋاڭلىققا ۋارىسلىق قىلىدۇ . ئانىسى مېھرىبانۇ ئوردىنىڭ چوڭ ھوقۇقىنى ئۆز قولىدا تۇتىدۇ . ( مۇھەممەت ۋاڭ تۇغما پالەچ بولۇپ ، ئۆز - ئۆزىنى باشقۇرالمىغاچقا) خان 1889 - يىلى مېھرىبانۇغا چىڭۋاڭ فۇجىۈلۈق مەرتىۋىسىنى بېرىدۇ .

1873 - يىلى شەنشىدىكى خۇيزۇ قوزغىلاڭچىلارنىڭ باشلىقى بەي يەنخۇ قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىدىكى يۈسۈپ بىلەن مەخپىي ئالاقە باغلاپ ، شەھەر ئىچىنى ئىشغال قىلىدۇ . بەي يەنخۇ مېھرىبانۇنى 2000 دىن ئارتۇق دېھقان بىلەن بىللە چىقتىمغا ئېلىپ كېتىدۇ . 1877 - يىلى چىڭ ھۆكۈمىتى ئەسكەر چىقىرىپ بەي يەنخۇنى مەغلۇپ قىلىدۇ . 1878 - يىلى 1 - ئايدا چىڭ ھۆكۈمىتى دېھقانلار بىلەن مېھرىبانۇنى قۇمۇلغا قايتۇرۇپ كېلىدۇ . شۇنىڭدىن باشلاپ مېھرىبانۇ قۇمۇلنى ئۇرۇشتىن بۇرۇنقى ھالىتىگە

كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرستىدۇ . ئاق قالغان يەرلەرنى خەلقكە بۆلۈپ بېرىدۇ . ئالۋان ـ سېلىقنى ئېلىپ تاشلايدۇ . سۇ ئىنشائات ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلىدۇ . ئوردىدا گادايلار ئامبىرى سالدۇرىدۇ . كۈندە نەچچە مىڭ نان ياقتۇرۇپ نامراتلارغا تارقىتىپ بېرىدۇ . مۇشۇ تەرتىپ بىلەن بىرقانچە يىللار ئۆتكەندىن كېيىن خەلقنىڭ هالى ياخشىلىنىدۇ . ئۇيىاق ـ بۇياققا قىچىپ ، سەرسان بولۇپ يۈرگەنلەر قايتىپ كېلىدۇ .شۇنىڭ بىلەن قۇمۇلدا بىرمەهەل گۈللىنىش كەيپىياتى بارلىققا كېلىدۇ.

مېهرىبانۇ ۋاڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن سۈپۈرگە ۋە بەي يەنخۇغا سېتىلغان يۈسۈپلەرنى تۇتۇپ كېلىپ ئۆلۈم جازاسىغا هۆكۈم قىلىپ قىساس ئالىدۇ .

1882 ـ يىلى مۇهەممەت ۋاڭ ۋاپات بولىدۇ . مېهرىبانۇ ۋاڭ ياشىنىپ قالىدۇ . 1882 ـ يىلى 7 ـ ئايدا چىڭ هۆكۈمىتى شامەخسۇتنىڭ جاساق خوشۇت چىڭۋاڭلىق مەرتىۋىسىدە ۋارىسلىق قىلىشنى تەستىقلايدۇ . مېهرىبانۇ شۇنىڭدىن باشلاپ ۋاڭلىق هوقۇقىنى كۈيئوغلىشامەخسۇتقا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ .

## مۇترىبە

مۇترىبە 18ـئەسىردە قەشقەردە تۇغۇلغان شائىرە بولۇپ،كېيىن ئۆزبېكىستاننىڭ پەرغانە دېگەن جايىغا كۆچۈپ بېرىپ،كېيىنكى هاياتىنى شۇ يەردە ياشاپ ئۆتكەن . ك بىرۇۋكوۋ «تىل ـ ئەدەبىيات ۋە تارىخ مەسىلىلەر (1948ـيىلى ئالمۇتا )ناملىق كىتابىدا بۇ شائىرە هەققىدە ئۇچۇر بەرگەن.

# گۈلەمخان

گۈلەمخان 1820~1825يىللار ئەتراپىدا ئىلى دەرياسى بويىدىكى ئويمان بۇلاق دېگەن مەھەللىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن.گۈلەمخان شۇ مەھەللىدىكى دىلەمخان ئاتلىق تۇل ئايالنىڭ چوڭ قىزى بولۇپ،ئۇ ئۆزىنىڭ گۈزەللىكى،چېچەنلىكى،ناخشىچى،قوشاقچىلىقى بىلەن ئەلگە تونۇلىدۇ.گۈلەمخان 15 ياشلارغا كىرگەندە شۇ مەھەللىدىكى يېتىم يىگىت ئەختەم بىلەن ۋەدىلىشىپ توي قىلىشقا پۈتۈشىدۇ.ئەمما شۇ يۇرتنىڭ يۈز بېگى بولغان قېرى،چولاق شائىيۇ بىرنەچچە خوتۇنى بولىشىغا قارىماي 15ياشلىق گۈزەل قىز گۈلەمخاننى كىچىك خوتۇنلۇققا ئالماقچى بولۇپ،تۈرلۈك-تۈمەن سۇيقەستلەر ،ھىيلە-مىكىرلەرنى ئىشلىتىپ،دىلەمخان ئائىلىسىگە خەيرىخاھلىق قىلغان بولىۋېلىپ تۇرمۇشنىڭ قاتتىق قىيىنچىلىقىدا قالغان بۇ ئائىلىنى قەرزگە بوغۇپ تاشلايدۇ ۋە ئاخىرى رەزىل نىيىتىنى ئاشكارىلاپ قەرز ھېسابىغا گۈلەمخاننى بېرىكە مەجبۇرلايدۇ.ئۇ گۈلەمخاننى قارشىلىقىغا قارىماستىن مەجبۇرىي ئۆيىگە ئېلىپ كېتىپ توي قىلماقچى بولغاندا، ئەختەم دوست-بۇرادەرلىرى بىلەن بىللە بېرىپ گۈلەمخاننى ئېلىپ قاچقان بولسىمۇ،يەنىلا ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدۇ.گۈلەمخان ئەختەم بىلەن بىللە ئۇلار بىلەن ئېلىشىپ،ئاخىرى ئۇلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئېگىز ياردىن دەرياغا سەكرەپ ھايات بىلەن ۋىدالىشىدۇ.

## زۇمرەت

زۇمرەت 19 ـ ئەسىرلەر ئەتراپىدا خوتەندە تۇغۇلغان،خوتەندە ياشاپ ئۆتكەن شائىرە.زۇمرەتنىڭ خېلى كۆپ شېئىرلىرى «باياز»غا كىرگۈزىلگەن.

## توختىخان بۇۋى

توختىخان بۇۋى 1860 ~1900 ـ يىللاردا ئاتۇشتا ئۆتكەن مەرىپەتپەرۋەر تىجارەتچى ئۆمەر شاھيۇ ئىسمىلىك كىشىنىڭ ئايالى بولۇپ،ئۈچ پەرزەنتى بولغان. ئۆمەر شاھيۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى ئەللەردە تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغاچقا بالىلارنى تەربىيەلەش ۋەزىپىسى ئۇنىڭ ئايالى بولغان توختىخان بۇۋىنىڭ ئۈستىگە قالغان.توختىخان بۇۋى ئۇقۇمۇشلۇق،تەقۋادار ئايال بولۇپ،ئۆز ئۆيىدە مەكتەپ ئېچىپ،يۇرت ـ مەھەللىدىكى ساۋاتسىز بالىلارنى ئوقۇتقان.ئۇنىڭ ئوغلى شائىر ۋە مەسخىرىچى دىنىي ئالىم ئەمەت دوموللا (1878 ـ يىلى تۇغۇلغان.سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مەدرىسەسى،قەشقەر خانلىق مەدرىسەسى قاتارلىق مەدرىسلەردە 20 يىل،كېيىن بۇخارادىكى مەدرىسلەردە 10يىل ئوقىغان مەشھۇر ئالىم ) كىچىكىدىن ئۇقۇمۇشلۇق ئانىسى توختىخان بۇۋىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيەلىشىدە بولغان ۋە ئانىسى ئاچقان مەكتەپتە ئوقۇغان.ئۇنىڭ بۇنداق بىلىملىك،كاتتا ئالىم بولۇپ چىقىشىغا سالىھەتەقۋادار توختىخان بۇۋىنى زور تەسىر كۆرسەتكەن.

## ھەمرا بۇۋى

ھەمرا بۇۋى 19-ئەسىردە قەشقەردە تۇغۇلغان ۋە قەشقەردە ياشاپ ئۆتكەن شائىرە ئايال.ھەمرا بۇۋىنىڭ بىر قىسىم غەزەللىرى 1980-يىلى ژورناللاردا تونۇشتۇرۇلغان.

## رابىيە

رابىيە قەشقەر پەيزىۋات قا قاراشلىق يامانيار (تەلۋىچۈك) دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىغا جايلاشقان «كوكچى» يېزىسىدا تۇغۇلغان.گۈزەل ھۆسنى-جامالى،ئېسىل ئەخلاق-پەزىلىتى بىلەن تونۇلغان رابىيە ئۆز مەھەللىسىدىكى ئاق كۆڭۈل ،ئىشچان ،ساداقەتمەن يىگىت سەئىددىن بىلەن كۆڭۈل بېرىشىدۇ.ھالبۇكى سەئىددىن تولىمۇ نامرات بىر دېھقان بالىسى بولغىنى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ نىكاھلىنىش ئارزۇسى توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ.دادىسى ئۇنى مەجبۇرىي ھالدا پۇلدار بىرىگە نىكاھلاپ بەرمەكچى بولىدۇ.سەئىددىن ئاخىرى ئايرىلىش ئازابىغا چىدىماي ئۆلۈپ كېتىدۇ.دادىسىنىڭ زۇلۇم قىلىشىغا،ھەقسىزلىكلەرگە چىدىمىغان ۋە ئۆز مۇھەببىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغان پۇلدارغا خوتۇن بولۇشنى ئار-نومۇس بىلگەن رابىيە قەھرىتان قىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە تەلۋىچۈك دەرياسىغا ئۆزىنى تاشلاپ ھايات بىلەن ۋىدالىشىدۇ.كېيىن يېزا ئاھالىلىرى رابىيەنىڭ جەستىنى تېپىپ ھاياتلىقىدا مۇراد-مەقسەتلىرىگە يېتەلمىگەن بۇ

ئاشىق-مەشۇقلار ئۇچۇن رابىيەنى سەئىدىدىن ياتقان قەبرىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىندۇ.رابىيە-سەئىدىدىننىڭ بۇ مازىرى «قوشماق مازار»دەپمۇ ئاتىلىدۇ.بۇ مازار ياسىلىپ بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئىككىسىنىڭ قەبرىسى ئوتتۇرىسىدىن ئىككى تۈپ يۇلغۇن ئۈنۈپ چىققان بولۇپ،ئىككىنچى يىلى بۇ يۇلغۇنلارنىڭ بىرى قىزىل،بىرى ئاق چېچەكلەيدۇ.باراقسان ئۆسكەن بۇ ئىككى تۈپ يۇلغۇننىڭ شاخ-شۇمبۇلىرى بىر-بىرى بىلەن گىرەلىشىپ ئۆسكەن بولغاچقا، ئاق،قىزىل چېچەكلەر گويا بىر تۈپ يۇلغۇندا ئېچىلغان ئىككى خىل چېچەكتەك كۆرىنىدۇ.شۇڭا كىشىلەر بۇ مازارنى «چاتاق مازار» دەپمۇ ئاتىغان.ھازىر بۇ مازار جايلاشقان مەھەللە «چاتاق مازار مەھەللىسى» دەپ ئاتىلىدۇ.ھەريىلى يۇلغۇن چېچەكلىگەندە يىراق-يېقىندىكى كىشىلەر بۇ مازارغا ئالاھىدە كېلىپ،قىزىل چېچەكنى رابىيەنىڭ،ئاق چېچەكنى سەئىدىدىننىڭ سىمۋولى قىلىپ زىيارەت قىلىشىدۇ ۋە مەرسىيە قوشاقلىرىنى ئوقۇشىدۇ.

ئاتاقلىق كىلاسسىك شائىر ئابدۇرېھىم نازارىنىڭ مەشھۇر «مۇھەببەت داستانلىرى»دىن بىرى بولغان گۆزەل،نەپىس مىسرالار بىلەن پۈتكەن «رابىيە-سەئىدىدىن »داستانىمۇشائىرنىڭ ئەينى يىللاردا بۇ قايغۇلۇق پاجىئە ئۈچۈن ھەسرىتىنى باسالماي يازغان رابىيە-سەئىدىدىن ھەققىدىكى يازما خاتىرىسىدىن كېيىن يېزىپ چىققان داستان بولۇپ،رابىيە-سەئىدىدىننى پىروتىپ قىلغان. بۇ داستان ھاياتتا ئۆز ۋىسالىغا يېتەلمەي ئارمان بىلەن كۆز يۇمغان بىر جۈپ ۋاپادار ئاشىق-مەشۇق ئۈچۈن يېزىلغان بىر گۆزەل شېئىرىي خاتىرەدۇر.

## شاھنىساخان

19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يەكەن ئالتۇنلۇقۇم مازىرىنىڭ يېنىدىكى ئېكىكى ئېغىزلىق ۋەخپە ئۆيدە شاھ نىساخان ئاتلىق بىر تۇل ئايال ئۆتكەن. خۇش پېئىل، سۇمباتلىق كەلگەن بۇ ئايال كېچىسى ئالتۇنلۇقۇم مازىرىدا (سۇلتان ئابدۇرەشىدخان مازىرىدا) تۈنەپ پەرياد چېكىپ، يىرىم كېچىگىچە مازارنى سۈپۈرەتتى. تۈن يىرىمىدا بولسا ساتار بىلەن مۇقام ئېيتىپ تاڭ ئاتقۇزاتتى. كۈندۈزنى بولسا ئۆز ئۆيىدە ئۆتكۈزەتتى. بۇ ئايالنىڭ تۇرمۇشىدىن بىر قىسىم ئالىم ـ ئۆلىما ۋە يۇرت پېشقەدەملىرى خەۋەر ئېلىپ، يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك يەتكۈزۈپ بېرەتتى. بۇ ئايالنىڭ كېچىسى مازارغا كىرىشكە بەزى دىنىي مۇتەئەسسىپلەر ئۆچمەنلىك قىلىپ، ئۇنى چەكلىگەن، ھەتتا ماتەمي دارغا ئېسىلغان يىلى شەھەرنىڭ قازىسى 60 ياشلارغا كىرىپ قالغان بۇ ئايالنى «شەرىئەتكە خىلاپلىق قىلىپ مازارنى ئاياغ ئاستى قىلغان» دېگەن بەتنام بىلەن يەتتە دەررە ئۇرۇپ جازاغا تارتقان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئايال مۇقامغا بولغان چوڭقۇر ئىشتىياقى بىلەن ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماي، ئالتۇنلۇقۇم ئىچىدە كېچىسى مۇقام ئېيتىشنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرغان. كېيىنكى ۋاقىتتا كىشىلەر بۇ ئايالغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولغان، ھۆرمەت قىلىدىغانلار كۆپەيگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، يەكەندىكى ھەرقايسى تەبىقىدىكىلەرنىڭ ئاياللىرى شاھ نىساخانغا باشقا جايدىن ئالاھىدە ئۆي تەييارلاپ بەرگەن، لېكىن شاھ نىساخان ئۇ ئۆيگە كۆچمىگەن، كېيىنرەك يەكەن ئاياللىرىنىڭ تەلىپى بويىچە، ئەلنەغمە سورۇنلىرىغا قاتنىشىپ مۇقام ئېيتىپ، نەغمە قىلىپ ئۆزىنىڭ مۇقام ئوقۇش ماھارىتىنى ئاشكارىلىغان . شاھ نىساخاننىڭ ئېسىل ئەخلاقى، سەمىمي مۇئامىلىسى، ساتارنى تەڭكەش قىلىپ مۇقام ئېيتىشتىكى ئاجايىپ ماھارىتى ھەممىنى قايىل قىلغاچقا، ئىخلاسمەنلىرى كۆپىيىپ، ئۇنى ئىلاھلاشتۇرۇپ، ئۇ «پەيغەمبەر

ئەۋلادى»، «پادىشاھ ئەۋلادى» دېگەن دېگەندەك تەرىپلەرمۇ ئوتتۇرىغا چىققان. ئەسلىدە شاھ نىساخان ئىقتىدارىنى ئاشكارىلىمىغان مەشھۇر مۇقامچى ئايال بولۇپ، پۈتۈن ئۆمرى تەنھالىقتا ئۆتكەن، مۇقام ئىشقىدا يىنىپ كۆيگەن، يەكەن قالىغاچ دەرۋازىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئابدۇۋاقى ئەلەمنىڭ ئايالى مەستۈرەخان بۇۋىمىنىڭ ئانىسى شەرىخان بۇۋىمدىن ئاڭلىغان ئەسلىمىسىگە ئاساسلانغاندا، شاھ نىساخان بىر جۈمە كۈنى ئەتىگەندە بويىنى سۇغا سىلىپ، ئىگەك، پۈتىنى ئۆزى چېتىپ، يالغۇز ئۆيىدە ئۆلۈپ قالغانلىقى مەلۇم. ئۇنىڭ ئۆيىدىن نۇرغۇن كىتاب، خوتەن قەغىزىگە پۈتۈلگەن ۋەسىقە ـ خەتلەر چىققان، بىر خېتىدە: «كىتابلار مەسچىتكە ۋەخپە قىلىندى، مۈلكۈممۇ شۇنداق» دېيىلگەن. شۇ قاتاردا ئۇنىڭ ئۆمۈرلۈك مۈلكى بولغان ساتارىمۇ سەسچىتكە بېرىلگەن. شاھ نىساخان بارات ئېيى، ھوشۇر ئېيى، مەۋلۇد ئېيىدىكى تۈنەكلەردە تاك ئاتقۇچە قايناق ھېسسىيات بىلەن مۇقام ئېيتىپ، زىكرى ـ تىلاۋەت قىلىپ، مۇقام ساداسىنى ياڭرىتىپ ئۆتكەن. ئۇنىڭ مۇقامغا بولغان چوڭقۇر ھۆرمىتى، ئىشتىياقى ۋە بىر ئۆمۈر مۇقامچىلىق بىلەن تەنھا ئۆتكەن دىلكەش ھاياتى كىشىلەردە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرغان.

## زورىخان

داڭلىق ئەمچى زورىخان 1780 ـ يىلى قەشقەر كونىشەھەر بەشكېرەم بەگلىكىنىڭ چۈمبۈس كەنتىدە ئىمىن ئاخۇن ئىسىملىك بىر تىجارەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. زورىخان بالاغەتكە يەتكەندە ئانىسى پاتەمخان ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ قالىدۇ. ئىمىن ئاخۇن ھاللىق ئادەم بولغاچقا، ئايالىنى داڭلىق تېۋىپلارغا كۆرسىتىپ كۆپ

داۋالىتىدۇ. بۇ خىل داۋالاش ئون نەچچە يىل داۋاملىشىدۇ. زورىخان ئانىسىنىڭ يېنىدا ئۇزاق يىل بىرگە تۇرۇپ، تېۋىپلارنىڭ ئانىسىنى داۋالاش ئىشلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ زېھنىگە ئېلىۋالىدۇ. كېيىنچە ئۇ ئانىسىغا ئۆزى شىپا قىلىدۇ. ئاخىر پاتەمخان سوزۇلما خارەكتېرلىك كېسەلدىن ساقىيىدۇ. بۇ ئىش يۇرت ئىچىدە زورىخاننى كېسەل داۋالىيالايدىكەن دېگەن ئاتاققا ئىگە قىلىدۇ ھەم ھەرخىل كېسەل ئاياللار ئۇنى ئىزدەپ كېلىدۇ. كېسەللەرنىڭ ھال-ئەھۋالىنى كۆرۈپ ئىچى ئاغرىغان زورىخان چامىنىڭ يېتىشىچە ھەرخىل ئاماللارنى قىلىپ بىمارلارنىڭ كېسىلىنى داۋالاشقا تۇتۇنۇپ كېتىدۇ. بەزى كېسەللەر زورىخاننىڭ داۋالىشى سەۋەبلىك ساقىيىپ قالىدۇ.

زورىخان ئاياللارنىڭ پەسلىگە قاراپ مۇۋاپىق كىيىنىشى كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان بىر تەرەپ دەپ قارىغان. ئۇ ، كېسەل ئاياللارنىڭ قىش، كەچكۈز،باش ئەتىياز ۋە جۇدۇن بولغان كۈنلەردە ئىسسىق كىيىنىشىنى ، بولۇپمۇ، پۇت، بەل ۋە باشنى ئىسسىق ساقلاشنى ئالاھىدە تاپىلىغان. ھەرقانداق كۈندە كەچتە سىرتقا چىققاندا باشقا بىر نەرسە كىيىش، چاپانغا چۈمكىنىپ چىقىش لازىم دەپ قارىغان. دېمەك، ئاياللارنىڭ كۆپ كېسەللىكلىرىنى تاسادىپىي تەگكەن سوغۇق شامالدىن بولىدۇ، دەپ قاراپ، بۇنداق بىمارلارنى تەرلىتىش، ئىسسىق ئۆتكۈزۈش ۋە ئۇۋۇلاپ بېرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق داۋالىغان.

زورىخان يەنە ئاياللار ئاجىز، قورقۇنچاق، ئېھتىياتچان كېلىدۇ، ئۇلار كەچلىرى سىرتقا چىقسا ئاسانلا سۈر بېسىپ، قورقۇنچ ھېس قىلىدۇ. بۇ روھىي كەيپىياتقا تەسىر قىلىپ، يۈرەك كېسەللىكى، نېرۋا كېسەللىكى ۋە بىئارام بولۇش، تۇتقاقلىق كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار قىلىدۇ. بەزىدە قوساقتىكى ھامىلىنى چۈشۈرگۈزۈۋېتىدۇ دەپ قارىغان. مۇبادا مۇنداق كېسەللەر ئۇچرىسا ئۇلارنى تىنچلاندۇرۇش، كۆڭلىگە تەسەللىي بېرىش، ئارام تاپقۇزۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق داۋالاشنى يولغا قويغان.

زورىخاننىڭ كېسەل داۋالاشتىكى يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى، كۆپ كېسەللەرنى

دورا يېگۈزمەي پەرھىز ئۇسۇلى ئارقىلىق داۋالىغان.

زورىخان تېۋىپلىق بىلەن 50 يىل شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ نامى يىراق-يىراقلارغا تارقالغان. زورىخان 1850-يىللىرى ۋاپات بولغان.

## خۇشنارە خېنىم

مۇھەممەد سەئىد ۋاڭنىڭ ئايالى، ئەفرىدۇن ۋاڭنىڭ ئانىسى خۇشنارە خېنىم تەدبىرلىك ۋە پاراسەتلىك ئايال بولۇپ، ئەفرىدۇن ۋاڭ 1872-يىلى ياقۇپبەگ تەرىپىدىن قەتلى قىلىنغاندىن كېيىنكى ئۇرۇش قالايماقانچىلىقى بولىۋاتقان يىللاردا لۈكچۈن ۋاڭلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولىدۇ.بۇ يىللاردا تۇرپان،ئىلى،قەشقەر قاتارلىق جايلاردا ئىمىن ۋاڭ جەمەتىدىن ئەرلەر قالمىغان ئىدى.پەقەت ئىلى خانلىقى تەرىپىدە ھوقوقى تارتىۋېلىنغان ۋاڭ جەمەتىدىن مەزەمزاتلا قالغان بولۇپ،ئۇ تېخى يېڭى تۇغۇلغان بوۋاق ئىدى.شۇڭا ئۇنى ۋاڭلىققا ۋەلىئەھدى قىلىشقا مۇمكىن بولماي قالىدۇ،باشقىلارنى ۋاڭ قىلىشقا بولسا يول قويۇلمايدۇ.بۇ چاغدا ئەفرىدۇن ۋاڭنىڭ ئانىسى خۇشنارە خېنىم ئۈرۈمچى خان ئامبىلى ليۇجىنتاڭغا «ئوغلۇم ئەفرىدۇن ۋاڭنىڭ ھايات ۋاقتىدا باشقىلارغا سۆزلەپ بېرىشىچە 1864-يىلى كۈزدە قەشقەردىن يەكەنگە بارغان مەزگىلدە يەكەن بەگلىرىنىڭ دالالىتى بىلەن بىر قىزنى ئەمرىگە ئالغانلىقى مەلۇم.خۇدايىم بۇيرۇپ بىرەر ئوغۇل پەرزەنتلىك بولۇپ قالغان بولسا ئەجەپ ئەمەس.مەن بېرىپ سۈرۈشتە قىلىمەن،ئۇنىڭغىچە خانلىقنىڭ ۋاڭ جەمەتىدىن ھەقىقىي ۋارىس چىقمىغۇچە باشقا كىشىنى ۋارىس قىلماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن » دەپ ئىلتىماس قىلىدۇ.ئاندىن يەكەنگە

بىرىپ سۇرۇشتۇرۇش ئارقىلىق ئەفرىدۇن ۋاڭنىڭ يەكەنلىك خوتۇنىدىن بىر ئوغۇل پەرزەنتى بارلىقىنى ئېنىقلايدۇ.خۇشنارە خېنىم نەۋرىسى مامۇتنى تاپقاندىن كېيىن لۈكچۈنگە قايتىپ كېلىدۇ ۋە ئۇنى ۋاڭلىق تەخت ۋارىسى قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس ئۆلىما بەلگىلەپ ۋاڭلىق ئوردىسىدا ئالاھىدە تەربىيەلەيدۇ.خۇشنارە خېنىم زور تىرىشچانلىق بىلەن بۇ ئىشلارغا كۈچ چىقىرىش نەتىجىسىدە مامۇت لۈكچۈن ۋاڭلىق تەختىگە چىقىدۇ،ئۇنىڭ ئىسمى سۇلتان مامۇت دەپ ئاتىلىدۇ.

## ئەلەنۇرخان

ئەلەنۇرخان 1800-يىللارنىڭ ئاخىرىدا تۇرپاندىكى لۈكچۈن خانلىقى دەۋرىدە ياشاپ ئۆتكەن بولۇپ، پىچاننىڭ مۇرەن دېگەن مەھەللىسىدىكى بىر تۆمۈرچىنىڭ قىزى.1899-يىلى لۈكچۈن ۋاڭى سۇلتان مامۇت ۋاڭنىڭ ئەلەنۇرخانغا كۆزى چۈشۈپ ،ئۇنى كىچىك خوتۇنلۇققا ئالماقچى بولىدۇ. ئەيشى-ئىشرەت، كەيپى-ساپاغا بېرىلگەن، 30ياشقا كىرگۈچە تۆت خوتۇن ئالغان ،باشقىلارنىڭ خوتۇن-قىزلىرىنى خالىغانچە ئاياغ-ئاستى قىلىدىغان سۇلتان مامۇت ۋاڭ زالىملىقتا تولىمۇ چېكىدىن ئاشقانلىقى ئۈچۈن ھەمدە جېلىل ئىسىملىك بىر يىگىت بىلەن توي قىلىشقا پۈتۈشكەنلىكى ئۈچۈن ئەلەنۇرخان سۇلتان مامۇت ۋاڭغا تېگىشنى قەتئىي رەت قىلىدۇ.سۇلتان مامۇت ۋاڭنىڭ ئادەملىرى بولسا ئەلەنۇرخاننى تويغا قوشۇلمىغىنىغا قارىماستىن زورلاپ لۈكچۈنگە ئېلىپ ماڭماقچى بولىدۇ.مېڭىش ۋاقتىدا ۋاڭنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇشقا كۆزى يەتمىگەن ئەلەنۇرخان بىر دانە ئۇستۇرىنى يوشۇرۇن يېنىغا ساقلىۋالىدۇ.سۇلتان مامۇت ھەشەمەتلىك توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈپ ،ئەلەنۇرخاننى كىچىك خوتۇنلۇققا ئالىدۇ.ئەمما توي تۈگەپ ھوجرىغا

كىرگەندە ئەلەنۇرخان تەييارلاپ قويغان ئۇستۇرىنى سۇلتان ماموت ۋاڭغا ئۇرۇپ،ئۇنى ئېغىر يارىلاندۇرۇپ،ئۆزىنى ئېگىز ئوردىنىڭ پەنجىرىسىدىن تاشلاپ ئۆلىۋالىدۇ....

ئەل ئارىسىدا ئەلەنۇرخاننىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن قاتتىق ھەسرەت چەككەن يىگىتى جىلىلىنىڭ «ئەلەنۇرخان»ناخشىسىنى ئېيتىپ سەرسان ھالەتتە ئۆتكەنلىكى ھېكايە قىلىنىدۇ.مانا بۇ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان گۈزەل مېلودىيىلىك،مۇڭلۇق خەلق ناخشىسى «ئەلەنۇرخان» دەل شۇ باتۇر،ۋاپادار قىز ئەلەنۇرخان شەرىپى ئۈچۈندۇر:

كېتەي دەيمەن،ۋاي كېتەي دەيمەن

ئاتام بىلەن ئانام قالسۇن.

ئەزىز باشىمنى ياد ئەيلەپ

مازارىمدا تاۋاپ ئەتسۇن.

ئاتالاردىن ئايرىلدۇق،

ئانالاردىن ئايرىلدۇق.

شاپتۇللار چېچەكىدەك

ئەلەنۇرخاندىن ئايرىلدۇق.

ئاتاڭ ئايمۇ،ئاناڭ كۈنمۇ

تۇغۇپتۇ سەن قىزىل گۈلنى.

سېنىڭ كويىڭغا سېلىپتۇ

مېنىڭدەك بىر مۇساپىرنى،

مېنىڭدەك بىر غېرىپ قۇلنى...

ئاستىدىكى ئەلەنۇرخان شەرىپىگە يېزىلغان يەنە بىر شېئىر:

ئاپتورى:پەرىدە ياقۇپ (بەرچىنئاي)

ئەلانۇرخان

قەدىمى ناخشىلارنىڭ ئىچىدىن چىقىپ
لاۋۇلدايدۇ نۇردەك ،يۇلتۇزدەك
ئەلانۇرخان،جان ئەلانۇرخان

ساڭا ئېيتار سۆزۈم جىق مېنىڭ
يۈرۈكۈمدە لىققىدا يارا
ئەگەر مېنى كۆرمەكچى بولساڭ
شىلدىرلىغان گۈللەرگە قارا

مېنى خورلىماقچى بولغانلارنىڭ مۇنارىدىن
ئاتالمىدىم ئۆزۈمنى ھەرگىز
ئەلانۇرخان،جان ئەلانۇرخان
ئەسلى مەنمۇ سەندەكلا بىر قىز..

ھىچكىم ھىچكىمگە بەرمەس ھېچنىمە
كۈڭۈلسىزلىك ئازاردىن باشقا
مەن ياشىدىم شۇنداق ئەپسانە
ئۇرالمىغاچ قەلبىمنى تاشقا

يامغۇر يامغۇر يىغلاپ كېلىمەن
بىر ناخشىنى توۋلاپ كېلىمەن
ئەلانۇرخان جان ئەلانۇرخان
ئىككىمىزنىڭ چوڭقۇر دەردىنى
ھېچكىم بىلمەس،ئۆزۈم بىلىمەن.

كەلگىن كەلگىن مېنىڭ يېنىمغا
سۆيۈپ قويغىن پېشانەمگە ھەم
نېمىدىگەن قاتتىق ،پەرىشان
بۇ جاھاندىن تويۇش دىگەن تەم!

ئاللا،ۋاي ئەلانۇرخان
سېنىڭ شەھرىڭگە مەن كەلدىم!

## بۇۋى مەريەم خان

بۇۋى مەريەمخان 1900 ـ يىللاردا خوتەندە تۇغۇلغان ئىلىملىك ئايال بولۇپ،ئەينى دەۋردە خوتەندە ش.ت.ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە ئەمىرى بولغان مەشھۇر مۇھەممەت ئىمىن بۇغرانىڭ سىڭلىسى.(ئابدۇل ئەھەت مەخسۇمنىڭ ئانىسى)

بۇۋى مەريەمخاننىڭ ئانىسى سەكىنە بانۇ خوتەن شەھەر ئىچى خەلپىلىك هويلا دىگەن مەھەللىدە مەرىپەتپەرۋەر هاللىق ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن ، بالاغەتكە يەتكەندىن كىيىن لوپ ناھىيە يۇرۇڭقاشتىكى ئىگىز ئىرىق قازانچى مەھەللىسىدىكى پراۋۇدۇن ئاخۇن خەلپىتىم بىلەن نىكاھلىنىپ ئۆيلۈك ـئۇچاقلىق بولغان . بۇلار بەش پەرزەنت (تۆت ئوغۇل ، بىر قىز ) كۆرگەن ، پەرزەنتلىرىنىڭ ئەڭ چوڭى مۇھەممەتئىمىن ئاخۇن ، ئىككىنچىسى بۇۋى مەريەم خان (ئابدۇلئەھەتمەخسۇمنىڭ ئانىسى ) ، ئۇچىنچىسى مۇھەممەت شىرىپ ئاخۇن (كەسپىي تىۋىپ ) ، تۆتىنچىسى ئابدۇللا ئاخۇن (شاھ مەنسۇر )، ئەڭ كىچىكى نۇرەخمەت ئاخۇن (ئىمىر ساھىپ )لارئىدى . بۇۋى مەريەمخان ئاكىسى مۇھەممەت ئىمىن ئاخۇن بىلەن بىللە خوتەن قارىقاشتىكى ئويباغ مەدرىسىدەبىلىم ئالغان.

ئەينى دەۋىرلەردە قارىقاشتىكى بۇ ئويباغ مەدرىسەسى قوش مەدرىسە بولۇپ، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە دەرۋازىلىرى بىر-بىرىگە ئۇدۇل قاراپ تۇرىدىغان ھەيۋەتلىك مەدرىسلەر ئىدى.مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسى ئەللامە ھەزرەت نىسارى مەسئۇتخان داموللا ھەزرەت ئەينى زامانلاردا بۇخارادىكى ئالى بىلىم يۇرتىدا ئوقۇپ،ئالى سەنەد(دىپلوم)بىلەن ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كىيىن دەرس ئۆتۈشكە باشلىغان. ئۇزامانلاردا (1910-يىللاردا )ئويباغ مەدرىسسى ئىلىم ـمەرىپەتنىڭ ئوچىقىغا ئايلىنىپ خوتەن ۋىلايىتىدىلائەمەس ، شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىدىن تۇركۇم-تۇركۇملەپ تالىپلار كىلىپ بەس-بەستە ئىلىم تەھسىل قىلىشقا باشلىغان . داموللا ھەزرەت كۆزىنىڭ ئەمالىقىغا قارىماي ، پۈتۈن ھاياتىنى دەرىس ئۆتۈشكە بېغىشلاپ ، سانسىزلىغان ئالىم-ئۆلىمالارنى تەربىيلەپ يىتىشتۈرۈپ ، پۈتكۈل يۇرتقا ئىلىم نۇرىنى چاچقان .مەرىپەتلىك،دىندار بىر ئائىلىدە تۇغۇلغان بۇۋى مەريەمخان ئاكىسى مۇھەممەتئىمىن بۇغرا بىلەن بىرلىكتە مانا مۇشۇ ئويباغ مەدرىسسىدە ، داموللا ھەزرەتتە ئوقۇغان .

مانا مۇشۇنداق داڭلىق مەدرىسەدە،داڭلىق ئالىم ئۇستازلار قولىدا تەربىيلەنگەن بۇۋى مەريەمخان دىنىي ئىلىملەرنى ئۆگىنىپ «قۇرئان كەرىم»نى بىمالال تەپسىر قىلالايدىغان،ئۆز زامانىغا يارىشا ئالىم،زىيالىي ئاياللار قاتارىدا بولغان.

بۇۋى مەريەمخانىنىڭ ئاكىسى مۇھەممەد ئاخۇن 1915-يىلدىن 1918- يىلغىچە ئويباغ مەدرىسىسىدە ئوقۇپ ، ئوقۇشنى پۈتتۈرگەندىن كىيىن ، قولىغا شاھادەتنامە ئالىدۇ ۋە خوتەن شەھەر ئىچى خەلىپىلىك ھويلىدىكى مەدرىسىگەمۇدەررىس بۇلۇپ تەيىنلىنىدۇ. تارىخ بەتلىرىدە ئۇيغۇر ئاياللىرى ئىچىدىن بۇنداق داڭلىق مەدرىسلەرنى پۈتتۈرۈپ،ئىلىم ئەھلى سانالغان ئاياللار ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدۇ.ئەپسۇسلىنارلىقى بۇۋى مەريەمخانىنىڭ ئوقۇشنى تۈگەتكەندىن كېيىنكى ھاياتى ھەققىدە باشقا مەلۇمات يوق.

## گۈلجېمىلخان

داڭلىق تىۋبە گۈلجېمىلخان 1840-يىلى قەشقەر بەشكېرەم بەگلىكنىڭ بۇچى كەنتىدە سىدىق ئاخۇن ئىسىملىك بىر ئۇقۇمۇشلۇق دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان.ئۇ باللىق چاغلىرىدىلا زېرەك،ئۆتكۈر بالا بولغاچقا ئاتا-ئانىسى ئۇنى ياخشى تەربىيەلىگەن.توققۇز ياشقا تولغاندا كەنتتىكى قەمبەرخان دېگەن بۇۋى ۋە تېۋىپ ئايالنىڭ تەربىيەلىشىگە بەرگەن.گۈلجېمىلخان 14 ياشقا كىرگەندە قەمبەرخان ئالەمدىن ئۆتكەن.بۇنىڭ بىلەن گۈلجېمىلخان ئائىلىسىگە قايتىپ ئۆي ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولغان.ئوتتۇرا ياشقا كەلگەندە ئاياللارنىڭ قايتا-قايتا تەلەپ قىلىشى،يۇرتتا تىۋىپلارنىڭ قىس بولۇشى ۋە ئاياللارنىڭ ئەر تىۋىپلارغا كۆرۈنىشنىڭ بىئەپلىكى

تۇپەيلىدىن گۈلجېمىلخان تەدرىجىي ئائىلىسىدە تېۋىپلىق بىلەن شۇغۇللانغان.ئۇنىڭ ئاياللارغا خاس كېسەل داۋالاش ،يەرلىك ئۇسۇلدا دورا تەييارلاش ،بىمارلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ماسلىشىپ بېرىشىنى قولغا كەلتۈرۈش،ھۆسىن تۈزەش بۇيۇملىرى ۋە كېسەل داۋالاش ،تۇغۇتنى ئاسانلاشتۇرۇش قاتارلىق ساھەلەردىكى ئىشلىرى كىشىلەر ئارىسىدا بەلگىلىك ئابرويغا ئېرىشكەن. يۇرتداشلار ئۇنى ‹تىلى شىپا تېۋىپ› دەپ تەرىپلەشكەن. ئۇ 1910-يىلى ئۆز يۇرتىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

گۈلجېمىلخاننىڭ تېۋىپلىق ماھارىتى ئالاھىدە بولغاچقا، ئۇنىڭغا كېسەل كۆرسەتكىلى كېلىدىغانلار ۋە ئۇنىڭ قولىدا شىپا تاپقان بىمارلار ناھايىتى كۆپ بولغان. كونا جەمئىيەتتە ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ كېسىلىنى بەك يوشۇرۇن تۇتقان. شۇڭا، تېۋىپقا كۆرۈنۈشتىمۇ كۆندۈزلىرى بارالماي، كەچلىرى بېرىپ داۋالانغان. شۇڭا، ئايال تېۋىپلارنى ئەرلەر دېگەندەك كۆزگە ئىلماي، ئۇلارنىڭ كېسەل داۋالىشىغا ئىشەنمىگەن ئۇلارنى داخان، پېرىخۇن دەپ ئاتىغان. گۈلجېمىلخان ياش چاغلىرىدا ئېغىر ئىجتىمائىي بېسىم ئاستىدا تېۋىپلىق بىلەن شۇغۇللىنالمىغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئېرىنىڭ كاللىسىدىن ئۆتكۈچە كېسەلنى سىڭلىسىنىڭ ئۆيىدە مەخپىي كۆرگەن. شۇنداقلا ئۇزاق يىللارغىچە يۇرتتىكى ئەرلەردىن يوشۇرۇن تۇتقان. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ‹شىپائىي خاتۇن› ناملىق تىببىي رىسالە يېزىپ قالدۇرغان. ئۇنىڭ بەزى مەزمۇنلىرىنى ئورۇق-تۇغقانلىرى خاتىرلەپ قويغاندىن باشقا، بۇ كىتابنىڭ ئىز-دېرىكى يوقالغان.

# ئانارخان

ئانارخان تەخمىنەن 1914-يىللار ئەتراپىدا قەشقەردە ياشاپ ئۆتكەن ئۇيغۇر قىزى.ئۇنىڭ ھايات ئىزلىرى ھەققىدىكى مەلۇماتلار خەلق ئارىسىدا «ئانارخان پاجىئەسى»دەپ خاتىرىلىنىپ كەلگەن.

ئۇنىڭ پاجىئەسىنى شۇ دەۋرلەردە قەشقەرگە ئون نەچچە يىل ھۆكۈمرانلىق قىلىپ،زالىملىقى،شەھۋەتپەرەسلىكى بىلەن سېسىق نامى پۇر كەتكەن ۋە ئۇيغۇر خەلقىگە،جۈملىدىن ئۇيغۇر قىز-ئاياللىرىغا كەلتۈرگەن خورلۇقلىرى بىلەن قان قەرزگە بوغۇلغان ماتتەيدىن باشلاش مۇمكىن.ئەينى دەۋردە ماتتەي ھەققىدە :

ساۋخۇ يولى قومۇشلۇق،

ئوغاق سىلىپ باققان يوق.

14يىللاپ شەھەر سورىغان

ماتتەيدەك زالىم يوق ...

دېگەن قوشاقلار زالىملىقتا ھېچكىم ماتتەيدەك بولمىغانلىقىنى تەسۋىرلەپ تۇرۇپتۇ.

مافۇشىڭ(ماتتەي) ئىسلامي ئېتى مۇھەممەد يۇنۇس،خەلق ئۇنى يۇننەنما دەپمۇ ئاتاشقان.ئۇ ئۇچىغا چىققان شەھۋەتپەرەس بولۇپ،ئەيشى-ئىشرەتكە قاتتىق بېرىلگەن ئىپلاس ئىدى.ئۇ قەشقەردە تۇرغان مەزگىلدە كۆپلەپ خوتۇن ئالدۇ.بۇ چاغلاردا ئەل ئىچىدە« ماتتەينىڭ 40 خوتۇنى بار»دېگەن سۆز مەشھۇر ئىدى.ئۇنىڭ ئۆزىگە قاراشلىق ھەرەمخانىسىدا كۆپلىگەن قىز-چوكانلار، قۇل-دېدەكلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىپپەت-نومۇسلىرى ئاياغ ئاستى قىلىناتتى. ئۇنىڭ يانچىلىرى ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن خەلقنىڭ چىرايلىق قىزلىرىنى ئالداش، زورلاش، ئازدۇرۇش، ئوغۇرلاشتەك ئۇسۇللار بىلەن ئۇنىڭغا سوۋغات قىلىپ تۇراتتى. ئانارخان ئەنە شۇ تالاي خورلانغان قىز-ئاياللارنىڭ

بىرسى ئىدى. ئۇ شۇ ئىچىنىشلىق پاجىئەلەرنىڭ قۇربانىغا ئايلانغاندىن كېيىن(ئەپسۇسكى ئۇنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالىنى بىلىشكە ئامالسىز قالدىم) .....ئۇلارنىڭ ئىپلاس چاڭگىلىدىن مىڭ تەسلىكتە قېچىپ قۇتۇلغانلىقى،لېكىن ئاخىر قايغۇ-ھەسرەت ئىچىدە ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ ئۆلۈۋالغانلىقى ئۇ ھەققىدىكى بىزگە مەلۇم بولغان ئازغىنا تەپسىلات بوپ قالدى.

## تاتلىقخان

يەنە شۇ ئىپلاس،باندىت تۇڭگانلارنىڭ زىيانكەشلىكلىرىگە ئۇچرىغان قەھرىمان قىز تاتلىقخان ھەم قەشقەر گۈزەللىرىدىن بىرىدۇر.

باندىت تۇڭگان ئەسكەرلىرى ئىنسان قىلىپىدىن چىققان ۋەھشىيلىكلەر بىلەن قەشقەر شەھرىدە 3 كۈنلۈك قەتلىئام يۈرگۈزگەندە نۇرغۇن خوتۇن - قىزلار ئاتا- ئانا، قېرىنداشلىرىنىڭ ئالدىدا باسقۇنچىلىققا ئۇچراپ نەيزىلەپ ئۆلتۈرۈلگەن. شۇنداق ۋاقىتتا ساھىبجامال قىز تاتلىقخان ئەقىل ئىشلىتىپ، تۇڭگان ئەسكەرلىرىگە ناز قىلىپ ئايرىم ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ پىچاقلاپ ئۆلتۈرگەن. 12 ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ بولغاندا سېزىلىپ قېلىپ ئېتىۋېتىلگەن.

## لالە

ۋاپادار،قەھرىمان ئۇيغۇر قىزلىرىدىن بىرى بولغان لالە 1850-يىللار ئەتراپىدا ياشاپ ئۆتكەن،بولۇپ كۇچاردا تۇغۇلغان.ئۇ 1850-يىللىرى چىڭ سۇلالىسىنىڭ چېكىدىن ئاشقان زۇلۇم-كۈلپەتلىرىگە چىدىماي كۇچادىكى مۇستەبىت ھاكىمىتەيكە قارشى كۇچا دېھقانلار قوزغىلىڭىغا رەھبەرلىك قىلغان مەمتىلى دېگەن كىشىنىڭ قىزى.

1850-يىللىرى چىڭ سۇلالىسىنىڭ زۇلۇم-كۈلپەتلىرىدىن تاقىتى قالمىغان كۇچار دېھقانلىرى كۇچا ئامبىلى ئورچىڭ ئۈستىدىن ئىلى جىڭجۈنىگە ئەرز ئېيتىش ئۈچۈن مەمتىلى قاتارلىق ۋەكىللىرىنى تەلەمەت داۋنى ئارقىلىق غۇلجىغا مەخپى ئەۋەتىدۇ.بۇ ئەرز-شىكايەتلەر سوراقسىز ھالدا قېلىۋېرىدۇ.خەلق ئۈستىدىكى ئالۋاڭ-ياساق ھەددىدىن ئېشىپ،دېخقانلارنىڭ ئۆھ دېگۈچىلىكى قالمايدۇ،بولۇپمۇ «قۇشقاچ ئالۋىڭى» ۋە ئۆگەن دەريا ھاشىرى خەلقنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغايدۇ.«ئۆگەن دەريا ھاشىرى»سانىسىزلىغان دېھقانلارنىڭ جېنىغا زامىن بولغان بولۇپ،ھاشارچى دېھقانلارنىڭ شۇ كۈنلەردە ئوقۇغان قوشاقلىرى زۇلۇم-كۈلپەتنىڭ قايسى دەرىجىگە يەتكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ:

سۇ ئورنىدا قان ئاقتى،

ئەزىم دەريا ئۆگەندە.

پۇت-قولىمىز چۇشەكلىك،

بېشىمىزمۇ يۈگەندە.

قېنىمىزنى شورايدۇ،

ئورچىڭ دېگەن نەس ئامبال.

بەگلەر تاۋار-دۇردۇندا،

بىزدە قالمىدى تامبال...

ئەنە شۇنداق رەزىللىكتە چېكىگە يەتكەن ئامبال ئورچىك مەمتىلى باشلىق دېھقانلارنىڭ ئۆزى ئۇستىدىن ئەرز-شىكايەت قىلغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ زەھەرلىك پىلان قۇرۇپ مەمتىلى قاتارلىقلاردىن ئۆچ ئېلىش كويىغا چۈشىدۇ.ئامبالنىڭ ھىلىسىنى سەزگەن مەمتىلى ئۆزىنى قوغداشقا جىددىي تەييارلىنىدۇ.ئامبال بۇنى بىلىپ قېلىپ قاتتىق غەزەپلىنىپ،مەمتىلىنىڭ كۆچېرىقتىكى قوراسىنى مۇھاسىرە قىلىش ۋە قىزى لالەنى يامۇلغا قاماشقا بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ.بۇنى ئاڭلىغان لالە توي قىلىشقا پۈتۈشكەن يىگىتى قۇربان بىلەن كېچىسى كۆچارنىڭ شىمالىدىكى «ھاسا ئاتام»مازىرىغا قېچىپ كېتىدۇ ۋە تىيانشاننىڭ «لالە كۆلى»ئەتراپىدا يوشۇرۇنۇپ يۈرىدۇ.ئورچىك ئۇلارنى تۇتۇش ئۈچۈن چېرىك ئەۋەتكەندە بۇ ئىككى قەھرىمان ئاشىق-مەشۇق كورلىغا قېچىپ كېلىدۇ.ئۇ يەردە مۇستەبىتلەرگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن كورلىلىق پالۋان ئىسلام مۇھەممەتخان ۋە ئۇنىڭ ئايالى سارىخاننىڭ ھامىيلىقىدا بولۇپ يوشۇرۇنۇپ يۈرىدۇ.ئىسلام مۇھەممەتخان لالەنىڭ دادىسى مەمتىلىنىڭ جان-جىگەر بۇرادىرى بولغىنى ئۈچۈن ئۇلارغا باشپاناھ بولۇپ،قوغدايدۇ.لالەنىڭ دادىسى مەمتىلى قاتارلىق دېھقانلار تېزلا ئۆگەن دەرياسى بويىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرىدۇ.قوزغىلاڭ خەۋىرى كورلىغا ئاڭلانغان ھامان لالە بىلەن قۇربان كورلىدىن كۆچاغا ئاتلىنىپ كۆرەش سېپىگە قوشۇلىدۇ ۋە جەڭ مەيدانىدا شېھىت بولۇپ كېتىدۇ.مەشھۇر«بۇلبۇلجان»قاتارلىق تارىخىي غەزەللەر ئەنە شۇ قەھرىمانلار تەرىپىدىن ئىجات قىلىنغان دېيىلىدۇ.لالە-قۇرباننىڭ قەبرىسى ھازىر كۆچادىكى «مەۋلانا ئەرشىدىن مازىرى»يېنىدا ئىكەنلىكى مەلۇم.

## سارىخان

سارىخان يۇقىرىقى لالە-قۇربان ۋەقەسىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن كورلا دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ رەھبىرى ئىسلام مۇھەممەتخاننىڭ ئايالى.

سارىخان يولدىشى بىلەن بىرگە لالە-قۇرباننى پۈتۈن كۈچى بىلەن زالىم ھۆكۈمرانلاردىن قوغداپ قالدۇ.لالە-قۇربان شېھىت بولۇپ كەتكەن ئۆگەن دەريا بويىدىكى كۈچا دېھقانلار قوزغىلىڭى بىلەن تەڭ ۋاقىتتا،يەنى 1860-يىلى 6-ئاينىڭ 13-كۈنى تازا تومۇز مەزگىلىدە سارىخاننىڭ يولدىشى ئىسلام مۇھەممەتخانمۇ ئاقسۇ بايدا قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ئەيسا گۇمبەز،ئۆگەن دەريا بويىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن مەمتىلى قاتارلىق بۇرادەرلىرى قوزغىغان مۇستەبىت چىڭ ھۆكۈمرانلىرىغا قارشى قوزغىلاڭنىڭ تەسىرىدە كورلا،لوپنۇرلاردا رەسمىي قوزغىلاڭ كۆتۈرىدۇ ۋە كۈچا دېھقانلار قوزغىلىڭى بىلەن بىرلەشكەن زور كۈچ بولۇپ قالىدۇ. قوزغىلاڭچىلار يەر-جاھاننى تىترەتكۈدەك ھەيۋە-جاسارەت بىلەن ئۇنىڭغا تىلغان چىڭ لەشكەرلىرىنى ھالاك قىلىدۇ.ئەنە شۇ ئۇرۇش جەريانىدا يولدىشى بىلەن تەڭ كۆرەش سېپىگە ئاتلانغان باتۇر،ۋاپادار سارىخان ۋە ئۇنىڭ ئارزۇلۇق ئوغلى شىرئەلىخان شېھىت بولۇپ كېتىدۇ.

باشئەگىم يېنىدا مەشھۇر «قالغا مازىرى»نىڭ شەرقىي جەنۇبىي ۋە كورلىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىگە بىر نەچچە چاقىرىم كېلىدىغان تاغ ئېدىرلىقى بولۇپ،بۇ جاي ئىنتايىن گۈزەل مەنزىرىلىك ۋە ساپ ھاۋالىق بىر جاي. سارىخان ۋە ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ جەستى دەل شۇ تاغ باغرىغا قويۇلىدۇ. شۇندىن كېيىن بۇ جاي «تاغ سارىخان»دەپ ئاتىلىپ كېلىدۇ. بۇ يەردىكى ساپ ھاۋالىق تەبىئەت كىشىلەر ئۈچۈن سەيلىگاھ ۋە «تاۋا بۇلقۇددۇس» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## مايسىخان

مايسىخان كېسەل داۋالاشتا ھايۋانلارنىڭ گۆشى، كاللا-پاقالچاق، ئۆپكە-ھېسىپلىرىنىڭ رولىنىڭ چوڭلۇقىنى كەڭ تەرغىپ قىلغان داڭلىق ئايال تېۋىپلارنىڭ بىرى.

ئۇنىڭ ئەسلى يۇرتى ۋە تۇغۇلغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. 1895-يىللىرى ۋاپات بولغان. قەشقەر بەشكېرەم بەگلىكىنىڭ تۆتۈرك دېگەن يېرىدە ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان قوشۇمچە كېسەل داۋالاپ داڭ چىقارغان.

مايسىخان ئۆزۈن مۇددەت قوي، ئات، ئۆچكە، كالا، تۆگە قاتارلىق چارۋىلار ئارىسىدا يۈرگەن بولغاچقا ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيىتىنى چوڭقۇر كۆزەتكەن. ئۇ ھەرقانداق كېسەلگە قوي گۆشى شىپا دەپ قارىغان. سوغۇقى ئېشىپ كەتكەن ئادەملەر كاللا-پاقالچاق ئىستېمال قىلىشى، لېكىن مەلۇم ۋاقىت ئىستېمال قىلىپ ئۆزىنى سىناپ بېقىشى،ئۇزاق مۇددەت ئىستېمال قىلماسلىقى كېرەك، دەپ ھېسابلىغان. ئۇ ئادەملەرنىڭ ئىچكى ئەھۋالىغا قاراپ ، ھايۋانلارنىڭ شۇ خىل ئەزالىرىنى پىشۇرۇپ يېيىشنى بۇيرىغان.

مايسىخان ھايۋان تېرىسىنىڭ ئىسسىقلىق ساقلاش خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن سوزۇلما خارەكتېرلىك كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولۇپ قالغانلارنى كېسەل تۇرىگە قاراپ، تۈرلۈك ھايۋانلارنىڭ تېرىسى، يۇڭىدا كىيىم-كېچەك قىلىپ كىيىشنى تاپىلىغان. مايسىخان قۇشلارنىڭ ئادەملەر ئۈچۈن ئىنتايىن كېرەكلىك ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ كۆپىنىڭ گۆشى ۋە باشقا ئەزالىرىنىڭ ئادەملەر ئۈچۈن كېرەكلىك ئىكەنلىكىنى كېسەل داۋالاش جەريانىدا ئىسپاتلىغان. ئۇزاق مۇددەت كېسەللىك سەۋەبىدىن يېتىپ ئاجىزلاپ كەتكەن، تۇغۇتتىن تۇرغان ئاياللارنى قوي، بۆرە تېرىسىگە ئېلىشنى تاپىلىغان. بۇ خىل ئۇسۇل بىلەن نۇرغۇن كېسەللەر شىپا تاپقان. قۇلاقتا سۇ كىرىپ كەتكەن ياكى پاڭقۇش بولۇپ قالغان

كىشلەرگە قوينىڭ پاقالچىقىنى ئۇكلەپ تۆيىقىنى چىقىرىپ ئىسسىق چېغىدا قۇلىقىغا يېقىشقا بۇيرىغان. بۇ خىل ئۇسۇل بىلەن بىر مۇنچە كېسەللەرنى ساقايتقان. قاغىنىڭ مېڭىسىدە قۇۋۋەت دورىسى ياساپ، زەئىپلىشىش كېسىلىگە شىپا تاپقۇزغان.

مايسىخاننىڭ بۇ خىل داۋالاش ئۇسۇلى ھەم ئاددىي ھەم ئەمەلىي بولغاچقا، ئۇنىڭغا كۆرۈنىدىغانلار بەك كۆپ بولغان. بەشكېرەم، قوغان، ئاتۇش قاتارلىق جايلاردىن كېلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەن. ئۇ كېسەللەردىن ھەق ئالمىغان. بەلكى، يىراقتىن كەلگەن نامراتلارغا ئاش-تاماق بەرگەن. شۇنداق بولغاچقا ، ئۆمۈر بويى غورىگىل تۇرمۇش كەچۈرۈپ ئالەمدىن ئۆتكەن.

## خەلچە بانۇ

خەلچە بانۇخانىم قەشقەر تۆرەياراباغ مەھەللىسىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، ھايات كەچۈرگەن. ئانىسى، ئاچىلىرى بىر ئۆمۈر قەشقەردە ئاياللار نەغمىچىسى بولۇپ، توي - تۆكۈن ۋە ئاياللار ئولتۇرۇشلىرىدا مۇقام ئېيتىپ، نەغمە قىلىپ، ئۇسسۇل ئويناپ شۆھرەت قازانغان. خەلچە بانۇ 30 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا 50 ياشلاردىن ئاشقان ئېگىز بويلۇق، زىلۋا، تەقى - تۇرقى كېلىشكەن، سۇلكەت - سۇباتلىق، مىجەزى ئوچۇق، مېھماندوست ئايال ئىدى. كىشلەر ئۇنى خەلچە بانۇ خانىم دەپمۇ ئاتايتتى. خەلچە بانۇ تەخمىنەن 1890 - يىللىرى تۇغۇلغان. سارى پىيپەك،خەلچە «دىك - دىك» (بۇ ئايال شوخ ئۇسسۇلچى بولغانلىقى ئۈچۈن «دىك - دىك» دەپ ئاتالغان)، ھاشى «كوممۇنىست» (بۇ ئايال 1924 - يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادىن قايتىپ كەلگەن. ئۇ زامانىۋى كىيىنىدىغان، يۈزى

ئوچۇق يۈرىدىغان ۋە سوۋېت ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىنكى يېڭىلىقلارنى سۆزلەپ بېرىدىغان بولغاچقا، كىشىلەر تەرىپىدىن «كوممۇنىست» دەپ ئاتالغان) قاتارلىقلار بىلەن بىر گۇرۇپپا ئەلنەغمىچىلەر ئىدى. خەلچە بانۇ ساتار، تەمبۇر، دۇتار، راۋاب قاتارلىق سازلارنىڭ ئۇستىسى، داڭلىق ئۇسسۇلچى ھەم مۇقامچى بولۇپ، سارى پىيپەك تەمبۇرچى، راۋابچى ھەم ناخشىچى ئىدى. خەلچە «دىڭ - دىڭ» بولسا مۇشۇ گۇرۇپپىنىڭ ئۇسسۇلچىسى بولۇپ، ھاشى «كوممۇنىست» يېڭى زامان ناخشىچىسى، ئۇسسۇلچىسى، چاقچاقچىسى ۋە قىزىقچىسى ئىدى. ئۇلار قەشقەردىكى ئاياللار بەزمىلىرى، توي - تۆكۈن، يۈز ئاچقۇ، چاچقوشاق ئولتۇرۇشلىرىغا دائىم تەكلىپ قىلىناتتى، ئۇ يەردە نەغمە قىلىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، مۇقام ئېيتىپ، ئولتۇرۇش ئەھلىگە خۇشاللىق بېغىشلايتتى. خەلچە بانۇ مۇزىكىغا كامىل، خۇش نەپەس، خەلقنىڭ كوچا ناخشىلىرىنى تاۋلاپ قېلىپلاشتۇرۇشقا ماھىر مۇقامچى ئايال ئىدى. ئۇ ھەرقانداق ناخشىنى باشلاشتىن ئىلگىرى تەمبۇر ياكى ساتارغا تەڭكەش قىلىپ، بىر - ئىككى مۇقام ئېيتىپ ئۇلۇغلار - ئۇستازلارنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلىشنى ئۇنتۇمايتتى. خەلچە بانۇ ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى ئۇيغۇر كلاسسىك ناخشىلىرى، نەچچە ئەسىرلىك ئۇيغۇر ئاياللار ناخشىلىرىنى ئالاھىدە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن توپلاپ، رەتلەپ ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇلارنى دەۋرىمىزگە يەتكۈزۈپ كەلگۈچىلەر ئىدى. شۇنداقلا ئۇلار قېلىپلاشتۇرغان يېڭى زامان ناخشىلىرىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. 1937 - يىللىرى ماخۇسەن باندىتلىرى قەشقەردە بۇلاڭ - تالاڭچىلىق قىلىدۇ ھەمدە خەلچە بانۇ ۋە ئۇنىڭ ئىككى دوستىنى تۇتۇۋېلىپ ئاياغ ئاستى قىلماقچى بولغاندا، ئۇلار قەتئىي قارشىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن چاناپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ.

## چىن مودەن

سۆزلىمەكچى بولغىنىمىز ئەل ئارىسىدا چىن مودەن دەپ تونۇلغان قۇمۇل گۈزەللىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ھەقىقىي ئىسمى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات بولمىغان.ئۇ ھەققىدىكى ھېكايىلەردە گۈلئايلا-گۈلخان-گۈلبانۇ-شەرۋانۇم...دېگەندەك ئىسىملىرى بارلىقى مەلۇم .

تەخمىنەن مىلادى 1907-يىللىرى ، مەنچىڭ خاندانلىقى غەربىي دىياردىكى يەرلىك ۋاڭلارنى چارلاپ كېلىشكە بىر باش مۇپەتتىش بېگى ئەۋەتىدۇ. ( بۇ ئەمەل ئەينى زاماندا «چىڭ چەي دارىن» دەپ ئاتىلاتتى ) ۋە قۇمۇل ۋاڭى شامەخسۇتنىڭ داغدۇغىلىق كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشىدۇ..

يالاقچى شامەخسۇت بۇ ئەمەلدارنى ئوردىدا بىرنەچچە كۈن مېھمان قىلىپ ، ئۇيغۇر قىزلىرىنى ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلىدۇ بۇ توڭگۇز ئەمەلدار ئوردىدا ئويناپ زېرىكىپ ، شامەخسۇتقا يېزىغا بېرىش ئارزۇسىنى ئېيتىدۇ.

شامەخسۇت ئۇنى ئېلىپ ئۆزىنىڭ باغداشتىكى يېزىلىق ئوردىسىغا ئېلىپ چىقىدۇ ھەمدە چىقىشتىن بۇرۇن شۇ يەردىكى 15ياشتىن 25ياشقىچە بولغان ياش قىزلارنى تۇتقۇن قىلىشقا ھەم ئوردىغا ئەكېلىشكە مەخپىي بۇيرۇق بېرىدۇ.

يالاقچى چىرىكلەر بىردەمدىلا شۇ يەردىكى قىز ، چوكان ، ئىشقىلىپ ياش ئايال ئەۋلادىنىڭ ھەممىنى تۇتۇپ ئوردا بېغىغا سولاپ قويىدۇ.

شا مەخسۇتنىڭ باغداشتىكى مىراقۇلى (يىلقىچىسى) تۆمۈر بوسۇقنىڭ ئەمدىلا 15كە كىرگەن گۈزەل ئەخلاقلىق قىزى گۈلئايلا مۇشۇ قاتاردا تۇتقۇن قىلىنىدۇ ، ھەرقانچە قارشىلىق قىلسىمۇ بىچارە ئاجىز قىز ئۇلارنىڭ رەھىمسىز قامچىسىغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ ھەمدە باشقىلارنىڭ ئۇ يەرگە ئاپىرىلىپ ئۆزلىرىمىزنىڭ ئۇسۇلىنى ئويناپ بولۇپلا قايتىپ

كېلىدىكەنمىز دېگەندەك گەپلىرى بىلەن مەجبۇرەن ئۇ يەرگە ئاپىرىلىدۇ.

گۈلئايلا ئەشۇ يۇرتتا يۇرت ئەركىسى بولۇپ ، گۈزەل ،ئەخلاقلىق ، باتۇر بولغاچقا خەلقنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشكەن ساھىپجامال قىز ئىدى. ئىپلاس شا مەخسۇت ھېلىقى توڭگۈزنى باشلاپ چىقىپ شەرىپىگە داغدۇغىلىق زىياپەتلەرنى بېرىدۇ زىياپەت خىراجەتلىرىنى يەرلىك خەلقتىن تىرىلدۇرۇش ئۈچۈن ئاستىرتتىن ئادەم ئەۋەتىدۇ.

داغدۇغىلىق زىياپەت داۋامىدا ئۇيغۇر قىزلىرىنى قامچىلاپ مەجبۇرى ئۇسسۇلغا چۈشۈرىدۇ،بۇلارنىڭ ئارىسىدا گۈزەل قىز گۈلئايلانىمۇ بوش قويمايدۇ.بىچارە قىزنىڭ كۆز يېشى ۋە ئاھۇ زارىغا پەقەت رەھىمسىز قامچىلار بىلەن جاۋاپ قىلغان مۇناپىق جاللاتلار ئۇنى مەجبۇرى ئۇسسۇلغا سالىدۇ.

خۇددى بۇلۇتلار ئارىسىدا مۆڭلىنىپ يۈرگەن ھىلال ئايدەك ، غەمكىن چىراي بۇ قىزنىڭ گۈزەل ھۆسنى مەيداندىكى ھەرقانداق كىشىنىڭ ئەقلىنى لال قىلىدۇ.

ئۇنىڭ ھۆسنىدىن ئۆزىنى يوقاتقان ھېلىقى ئەمەلدار : «پاھ پاھ شا دارىن قۇمۇل دىيارىدا جەننەت پەرىلىرى باركەن ئەمەسمۇ پاھ ، بۇقىز مودەنگۈلنىڭ ئۆزىكەن مودەن مودەن» دەپ شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ ۋالاقشىپ كېتىدۇ..

شا مەخسۇت تەرجىمانى ئارقىلىق ئۇ ئەمەلدارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىدۇ ھەم ئۇنىڭدىن بۇ قىزغا كۆڭلى بولسا ئېلىپ كېتەمدىكىن؟دەپ سورايدۇ.

ئاللا بىچارە قىزنىڭ تەلىيىگە ، ئۇ مۇناپىق ئەمەلدار ھۆكۈمەت ئىشىنى مۇھىم بىلىپ : ھازىرچە تۇرۇپ تۇرسۇن ، سەل چوڭ بولغاندىن كېيىن ئېلىپ كېتەي دېگەندەك مەنىلەردە بىر گەپلەرنى دېيىشىدۇ.

شۇندىن ئېتىبارەن گۈلئايلانىڭ ئىسمى قۇمۇل دىيارىدا چىن مودەن دەپ ئاتىلىدۇ. شامەخسۇت باغداشتىن قايتار چاغدا ،ئوردا بېگى يولۋاسقا : چىن مودەننى تۇتۇپ ئوردىغا ئاپىرىشنى ، ئۇنى مۇپەتتىش بېگىگە سوۋغا قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇ خەۋەر چاقماق

تېزلىكىدە پۈتكۈل ئەلگە تارقىلىدۇ.

گۈلئايىلا بىلەن كىچىكىدىن بىللە چوڭ بولغان پادىچى يىگىت ئاق تۆرسۇننىڭ قەلبى ئاللىبۇرۇن چىن مۇھەببەت بىلەن گۈلئايىلاغا باغلانغان ئىدى. ئۇلار بەختلىك كۈنلەرنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرغان پەيتلەردە ئاڭلىغان بۇ شۇم خەۋەر ياش ئاق تۆرسۇنغا قاتتىق تەسىر قىلىدۇ.

خەۋەرنى ئاڭلاپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ، ئوردا نەۋكەرلىرى چىن مودەننى ئوردىغا ئېلىپ ماڭىدۇ،

ئۇيغۇر قېنى سىڭگەن ياش، قارام يىگىت ئاق تۆرسۇن بىرنەچچە دوستلىرى بىلەن باغداش داۋانىدا بىچارە قىزنى قۇتقۇزۇشقا ھەركەت قىلىدۇ.

ئوتتۇرىدا قاتتىق ئېلىشىش بولىدۇ ، ئارلىقتا چىن مودەنگە ئوقيا تېگىپ قانغا مىلىنىدۇ . ئاق تۆرسۇننىڭ قەلبى ئۆرتىنىپ ئۇ قىزنى قۇچىقىغا ئېلىپ تۇرىشىغا ، پۈرسەتپەرەس نامەرت چېرىكلەر ئۇنى ئارقا تەرەپتىن تۇتىۋېلىپ باغلىۋالىدۇ.

شا مەخسۇت بۇلارنى ۋەھشىلەرچە ئۆلتۈرۈپ سازايى قىلىدۇ ھەمدە جەمەت ۋە دوستلىرىنىمۇ نومغا سۈرگۈن قىلىدۇ.

شۇ ۋەقەدىن كېيىن ، خەلق ئارىسىدا چىن مودەننى ئەسلەپ نۇرغۇن قوشاقلار پەيدا بولىدۇ ، خەلق شا مەخسۇتقا بولغان نەپرىتىنى مۇشۇ قوشاقلار ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ.

گۈلئايىلا 15 ياشتا،

چىن مودەن دەپ ئاتالغان..

شامەخسۇتنىڭ قولىدا ،

قىزىل قانغا بويالغان.

بۈيىل باغداش بىغىدا ،
ئۈششۈك تەگدى غورىغا..
جالالاتالار ئېلىپ ماڭدى،
چىن مودەننى ئوردىغا.

چىن مودەننىڭ يۈرۈشى،
جەرەندەك چاققان.
شا مەخسۇت يىلان بولۇپ،
بىچارىنى چاققان.

يۇقارقىلارنى ئوقۇغان ھەرقانداق ئۇيغۇرنىڭ يۈرىكى تىترىمەي ، گۈلئايلا ۋە ئاق تۇرسۇن ۋەكىللىكىدىكى ئەينى دەۋردىكى سان ساناقسىز بەختسىز ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزغا ھېسداشلىق قىلماي تۇرالمايدۇ.

شۇنداق ، مۇشۇلار بىزنىڭ ئەجداتلىرىمىز ئىدى، قورقماس ،تىز پۈكمەس ،سەمىمى ،ھايالىق يىگىت قىزلىرىمىز ئىدى.

تۆۋەندىكىسى يەنە بىر مەنبەدىن چىن مودەن قىسسىسى:

## چىن مودەن تىراگېدىيىسى

## ( 1760ـ1740)

خانلىق يۈسۈپ بەگنى ۋاڭلىققا ئۆستۈرۈش بىلەن كىبىرسى بىراقلا ئۆسۈپ ، ئۆز

تۆھپىلىرىگە تەمەننا قويۇش ئارقىسىدا كەڭ ئامىدىن يىراقلاپ كەتتى . كەيىپ ــساپا ، ئەيش ــئىشرەتكە بېرىلىپ ، رەھىمسىز بىشەمگە ئايلاندى .

قومۇل ۋاڭلىقىنىڭ باغداشتىكى‹‹تۆمۈر چارۋا ›› باققۇچىسى ــ تاشپولات مىراقۇلنىڭ قىزى شەرۋانوم ‹‹ ياقۇپ قىزى چىن مودەن ››تىراگېدىيىسى مانا مۇشۇ يۇسۇپ ۋاڭنىڭ ئېغىر قانلىق تارىخى جىنايى قىلمىشلىرىنىڭ تىرىك گۇۋاھچىسىدۇر .

مىلادى 1760 ـيىلى ، باھار پەسلى . باغداشقا چىققان ساناقچى بەگلەر ، ۋاڭنىڭ <<تۆمۈر چارۋا >>سىنى باقىدىغان مىراقۇل تاشپولاتنىڭ 20 ياشلىق قىزى شەرۋانەمگە *( بەزى تارىخى ماتېرىياللاردا گۈلخان ياكى گۈلبانۇ دوپ ئېلىنغان ) كۆزى چۈشۈپ قالدى . شەرۋانەم ئاي دىسە ئاي ئەمەس . كۈن دىسە كۈن ئەمەس ، گۈزەللەكتە تەڭداشسىز ساھىپجامال بولۇپ ، ئەقىللىق ، زېرەك ، ناخشا ـ ئۇسۇلغا ماھىر ، لاتاپەتلىك ، بەئەينى پۈرەكلەپ ئېچىلغان گۈلدەك ،نەپىس ياسالغان جانان چىندەك  شەرم ـ ھايالىق ، ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق قىز ئىدى . يىراق ـ يېقىندىكى نى ـ نى يىگىتلەر ئۇنىڭغا ئاشىق بىقارار ئىدى . قىزنىڭ ئىشقىدا كۆيۈپ قىلدەك تولغىناتتى، ئۇلار ئۇچ ۋاق غىزا ئورنىغا دەردۇ ـ پىراق يىيىشەتتى ، ئاھۇ ـھەسرەت چېكىشەتتى . گويا دەرۋىشلەردەك سەۋدايا بولۇپ ، ياقا يىرتىپ يىغلىشاتتى ، كۆكرەكلىرىنى مۇزدەك يەرگە يېقىپ ، كۈن ـ تۈنلەپ يېتىشاتتى . ئەنە شۇ يىگىتلەرنىڭ ئارىسىدا مەردان ئىسىملىك باتۇر بەرنا يىگىت بار ئىدى . ئۇلار كىچىكىدىن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان ، قەلبى رىشتىسى بىر بىرىگە باغلانغان ، ئۆمۈرلۈك مەشۇق بولۇشقا ئەھدىلەشكەن ـ ئاشىق مەشۇق ، لەيلى ـ مەجنۇنلاردىن ئىدى .گويا تېپتىنچ كۆل سۈيىدە لەرزان ئۈزۈپ يۈرگەن ئاققۇلاردەك بىر بىرىگە زەپمۇ يارىشاتتى .ئۇلارنىڭ بىرى باغداش بېغىنىڭ گۈلى بولسا ، يەنە بىرى بۇ باغنىڭ سادىق باغۋەنى ، باتۇر قورۇقچىسى ئىدى.

مانا مۇشۇ گۈلگە يۈسۈپ ۋاڭنىڭ كۆزى چۈشتى . ساناقچى بەگلەرنىڭ قىزنى سۈپەتلەپ تەرىپلەپ ئېيتقان قەسىدە ـ قوشاقلىرى ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئارزۇ ـ ھەۋەس ئوتلىرىنى قۇتىرتىپ، يۈرىكىدە چايان قاتىراتتى .شۇنىڭ بىلەن قۇدرەتلىك بىر قول رەزىللىك ئىچىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ گۈلگە تاشلاندى ، باغلار خازان بولدى ، كۈن بىلەن تۈننىڭ ئورنى ئالماشتى ، ئاي يۈزىدە قارا داغلار پەيدا بولۇپ ، كۆز ياشلار دەريا ـ دەريا بولۇپ تاشقىنلىدى ...

يۈسۈپ ۋاڭنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن 20 نەچچە نەۋكەر شەرۋانومنى ئوردىغا ئالغىلى باغداشقا چىقىدۇ . بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان مىراقۇل تاشپولات ئارزۇلۇق قىزى شەرۋانومنى تۇتقىلى چىققانلىقنى ئاڭلاپ ئونى شۇئان تاققا قاچۇرىۋەتكەنىدى ...

شۇ چاغ شەرۋانوم باغداش تاغلىرى ئارىسىدا گاھ يىقىلىپ ، گاھ ئۆمىلەپ قېچىپ كىتىۋاتاتتى .بىر توپ ئاتلىق نەۋكەرلەر گويا چىل بۆرىدەك ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئىز قوغلاپ كېلىۋاتاتتى . قاچا ـ قاچا باغداش تېغىنىڭ ئېلىش بېشىى ( باغداشنىڭ شىمالىدىكى جاي ئىسمى ) دىگەن يېرىگە كەلگەندە نەۋكەرلەرنىڭ قورشاۋىغا چۈشۈپ قالدى . نەۋكەرلەر قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنىقى بولمىغان شەرۋانۇمنى چەمبەرچەس باغلاپ ئاتقا غانجۇغىلاپ ئارتتى . شەرۋانۇم يۇلقۇنۇپ تىركەشتى ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە غەزەپ ـ نەپرەت ئوتلىرى قېتىپ قالغانىدى . قەلبىدە « ئۆلسەممۇ باش ئەگمەيمەن » دىگەن بىر ئىستەك لاۋۇلداپ ياناماقتا ئىدى .

نەۋكەرلەر شەرۋانۇمنى ئېلىپ ماڭدى . ئەل ـ يۇرت ، ئاتا ـ ئانا قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ ئامال قانچە؟ ....كىشلەر كەينىدىن تولايتى ئېغىز *( باغداشنىڭ جەنوبىدىكى جاي نامى ) غىچە ئەگىشىپ يىغا ـ زارە بىلەن ۋىدالاشتى .

نەۋكەرلەر شەرۋانۇمنى ۋاڭ ئوردىسىغا ئېلىپ كېلىپ ئىنىكئانا لەيلىخانغا تاپشۇرىدۇ . بۇ چاغ شەرۋانومنىڭ ئۈستى ـ بېشى قانغا بويالغان ، چاچلىرى چۇۋۇلغان ،

كىيىملىرى يىرتىلغان ، ئاۋالقى گۈزەل رۇخسارى قاپقارا چاڭ ــ توزان ، لايلارغا مىلەنگەن ھالەتتە ئىدى .ئىنىكئانا لەيلىخان شەرۋانۇمنى ھامىمادا يۇيۇپ ، ئۈستى بېشىغا چىرايلىق كىيىم ــ كېچەكلەرنى كىيگۈزدى ــ يۇ ، ھاڭ ــ تاڭ قالدى ، چۈنكى ئاي دىسە ئاي ئەمەس ، كۈن دىسە كۈن ئەمەس پەرىشتە سۈپەت ساھىپجامال بۇ قىزنى كۆرۈپ ، .ئىنىكئانا لەيلىخان ئىختىيارسىز ھالدا :

ـ قىزىم ، ئۆزلىرى ئادەمزات ئەمەس ، پەرىشتە ئىكەنلا ، مودەنگۈلگە ئوخشايدىكەنلا دەۋەتتى .( بەزى ماتىرىياللاردا ۋاڭ كاتىپى ( چىن ) شەرۋانۇمنى كۆرۈپ ›› ئاجايىپ گۈزەل ئىكەن ، مودەنگۈلگە ئوخشايدىكەن ›› ) دەپ تەرىپلىدى .شۇندىن ئېتىبارەن ›› چىن مودەن ›› دىگەن بۇ ئىسىم ئېغىزدىن ــ ئېغىزغا كۆچۈپ ، مەشگۇلۇك يالداما بولۇپ قالدى .

شەرۋانۇمىنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغان ۋە ئۆزىنى كۆرگەن ۋاڭنىڭ كىچىك تىللىرى چاككىلداپ ، تاقتى ــتاق بولدى ، شۇئان ئۇنى ئەمرىگە ـتوقاللىققا ئالماق بولۇپ ئالدىرىدى .، بىراق چىن مودەننىڭ ۋاڭغا مەيلى ، قارار كۆزى يوق ئىدى ، يۈرىكىدە ‹‹مەردان ، مەردان !...›› دىگەن بىرلا ئوي غەلىيان كۆترەتتى . ئۇ زالىملارغا بوي بەرمەس قەيسەر قىز ئىدى ، ئۇلۇشكە رازىكى ، يۇسۇپ ۋاڭغا بېقىنماس ئىدى . ئۇ دائىم ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئىگىز سىپىلى ئۈستىگە چىقىپ ، باغداش تاغلىرىغا تەلپۈلۇنۇپ ، قان ــ زار يىغلايتتى ، قوشاق ئېيتاتتى :

ئىچىم توشتى دەرتلەرگە ،
قان يىغلايمەن سەھەرلەردە .
ئۇچقىلى قانات بەرسە ،
تۇرمايمەن قۇمۇل شەھرىدە .

باغداش تاغنىڭ باغرىغا ،
ئاقتى يامغۇر تامچىسى .
سىز بىلەن مېنى ئايرىغان ،
يۈسۈپ ۋاڭنىڭ قامچىسى .

چىن مودەن كېچە ــ كۈندۈز قوشاق ئېيتاتتى ، كۆزلىرىدىن قار ــ يامغۇر تۆكىلەتتى ، زالىملارغا غەزەپ ــ نەپرەت ياغدۇراتتى . ئىنىكئانا لەيلىخاننىڭ قىزغا ھېسداشلىقى قوزغالدى ،گويا ئۆز قىزىدەك چىن مودەننى باغرىغا بېسىپ يۇم ــ يۇم يىغلىدى .

مەن ئۆلسەم ئۆلۈكۈمنى ،
تاغدا قويۇڭلار.
تاغ يولى يىراق كەلسە ،
باغدا قويۇڭلار .
يۈزۈمنى قىبلى سايان ،
ئاچىپ قويۇڭلار .
بېشىمغا بىر دەستە گۈل ،
سانچىپ قويۇڭلار .

شۇچاغ باغداش تاغلىرى باغرىدا ، ئاشىق مەردان ( ۋاڭنىڭ گۇماشتىلىرى شەرۋانۇمنى تۇتۇپ ماڭغاندا ، مەردان تاغ ئارقىسىغا ئات باققىلى كەتكەنىدى ) جۇدالىق ئوتىدا كۆيۈپ ، سۆيىدە ئېقىپ ، كۆكرىكىنى مۇزدەك يەرگە يېقىپ ، دەريا ــ دەريا ياش تۆكمەكتە ، ئاھ ئۇرماقتا ، قوشاق ئېتماقتا ئىدى :

شەرۋانومنى كۆرەرمەنمۇ ،

لىۋىگە سۆيەرمەنمۇ .
يېنىدا كىشى بولسا ،
دەرت تارتىپ يانارمەنمۇ .
سۇلار شاقىراپ ئاقسا ،
تۈگمەننىڭ نۇرى دەڭلار .
شەرۋانۇم ئۇچۇن ئۆلۈپ كەتسەم ،
ئۆزۈمنىڭ شورى دەڭلار ...

مەردانىنىڭ مۇڭلۇق ناخشىسىدىن پۈتكۈل باغداش تاغلىرى ئېغىر سۈكۈتكە چۆمدى . ئاۋالقى نۇرلۇق قۇياش بۇلۇتلار ئارىسىغا يوشۇرۇنۇپ ، زېمىننى كۆڭۈلسىز قاراڭغۇلۇق قاپلىدى . ھەممە ئادەم ، ھەممە قەلب ئاشىق مەردانىغا چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلىشتى . ئەنە شۇ كىشىلەر ئارىسىدا ھادى قاتارلىق بىر قانە باتۇر ، پالگان يىگىتلەر بار بولۇپ ، مەردانىنىڭ جان جىگەر دوستلىرى ئىدى . ناھەق ئىشلارنى كۆرسە چىدىيالماي ئۇتتۇرىغا چۈشەر ئىدى . ئۇلار ئاشىق مەردانىنىڭ ھالىغا ھال ، مۇڭىغا مۇڭ ئىدى .شۇ كۈنى كېچىسى دوستلار يىغىلىپ كېڭەش ئۆتكۈزدى ، شەرۋانەمنى ۋاڭنىڭ تۆمۈر چاڭگىلى ئاستىدىن قۇتقۇزماق بولۇپ ، كېچىلەپ قۇمۇل شەھىرىگە قاراپ مېڭىپ كەتتى .قۇمۇلغا بارغاندىن كېيىن ، ۋاڭ ئوردىسى يېنىدا مۆكۈنۈپ ياتتى .

ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتتى ، بىراق شەرۋانەمدىن ھېچبىر ئىز ـ دېرەك بولمىدى . چۈنكى ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئېگىز سېپىلىدىن ، ھەم يېپىلغان ھەيۋەتلىك سېپىل قوۋۇقلىرىدىن ، جىسەكچىلەرنىڭ قاتتىق نازارىتى ئاستىدىن ئادىمىزات ئەمەس ، ئۇچار قۇشلارنىڭمۇ ئۇچۇپ ئۆتمىكى بەسى مۈشكۈل ئىدى . كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئاشىق مەردان مۇڭ ھەسرەتتىن ئۆرتىنىپ ، تىت ـ تىت بولۇشقا باشلىدى . ئۇ ھەر كېچىسى دەرۋىش

سۆپەت ياسىنىپ ، ۋاڭ ئوردىسىنى ئايلىنىپ ، قوشاق ئېيتاتتى :

ئاللىيەي شەرۋانۇم ،

هازىر بولۇڭلار .

كەلسە دۈشمەنلەر ،

هوشيار تۇرۇڭلار .

ئاتلارنى توقۇپ قويدۇق ،

قوش ئولاننى بىز تارتماي.

بۇ دەرتلەرنى كىم تارتسۇن ،

سىزنىڭ بىلەن مەن تارتماي .

بىر كۈنى كېچىسى، ئىنىكئانا لەيلىخان قوشاق ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى ـ دە ، دەررۇ سېپىل ئۈستىگە چىقىپ تۆۋەنگە كۆز يۈگۈرتۈپ ، دەرۋىش سۆپەت بىر ئادەمنىڭ قارىسىنى غىل ـ پال كۆرۈپ قالدى . ئۇ ئادەم ئۇزۇن ھاسىسىنى توكىلدىتىپ ، مۇڭلۇق ئاۋازدا قوشاق ئېيتقىنىچە قاراڭغۇلۇق ئارىسىدا غايىپ بولدى .

بۇ ھالەت ئۇدا بىر قانچە كۈن داۋاملاشتى . ئۇخشاش بىر ئادەم ئوخشاش بىر قوشاقنى توۋلاپ ، سېپىل ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرمەكتە ئىدى . ئىنىكئانا لەيلىخاننىڭ كۆڭلىگە گۇمان چۈشتى، شۇئان بۇ ئەھۋالنى چىن مودەنگە مەلۇم قىلدى .بۇنى ئاڭلاپ شەرۋانوم :

ـ مەردان ! ... ئاھ، جېنىم مەردان !... ـ دەپلا هوشىدىن كەتتى .

ئۇ هوشىغا كېلىپ ئىنىكئانا لەيلىخاننى قۇچاقلىغىنىچە قار ـ يامغۇر يىغلىدى، چۈنكى ئۇنىڭ ئاشىقى ئۇنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن هازىر بولغانىدى ، شۇ دەقىقە ئۇ قانات ياساپ ، سۆيگىنى مەرداننىڭ قۇچىغىغا ئۇزىنى ئېتىشنى شۇ قەدەر ئارزۇ قىلدى . بىراق ، رەھىمسىز رىئاللىق بۇنىڭغا رۇخسەت قىلمايتتى ، تەڭسىز پەلەك بۇ بىر جۈپ ئاشىق ـ

مەشۇقنى گويا پادىچى يىگىت بىلەن توقۇمچى قىزدەك بىر ـ بىرىدىن جۇدا قىلغاندى .

چىن مودەن گاھى ــگاھىدا ھوشىدىن كىتىپ ، زار ــ زار يىغلىدى ، سۆيگۈنى مەردانىنىڭ ۋىسالىغا بىقارار بولۇپ، مىڭ ئۆلۈپ ، مىڭ تىرىلدى. بۇنى كۆرۈپ ئىنكئانا لەيلىخانىنىڭ ھىسداشلىقى ھەسسىلەپ ئاشتى ، سەۋر قاچىسى توشتى . مەيلى قانداقلا بولمىسۇن بۇ بىر جۈپ ئاشىق ــ مەشۇقنى ۋىسالىغا يەتكۈزۈشنى قارار قىلدى . ئۇلارغا ياردەم قىلماق بولۇپ تەۋەككۇل كەمىرىنى بېلىگە چىڭ باغلىدى:

ـ چاپسان بوسلا ئاي خېنىم ، مودەن قىزىم !...ـ دىدى ئۇ توساتتىن بىر كېچىسى ئەل ياتقۇدىن ئاشقاندا تېز ــ تېز نەپەس ئېلىپ ، ـ مەردان ئوغلۇم بىلەن كۆرۈشتۇم ، ئۇ ... ئۇلار سىزنى سىرتتا ساقلاپ قالدى ! ... ئېھ ! جېنىم قىزىم ، ئالتۇن تەنلىرىنى ئېلىپ بۇ زىنداندىن ئۇچۇپ كەتسىلە ! ئىككىلىرىلا يىراق ــ يىراقلارغا پەرۋاز قىلىشسىلا !...

ـ ئاھ ، جېنىم ئانا !... سىلىگە سىلىگە رەھمەت ، سىلىدەك پەرىشتىنى ماڭا ئۇۋىراتقان ئۇلۇغ ئاللاھقا رەھمەت ! سىلىنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىنى ئەبىدىلئەبەد ئۇنتۇمايمەن !...

ئىنكئانا ئالدىن تەييارلاپ قويغان ئۇزۇن ئاغامچا بىلەن چىن مودەننى سىپىل تىمىدىن پەسكە شۇڭغۇتتى ( بەزى ماتىرياللاردا ئەرەنچە نەۋكەر كىيىمنى كىيگۈزۈپ تون نىسبەدە ئارقا ئىشىك بىلەن قاچۇرغان دىيىلىدۇ ) .

ئاشىق مەشۇقلار ئاخىرى جەم بولدى ، ۋىسال باغلىرى شەربەت بۇلاقلىرىدىن سۇ ئىچىپ قايتا ياشاردى ، جۇدالىق ئۇتلىرى زاۋال تېپىپ ، مۇھەببەت ئۇچقۇنلىرى گۈلخان كەبى چاراسلاپ يانغاندەك بولدى . ئۇلار لەشكەرنىڭ چىچەك ئاۋات ئارقىلىق قارمۇقچا ، سايبۇلاق بىلەن يوقىرى ئۆرلەپ ئارتامنىڭ غەربىدىكى جىگدە بۇلاقتا ھاردۇقلىنىدۇ .

چىن مودەننىڭ قاچقانلىق خەۋىرى يۇسۇپ ۋاڭغا مەلۇم بولدى . ۋاڭ غەزەپتىن ئۆپكىدەك

ئېسىلىپ ، دىر ــ دىر تىترەپ كەتتى ، كۆزلىرىگە قان تولدى . ئىنكىئانا لەيلىخان قاتتىق قىيىن قىستاقتا ئېلىندى . بىراق ئۇ مىت قىلىپ قويمىدى ، ئاخىرى دەھشەتلىك قىيىن ـ قىستاقتا بەرداشلىق بىرەلمەي ، ئۆز تىلىنى چايناپ ئۈزىۋەتتى . ۋاڭ 30 نەۋكەر بىلەن بىر ئىزچىنى ئۆلارنى قوغلاپ تۇتۇشقا ئەۋەتتى . نەۋكەرلەر ئاخىرى ئۇلارغا يېتىشۋالدى . قاچا ــ قاچا ئۇلار ئاخىرى بىر ئېگىز تاغنىڭ بېششىغا چىقىۋالدى . نەۋكەرلەر بۇ تاغنى قاتمۇ قات قورشىۋالدى ، قانلىق ئېلىشىش باشلاندى ...

يىگىتلەر قولىغا چىققان تاش ــ داشگاللارنى چىرىكلەرنىڭ باش كۆزىگە ئاتتى ... چىن مودەن قەيسەرلىك ، پالگانلىقتا يىگىتلەردىن قېلىشماتتى ، ئۇ پۈتۈن قەھر ــ غەزىپى بىلەن نەۋكەرلەرنىڭ باش كۆزىگە تاش بوران ياغدۇرماقتا ...

بىر قانچە نەۋكەر تاغدىن تېزەكتەك دۇملاپ چۈشتى ، قىيا ــ چىيا ئەۋجىگە چىقتى ، جەڭ ئەنە شۇ تەرىزدە بىر مەھەل داۋاملاشتى . نەۋكەرلەرنىڭ قاچقۇنلارنى تىرىك تۇتۇش خىيالى سۇدىكى كۆپۈكتەك بەربات بولدى ـ دە ، مىلتىقلىرىدىن ئوق ئۈزۈشكە باشلىدى . يىگىتلەر ئارقا ــ ئارقىدىن يەرگە يىقىلدى . بىر تال ئوق ۋىژىلداپ ئۇچۇپ كېلىپ ، چىن مودەننىڭ كۆكرىكىگە قادالدى ، چىن مودەن « ئاھ !... » دەپلا يەرگە يىقىلدى .

ـ«شەرۋانەم!...ئاھ شەرۋانەم !...» ئاشىق مەردان ھۆركىرگىنىچە ئۆزىنى شەرۋانەمگە ئاتتى ، كۆزلىرىدىن تارام ــ تارام ياشلار تۆكۈلدى . چىن مودەننىڭ ھالسىز كۆزلىرىدە بىلىنەر بىلىنمەس بىر كۈلكە «لىپ» قىلىپ ئۆچتى ، تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن سۆيگۈنى مەردانىنىڭ يۈزىنى سىلىدى ، قانسىز لەۋلىرى بوشقىنە قىمىرلىدى :

مەن ئۆلسەم ئېيتىم ئۆچەر ،

بېششىمدىن شامال ئۆتەر .

مېنى دىگەن دوستلىرىم ،

يېنىمدىن يىغلاپ ئۆتەر .

چىن مودەن ئاداققى نۆۋەت يىگىتكە تەلمۈرۈپ قارىدى ــ دە ، كۆزلىرى بوشقىنە يۇمۇلۇپ ، بېشى بىر يانغا لەسسىدە قىيسىلىپ قالدى ... ئەنە شۇ دەقىقىدە ، ھاۋا تۇيۇقسىز گۈلدۈرلەپ ، زېمىن گويا چاقماق زەربىسىدىن پارە ــ پارە بولۇپ كەتكەندەك بىلىندى . نۇرلۇق قۇياش بۇلۇتلار ئارىسىغا يوشۇرۇنۇپ ، ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى ، گويا كۆزدىن تۆكۈلگەن كۆز ياشلاردەك يامغۇر تامچىلىرى يەر يۈزىگە تاراسلاپ تۆكۈلۈشكە باشلىدى . « شەرۋانەم !..ئاھ! شەرۋانەم ...» مەردانىڭ ئازاپلىق نالىسى گۈلدۈرماما كەبى گۈلدۈرلىدى ، بۇ ئاۋاز تۇپەيلى زېمىن يەنە بىر نۆۋەت تەۋرىنىپ سىلكىنىپ كەتكەندەك بولدى . مەردان ئورنىدىن دەست تۇردى ــ دە ، ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتتى . يىگىتلەر ھەممىسى شېھىتلىك شارابىنى ئىچكەن بولۇپ ، پەقەت پالگان يىگىت ھادىلا ئۆزى تەنھا ھالدا نەۋكەرلەر بىلەن ئېلىشماقتا ئىدى . ئۇنىڭ بىر قانچە يېرىگە ئوق تەككەن بولۇپ جاراھات ئاغزىدىن قان ئاقماقتا . نەۋكەرلەر بارغانچە قىستاپ كەلمەكتە ئىدى . ئاشىق مەردان خەنجىرنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ نەۋكەرلەرگە تاشلاندى . «ياك! يۇك ! » قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ، زېمىن ئاداققى نۆۋەت تەۋرىنىپ سىلكىنىپ كەتتى ، ئارقىدىنلا كىشى تىنىقنى شۇركەندۈرىدىغان ئېغىر تىمتاسلىق پۈتكۈل ئەتراپنى ئۆز قوينىغا ئالدى .

ئەلقىسسە ، چىن مودەن بىلەن مەردان ساپ مۇھەببەت يولىدا ، ئادالەتسىز جاھان ئۆچۈن قارشىلىشىش ئارقىسىدا شېھىتلىك شارابىنى ئىچتى ، باغلار خازانغا ئايلاندى ، بۇلبۇللار خەندان ئۇرۇپ سايرىماس بولدى ، قەلبلەر مۇسىبەتكە چۆمدى . شۇ يىلى مەردان 21 ياش ، چىن مودەن ئەمدىلا 20 ياشتا ئىدى.

چىن مودەن بىلەن مەردانىنىڭ قەبرىسى باغداش بىغىدا ھېلى ھەم ساقلىنىپ تۇرماقتا.

# خەلچە خېنىم

قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ رەھبەرلىرىدىن خوجىنىياز ھاجىمنىڭ 2-ئايالى بولغان خەلچە خېنىم قاسىم خوتەن دېگەن كىشىنىڭ قىزى بولۇپ،ئۆز زامانىسىدىكى بىلىملىك،شىجائەتلىك ،شائىرە ئايال بولغان.ئۇ خوجىنىياز ھاجىمنىڭ قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىغا يولباشچى بولغانلىقىدەك مەرد-باتۇر،قەيسەرلىكى،زۇلۇمغا بولغان ئىسيانكارلىقىغا قايىل بولۇپ،ئۆزى خوجىنىياز ھاجىمغا نىكاھلىنىش تەلىپىنى قويغان.ئۇنىڭ خوجىنىياز ھاجىمغا ئۆز مەقسەتلىرىنى بىلدۈرۈپ يازغان «مۇھەببەتنامە» سىدىكى يېقىملىق،يالقۇنلۇق مىسرالاردىن ئۇنىڭ ئەدەبىي تالانتىنى،جاسارىتىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.مەرھۇم يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندى ئۆزىنىڭ «ئويغانغان زىمىن» ناملىق تارىخىي رومانىنىڭ 1-قىسمى-15-بابىدىكى «پىداكار مەھبۇبە»دە مەخسۇس خەلچە خېنىم ھەققىدە توختىلىدۇ ۋە ئۇنى؛« زۇلۇمغا قارشى ئادالەت،ئەركىنلىك بايرىقىنى قۇمۇل خەلقى بىلەن تەڭ كۆتۈرۈپ ،پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئىنقىلاپقا پىدا قىلماقچى بولغان،ئاياللار دۇنياسى نامەھرەملىك پەرەنجىسى ئىچىدە ئىنسانىي ھەق-ھوقوقى ۋە ئىقتىدارىدىن مەھرۇم ۋە ھەتتا ئۆزىنىڭ مەقسەت-ئىرادىسىنى يوشۇرۇن تۇتۇشقا مەجبۇر بولغان بىر زاماندىكى«ئەركىن پىكىر ۋە شىجائەت ساھىبى»...ئۇ ئادەتتىكى ئاياللاردىن ئەمەس،بەلكى ئۆزىنىڭ بارلىقىنى قۇربان قىلىپ،شىجائەت كەمىرىنى مەھكەم باغلىغان بىر پىداكار ئايال ...» دەپ تەرىپلەيدۇ.

تۆۋەندىكىسى خەلچە خېنىمنىڭ ئەينى دەۋرىدە خوجىنىياز ھاجىمغا يازغان«مۇھەببەتنامە» سىدۇر:

پۈتۈلدى يۈز بىرلە نامە

ئەگەر ئۆلسەك ھەم تىرىلسەك يادنامە.

مۇھەببەتنامە قىلدى بۇ گادايىم،

دېگەچ قۇللۇق سالام بىرلە دۇئايىم.

مېنى كىم سورىسا نىمجان تىرىكمەن،

زامانە ئوقىدىن ياربدار كىيىكمەن.

تېنىمدە شۇم رەقىپنىڭ تىغ ياراسى،

دىلىمدا قايىنغان قىساس نىداسى.

قاچان سىزنى كۆرمەك بولدى ئىرادە،

كۆڭۈلگە چۈشتى ئوق ئاندىن زىيادە.

بۇ ئوت شۇنچە ياماندۇر

تېنىم،جانىم شۇ ئوق ئىچرە ساماندۇر.

مېنى ئەيىپ ئەتمەڭ ئەي پەھلىۋانىم،

مېنىڭ ھېچ قالمىدى سەبرۇ-قارارىم.

ئۆزۈم تۇلمەن كۆزۈمدە لىقمۇلىق ياش،

خۇدا قىلسا سىزگە مېنى يولداش.

چېچىم بىرلە سۈپۈرسەم يولىڭىزنى،

تاۋاپ قىلسام قېلىچ تۇتقان قولىڭىزنى.

ئازاد-ئەركىن ياشاش شوئارىڭىزدۇر،

قۇمۇل ئەھلى ھەم ھەمكارىڭىزدۇر.

مۇھەببەتنامە قىلدى بۇ گادايىم،

ئامان قىلسۇن سىز ھاجىمنى خۇدايىم.

# مەلىكىزات خېنىم

مەلىكىزات خېنىم مەشھۇر مائارىپچى مەتبىلى تەۋپىق ئەپەندىنىڭ خانىمى. ئۇنىڭ قەلبى ھەم يولدىشى تەۋپىق ئەپەندى قەلبىدەك زۇلۇمغا بولغان غەزەپ-نەپرەتكە تولغان قەلبى ئويغاق،ۋاپادار ئۇيغۇر ئاياللىرىدىن بىرى.مەتبىلى ئەپەندى ئۆلتۈرۈلگەندە مەلىكىزات خېنىم ئەمدىلا بىر ياشقا كىرگەن قىزى ئەدىبە بىلەن تۇل قالدۇ.ئۇنىڭ قىزى ئەدىبە 8 ياشقا كىرگەن ۋاقتىدا ئۇنىڭغا دادىسى مەتبىلى ئەپەندىنىڭ قانلىق كۆڭلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئېيتقان مەردانە سۆزلىرى،ئىسيانلىق خىتابلىرى بىزنىڭ كۆڭۈللىرىمىزگە مۇھۇر قىلىپ باسقۇدەك ئېسىل سۆزلەردۇر!

ئۇ قىزى ئەدىبەگە دادىسىنىڭ قانلىق قىسمىتىنىلا ئەمەس،ۋەتەن-خەلقىنىڭ شۇ يىللاردىكى قانلىق مەنزىرىسىنى سۈرەتلەپ مۇنۇلارنى ئېيتىدۇ:

**-« قىزىم كۆڭلەكتىكى قان داداڭنىڭ يۈرىكىدىن چىققان قانلا ئەمەس ، ئۇ ئاشۇ گۇندىخانىدىكى بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلگەن ۋەتەنپەرۋەر ئىنقىلاپچىلارنىڭ قېنى ، ئۇ زۇلمەت باسقان ۋەتەنىنىڭ كۆزىدىن ئاققان قان!......... »**

مەلىكىزات خېنىمنىڭ قىزى ئەدىبەنىڭ «دادام مەتبىلى تەۋپىقنى ئەسلەيمەن»ناملىق يازمىسىدا مەلىكىزات خېنىم ھەققىدە مۇنداق بايانلار سۆزلىنىدۇ:

ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىنى ئىنسان ھاياتىدىكى ئەك توغرا يول دەپ تاللىۋالغان دادام مەتىلى ئەپەندى ئۆلتۈرۈلگەندە ، مەن ئەمدىلا بىر يېرىم ياشقا كىرگەنىكەنمەن . ئانام مەلىكىزات خېنىم مېنى كۆتۈرۈپ يارباغدىكى گۇندىخانا دەرۋازىسى ئالدىغا ئېلىپ بارىدىكەن . مېنىڭ پېشانەمگە سۆيۈپ تۇرۇپ «بالام داداڭنى كۆرسەن ، بوگۈن داداڭنىڭ چىرايىنى كۆرسەن » دېگىنىچە ئۆكسۈپ يىغلاپ كېتىدىكەن .1937 -يىلىنىڭ بىر كۈنى ، ئۇ مېنى كۆتۈرۈپ قەشقەر شەھرىدىكى يارباغ گۇندىخانىسىغا دادامغا تاماق ئېلىپ

بېرىپتۇ . تەلەتى قاتىلدەك بەتبەشىرە گۈندىپاي ئانامنىڭ كۆكسىدىن ئىتتىرىپ تۇرۇپ ، « ساڭا ئوخشاش ھىسيانكارنىڭ ئايالىنىڭ تامىقىنى ئالمايمىز ، ماڭ ئۆيۈڭگە كەت »دەپ ھاقارەت قىلغاندا ، ئانام بۇ تارتقۇسىز ئەلەملىرىنى ئىچىگە يۇتۇپ ، ئۇ ئىپلاس گۈندىپايغا پارە بېرىپ تاماقنى مىلىك تەسلىكتە دادامغا ئەكىرگۈزۈپتۇ . ئارىدىن بەرەر سائەتچە ۋاقىت ئۆتكەندە ، گۈندىپاي دادامنىڭ ئاپئاق كۆڭلىكىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ئانامغا بېرىپتۇ .كۆڭلەكنىڭ ئارقا تەرىپى قان ، يېڭىنىڭ ئۇچىغا بىر كىچىك قول ياغلىق چىگىپ قويۇلغان بولۇپ ، ئانام بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ ھوشىدىن كېتىپ يەرگە يىقىلىپ چۈشۈپتۇ . ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتە ــ ئۆتمەيلا دادامنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ ئانام بىتاپ بولۇپ يېتىپ قاپتۇ ،شۇ ياتقانچە 3 يىل يېتىپ قاپتۇ .

مەن 8 ياشقا كىرگەن يىلى ئانام، دادام چىقارتىپ بەرگەن كۆڭلەكنى ماڭا كۆرسەتتى . ئۇ ماڭا چۈشەندۈرۈپ: « قىزىم كۆڭلەكتىكى قان داداڭنىڭ يۈرىكىدىن چىققان قانلا ئەمەس ، ئۇ ئاشۇ گۈندىخانىدىكى بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلگەن ۋەتەنپەرۋەر ئىنقىلاپچىلارنىڭ قېنى ، ئۇ زۇلمەت باسقان ۋەتەننىڭ كۆزىدىن ئاققان قان » دېگىنىچە ھۆركىرەپ يىغلاپ كەتتى ....

مەلىكىزات خېنىم شۇ كۈلپەتلەر سەۋەبىدىن بىتاپ بولۇپ 30 يېشىدىلا ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

# 3ـبۆلۈم: زۇلمەتكە ئوت ئاچقان ئايال




ئەسىرىمىزنىڭ بۇ بۆلىمىدە ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەركىتىنىڭ باشلانغان دەۋرلىرىدىن ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانغا قەدەر ياشاپ ئۆتكەن،ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىغا تۆھپە قوشقان، مىللى ئازادلىق ئۈچۈن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان پىداكار ئۇستاز،شەپقەت ھەمشىرەلىرى ۋە جەڭچىلەر ھەققىدە مەلۇمات بېرىلىدۇ.

## راھىلە خانىم

راھىلە خانىم موللاچا ئۇيغۇر ھازىرقى زامان يېڭى مائارىپ تارىخىدىكى تۇنجى مۇئەللىمە.راھىلە خانىم 1860ـيىلى ئۇستۇن ئاتۇشنىڭ ئىكساق كەنتىدە مەرىپەتپەرۋەر

ۋە تەرەققىيپەرۋەر دىنني ئائىلىدە تۇغۇلغان.ئۇنىڭ ئاتىسى مۇھەممەد سۇلتان خەلپىتىم ئۆز دەۋرىنىڭ يېتۇك ئۆلۈمالىرىدىن بولۇپ،بۇخارا مەدرىسەسى ۋە خانلىق مەدرىسلەردە ئوقىغان ئىلىملىك كىشى ئىدى.ئۇ قىزى راھىلەنى كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا دىنني ساۋاتىنى چىقارغان،ئون يېشىدا ئەرەپ-پارس تىللىرىنى ئۆگەتكەن.راھىلە ئائىلىسىدە دادىسى سۇلتان خەلپىتىمدىن ئىلىم ئالسا،مەدرىسىدە دىنني ئالىم ئابدۇماناپ داموللام ۋە چوڭ غوجىكام قاتارلىق كىشىلەردىن بىلىم ئېلىپ،قۇرئان كەرىمنى تەپسىر قىلالايدىغان دەرىجىگە يېتىپلا قالماي، گىراماتىكا، ئەدەبىيات، تارىخ، جۇغراپىيە، ئىلمىھال، ئالگېبرا، ئىسلام پەلسەپىسى قاتارلىق پەنلەرنىمۇ پىششىق ئۆگەنگەن.راھىلەنىڭ زېھنى قۇۋۋىتى ئۆتكۈر بولغاچقا، پارس، ئەرەب تىللىرىدىكى كىتابلارنى ئوقۇش بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالماي،يەنە ئۆزى ياخشى دەپ قارىغان نادىر ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىپ ساۋاقداشلىرىغا تونۇشتۇرغان.ئۇ خەتتاتلىقتا كامالەتكە يېتىپ،ئۆز دەۋرىدىكى داڭلىق خەتتاتلار قاتارىدىن ئورۇن ئالغان.ئۇ 22 يېشىدا ئۆز قولى بىلەن ھۆسنىخەتچىلەپ كۆچۈرۈپ چىققان «قۇرئان كەرىم»بۈگۈنكى دەۋرىمىزگىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

1870-يىللىرى تاتارىستان ۋە ئافغانىستانلاردا قوزغالغان جەدىتىزىم ئېقىمىنى ئۆز ئىدىيىسىگە سىڭدۈرگەن ئاكا-ئۇكا مۇسابايوفلار يۇرتى ئاتۇشتا ئۇيغۇر ھازىرقى زامان مائارىپىنىڭ نۇرلۇق مەشئىلىگە ئوت يېقىپ« مەكتىپي ھۇسەينىيە» نى بەرپا قىلىدۇ شۇنداقلا ئوغۇللار بىلەن بىر قاتاردا قىزلارنىمۇ بۇ مەكتەپتە ئوقۇتماقچى بولىدۇ.لېكىن باھاۋۇدۇنباي قىزلارنى ئوقۇتۇشتا بىر قىسىم مۇتەسسىپ كىشىلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرايدۇ.باھاۋۇدۇنباي ئىشنى ئاۋال ئۆزىدىن باشلاپ،ئۆز جەمەتىدىكى قىز-خېنىملارنى ئالدى بىلەن مەكتەپكە بېرىدۇ.شۇنىڭ بىلەن باشقا مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەرمۇ ئۆز پەرزەنتلىرىنى مەكتەپكە بېرىدۇ.شۇ چاغدا ئايال ئوقۇتقۇچى تېپىش باھاۋۇدۇنباينىڭ بېشىنى قاتۇرىدىغان قىيىن مەسىلە بولۇپ قالىدۇ.دەل شۇ چاغدا راھىلە خانىم دادىسىنىڭ

مەدنىي ۋە ئۆزىنىڭ جاسارىتى ئارقىلىق ھېچبىر ئىككىلەنمەي بۇ تۈنجى مەكتەپنىڭ مۇئەللىمەلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدۇ.بۇ ئىش شۇ دەۋرگە نىسپەتەن غايەت زور زىلزىلە قوزغاپ ،ئاياللار ھەققىدىكى ئەنئەنىۋى قاراشلارغا ئوت ئاچدۇ.سوفىزىم جاھالىتى كۆككە يەتكەن بۇ دەۋردە قىزلارنىڭ ئوغۇللارغا ئوخشاش يېڭىچە مەكتەپتە ئوقۇشى،ئايال مۇئەللىمەلەرنىڭ مۇنبەرگە چىقىپ دەرس ئۆتۈشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.بىر قىسىم جاھىل مۇتەسسىپلەر ئاياللارنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشى «شەرىئەتكە خىلاپ»«كۇپۇرلۇق» دەپ يېڭى مائارىپنىڭ نۇرلۇق مەشئىلىنى ئۆچۈرۈشكە ئۇرۇنۇۋاتقان بىر چاغدا،راھىلە خانىم يەنىلا ئۆزى تاللىغان بۇ يولدا مېڭىۋېرىدۇ.ئۇ «ھۇسەينىيە مەكتىپى»دە ئوقۇتقۇچىلىقتا تاللانغاندىن كېيىن،باھاۋۇدۇنباي جەمەتىدىكى قىزلارنى تاللاپ قىزلار سىنىپى تەشكىللەپ،باشقا نۇرغۇنلىغان يېزا قىزلىرىنىڭ ئوقۇش،ئىلىم ئېلىش قىزغىنلىقىنى قوزغايدۇ.شۇنىڭ بىلەن بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىتتا 50 تىن ئارتۇق قىزلار ئۆزلىكىدىن بۇ مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرىدۇ.راھىلە خانىم چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق بىلىمگە ۋە يۇقىرى ئوقۇتۇش مېتودىغا ئىگە ئىقتىدارلىق مۇئەللىمە بولۇپ،«ھۇسەينىيە مەكتىپى»دە ھېساب،جۇغراپىيە،تەبىئەت،دىنىي ئىلىم قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆگىتىدۇ.قىزلارنى تەربىيەلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ،«ھۇسەينىيە مەكتىپى»نىڭ ئايال مۇئەللىمەلەرگە بولغان جىددىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، سۇلتانىخان، زەينىساخان، ئانىخان...قاتارلىق ئايال مۇئەللىمەلەرنى تەربىيەلەپ چىقىدۇ. ئۇ ئوقۇتۇش بىلەنلا قالماي يەنە «دالالىلى ئىلمىزات-ئىلىمگە دالالەت قىلغۇچى» دېگەن كىتاپنى يېزىپ چىققان.

مۇنەۋۋەر پېداگوگ،سۆيۈملۈك مۇئەللىمە راھىلە خانىم موللاچا (شۇ دەۋرلەردە ئاتۇشتا ئايال مۇئەللىمەلەرنى موللاچا دەپ ئاتىغان) «ھۇسەينىيە مەكتىپى»دە توپتوغرا 32 يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ 1917-يىلى يۇرتى ئىكساقتا ۋاپات بولغان.

# ئائىشە ئاۋۇستەي

ئائىشە 1900 ـ يىللاردا تۇرپان ئاستانىدا تۇغۇلغان.ئۇ 1913 ـ يىلى ئاستانىدىكى مەرپەتپەرۋەر باي مەھمۇت مۇھىتى تەرىپىدىن قۇرۇلغان يېڭىچە مەكتەپ «مەھمۇدىيە»مەكتىپىنىڭ قىزلار سىنىپىنىڭ تۇنجى قارار ئوقۇغۇچىلىرىدىن بىرى بولۇپ،يېڭىچە مائارىپقا تۇھپە قوشقا ن تۇرپاندىكى تۇنجى ئايال مۇئەللىمەلەردىن بىرى.

مەرپەتپەرۋەر مەھمۇت مۇھىتى 1920 ـ يىلى ئىككى سىنىپلىق «مەھمۇدىيە»مەكتىپىنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن،بىر سىنىپىنى قىزلار سىنىپى قىلىپ تەشكىللەيدۇ ۋە بۇ سىنىپقا روسىيەدىن تەكلىپ قىلىپ ئەكەلگەن تاتار مۇئەللىملەردىن مۇھىبۇللا ھۇببۇلى ئەپەندىنىڭ ئايالى گۈلەندەم ئاۋۇستەينى بۇ مەكتەپنىڭ قىزلار سىنىپىغا ئوقۇتۇقۇچىلىققا ئورۇنلاشتۇرىدۇ.شۇ دەۋردىكى ساۋاتسىز،نادان خەلقنىڭ يېڭىچە مائارىپقا بولغان قارشىلىقى ۋە قانخور ھۆكىمەتنىڭ ئىلىم ئىگىلىرىگە قىلىۋاتقان زىيانكەشلىكلىرى سەۋەبىدىن قىزلارنىڭ ئەمەس،ئوغۇللارنىڭ بۇنداق «جەدىت» مەكتەپلىرىدە ئوقۇشى ئىنتايىن قىيىن بولغان شارائىت ئاستىدا ئائىشە بۇ قىزلار سىنىپىغا ئوقۇشقا كىرىدۇ. بۇ مەكتەپتە سوۋىت ئىتتىپاقىدىن كەلتۈرۈلگەن دەرسلەر ئۆتۈلىدىغان بولۇپ،تىل ـ ئەدەبىيات،ھېساپ،جۇغراپىيە،تەبىئەت،تارىخ،ئەمر ـ سائادەت،تەنتەربىيە،شېئىر،رەسىم ۋە دىنىي دەرسلەردىن باشقا قىزلار ئۈچۈن توقۇمۇچىلىق،كەشتىچىلىك ...دېگەندەك زۆرۈر دەرسلىكلەر ئۆتۈلىدىغان بولۇپ،1913 ـ يىلى مەكتەپ قۇرۇلغاندىلا 2 قەۋەتلىك قىلىپ سېلىنغان،ئاستى ـ ئۈستى تاختايلىق،سىنىپ ئىچى دوسكا،پارتا ۋە باشقا ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى بىلەن جاھازلانغان.شۇنداقلا روسىيەدە زامانىۋى مائارىپ تەربىيەسى كۆرگەن ئىلغار پىكىر ـ ئىدىيەلىك،بىلىملىك ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قولىدا تەربىيەلەنگەن ئائىشە ۋە ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرى ھەر جەھەتتە يېتىشكەن، بىلىملىك،ئىقتىدارلىق

ئوقۇغۇچىلاردىن بولۇپ چىقىدۇ.

## ئايىمخان ھاجى نىياز قىزى

ئايىمخان 1901-يىلى 3-ئايدا تۇرپان شەھەر پىيازچىلار مەھەللىسىدە تەرەققىيپەرۋەر زىيالىي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان.ئايىمخاننىڭ ئاتىسى ھاجىنىياز بوساقوف قازاقىستاننىڭ ياركەنت دېگەن يېرىدىن بولۇپ،سودا ئىشلىرى بىلەن دەسلەپتە قارا شەھەرگە كەلگەن،كېيىن تۇرپانغا كېلىپ مېھرىنىسا دېگەن ئايالغا ئۆيلىنىپ ئالتە قىز،ئۈچ ئوغۇل پەرزەنتلىك بولغان بولۇپ،ئايىمخان شۇ قىزلارنىڭ ئىككىنچىسى ئىدى.ئايىمخان 1907-يىلدىن 1912-يىلغىچە تۇرپاندا دىنىي مەكتەپ-مەدرىسلەردە تىرىشىپ ئۆگىنىپ بەش يىل ئوقۇش جەريانىدا زور بىلىم ئىگىلەپ داموللا قىز دەپ ئاتىلىدۇ.ئايىمخان 1913-يىلدىن 1918-يىلغىچە تۇرپان شەھرىدە ئېچىلغان«شۆتاڭ» مەكتەپتە ئوقۇپ خەنزۇچە باشلانغۇچ مەكتەپنى ئەلاچى پۈتتۈردى.

ئايىمخان يەنە 1918-يىلدىن 1920-يىلغىچە ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان.ئۇ مەيلى دىنىي،مەيلى پەننىي مەكتەپتە ئوقۇسۇن ياكى خەنزۇچە مەكتەپتە ئوقۇسۇن ھەممىسىدە ئەلىيۇل ئەلا بولۇپ ئوقۇغان.ئۆز قىزىنىڭ ئۆتكۈر،ئۆگىنىشتە تىرىشچان،ئىلىم ئېلىشقا ئىنتىلىپ تۇرىدىغان روھىنى كۆرگەن ھاجىنىياز بوساقوف ئۆزبېكىستاننىڭ پايتەختى تاشكەنتتە قۇرۇلغان ئوتتۇرا ئاسىيا ئونىۋېرسىتىتىدا ئوقۇتماقچى بولۇپ،ئۆز ئويىنى ئايىمخانغا ئېيتقاندا،ئايىمخان قىزغىنلىق بىلەن قوشۇلىدۇ ھەمدە 1923-يىلدىن 1925-يىلغىچە تاشكەنتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئونىۋېرسىتىنىڭ

تىل-ئەدەبىيات فاكولتېتىدا ئوقۇيدۇ.ئۇ ئوقۇش پۈتتۈرۈشكە ئاز قالغاندا كېسەل بولۇپ قېلىپ،يۇرتى تۇرپانغا قايتىپ كېلىدۇ.تۇرپاندىكى تىۋىپلارنىڭ داۋالىشى بىلەن ئايىمخان ساقىيىپ كېتىدۇ.

تۇرپان كونا شەھەردە 1917-يىلى پەنني مەكتەپ ئېچىلغان بولسىمۇ 1922-يىلى ئەلى ئىبراھىم دېگەن ئوقۇتقۇچىنىڭ گۇچۇڭغا كېتىشى بىلەن مەكتەپ تاقىلىپ قالغانىدى.ئايىمخان كېسەلى ياخشىلانغاندىن كېيىن توختاپ قالغان پەنني مەكتەپنى قايتىدىن ئېچىش قارارىغا كېلىپ،ئاتىسى ھاجىنىياز بوساقوفقا مەسلىھەت سالىدۇ.مەرىپەتپەرۋەر ھاجىنىياز بوساقوف قىزىنىڭ تەكلىپىگە قىزغىنلىق بىلەن ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ،ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم قىلىدۇ.شۇچاغدىكى نەمۇڭ مەسچىتىنىڭ ئىماملىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋەتقان رەخمىتۇللاھ قارىھاجى مەكتەپ ئېچىش پىلانىنى قىزغىنلىق بىلەن قوللاپ،مەسچىتنىڭ بىر قىسىم ئۆيلىرىنى ئاجرىتىپ سىنىپ،ئىشخانا تەسىس قىلىپ ئىشلىتىشكە بېرىدۇ.شۇنداق قىلىپ توختاپ قالغان ئۇيغۇرچە مەكتەپ قايتىدىن ئېچىلىدۇ.ئايىمخان ئوقۇتقۇچىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ.ئۇ ئۆزىنىڭ مول بىلىمى ۋە تىرىشىپ ئوقۇتۇشى نەتىجىسىدە ئوقۇغۇچىلار سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتىرىدۇ. بۇنىڭدىن ئاتا-ئانىلار ۋە جامائەت خۇشال بولۇپ،ئايىمخانغا ئاپىرىن ئوقۇيدۇ. 1935 -يىلىغا كەلگەندە ئوقۇغۇچىلار كۆپىيىپ  سىنىپ يېتىشمەي قالىدۇ.بۇ چاغدا ئايىمخان ئاتىسى ھاجىنىياز بوساقوف قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈپ،تۆت سىنىپلىق مەكتەپ قۇرۇپ چىقىدۇ.ئەنە شۇنداق بىجانىدىللىق بىلەن مائارىپ سېپىگە ئۆزىنى بېغىشلىغان ئايىمخان ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى ئۈچۈن توختىماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ،مىڭلىغان بالىلارنى ئوقۇتۇپ،تەربىيلەپ نادانلىق ھالىتىدىكى خەلقنى ئويغىتىدۇ.ئايىمخان 1959-يىلى 12-ئاينىڭ 18-كۈنى كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولىدۇ.

# شەرىخان بۇۋىم

مەشھۇر بۇۋى خېنىملاردىن بولغان ئۇستاز شەرىخان بۇۋىم 1930 ـ يىللاردا قەشقەردە تۇغۇلۇپ، قىز ـ ئاياللارنىڭ دىنىي تەربىيەسى ئۈچۈن كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەن مۇئەللىمە .

شەرىخان بۇۋىم قەشقەردە ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەركىتى قوزغىلىشتىن بۇرۇن ئۆزى مەكتەپ ئېچىپ ،قىز ـ ئاياللارغا دىنىي ئىلىملەرنى ئۆگىتىپ كەلگەن ئايال ئۇستازلاردىن بولۇپ،ئۇنىڭ ھوزۇرىدىكى بۇ مەكتەپ 30 ـ يىللارنىڭ ئالدى ـ كەينىدە قەشقەردە بار بولغان نۇرغۇن دىنىي مەكتەپلەر ئىچىدىكى ئىلىم ئوچاقلىرىدىن بىرى بولغان.شۇ مەكتەپلەر ئىچىدىكى ئەڭ مەشھۇرلىرىدىن بولغان قەشقەر نەزەرباغ قۇملۇقتىكى مەشھۇر مائارىپچى زات قاسىم ھاجىم خەلپىتىم يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان مەكتەپ؛ شەھەر ئىچىدىكى ئۆمەر ئاخۇن خەلپىتىم يېتەكچىلىك قىلغان مەكتەپ؛ بۇۋەرىخان بۇۋىم، ئىبراھىم خەلپىتىمنىڭ ئايالى بۇۋى خەلچە خانىم قاتارلىقلارنىڭ ھوزۇرىدىكى مەكتەپلەر قاتارىدا مەشھۇر بۇۋى خېنىم ـ ئۇستاز شەرىخان بۇۋىمنىڭ مەكتىپىمۇ بار ئىدى. 1934 ـ يىللاردا قەشقەردە يېڭى مائارىپ ھەركىتى باشلانغاندىن كېيىن يېڭىچە پەن ـ مائارىپ ئوقۇتۇشىنى ئاساس قىلغان مەكتەپلەر قۇرۇلۇپ،بۇ خىل قىزلار دىنىي مەكتەپلىرىدىكى تالىبە قىز ـ ئاياللار «قەشقەر دورغا كۆل بېشى مەدرىسەسى»گە يۆتكەلگەن.شۇنىدىن كېيىن شەرىخان بۇۋىم قەشقەردە كەينى ـ كەينىدىن قۇرۇلغان ھەرخىل قىزلار مەكتەپلىرى،چوكانلار مەكتەپلىرى ۋە قىز ـ ئاياللار ئۈچۈن قۇرۇلغان دارىلمۇئەللىمىن،دارىلمۇئەللىمات، دارىلئەيتاملاردا " قۇرئان كەرىم"، ھەتتا " قۇرئان كەرىم" نى ئوقۇش قائىدىلىرى ھەققىدىكى " ئىلمىي تەجۋىد"كىچە دەرس بېرىپ، بۇ يەردىكى خانىم ـ قىزلارنى ئىمان ـ ئېتىقادلىق كىشىلەردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈشكە كۈچ

چىقارغان.

## پاتىمە ئاۋۇستەي

پاتىمە 1900-يىللاردا تۇرپان ئاستانىدا تۇغۇلغان،بولۇپ،«مەھمۇدىيە»مەكتىپىنىڭ تۇنجى قارار قىز ئوقۇغۇچىلىرىدىن بىرى ۋە شۇ مەكتەپتە ئوقۇپ يېتىشىپ چىققان تۇنجى مۇئەللىمە.

پاتىمە ئوقۇتقۇچىسى گۈلەندەم ئاۋۇستەينىڭ قولىدا تەربىيەلىنىپ «مەھمۇدىيە» مەكتىپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن،ئاستانىدا مۇئەللىمە بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ.گۈلەندەم ئاۋۇستەي چۆچەككە كېتىپ قالغاندىن كېيىن پاتىمە ئاۋۇستەي «مەھمۇدىيە»دە بىللە ئوقۇغان ساۋاقدىشى ئائىشە ئاۋۇستەي بىلەن بىللە ئاستانىدىكى قىزلارنى ئوقۇتۇدىغان تايانچ ئوقۇتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىدۇ.

1935-يىلى ئاستانىدىكى 2 سىنىپتا قۇرۇلغان 60 نەپەر قىز ئوقۇغۇچىنى تەربىيەلەش پاتىمە ئاۋۇستەي بىلەن ئائىشە ئاۋۇستەينىڭ زىممىسىگە يۈكلىنىدۇ. ئۇ ئوقۇغۇچىلارنى ياخشى تەربىيەلەپ بىلىملىك،ساپالىق زور بىر تۈركۈم ئىقتىساد ئىگىلىرىنى،مۇئەللىمەلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىپ،تۇرپان رايونىنىڭ يېڭىچە مائارىپ تەرەققىياتىغا ئۆچمەس تۆھپە قوشىدۇ.

# ئايشەم سايىت ھاجى خانىم

ئايشەم سايىت ھاجى خانىم 1930-يىللار ئەتراپىدا قەشقەردە ياشىغان پىداگوك، مۇئەللىمە خانىم.ئۇ قەشقەردىكى قىز-ئاياللار مائارىپىغا زور تۆھپە قوشقان پىداكار ئاياللاردىن بىرى.

ئۇ 1934-يىلى قەشقەر شەھرىدىكى << يۇمىلاق شاھەر قورغان>> غا تەۋە تېرەكلىك دېگەن يەردە قەشقەردىكى مەرىپەتپەرۋەر تىجارەتچىلەر، مەشھۇر كىشىلەرنىڭ مەبلەغ سېلىشى بىلەن ئېچىلغان<< مەھمۇدىيە>>مەكتىپىنىڭ تۇنجى مۇئەللىمەسى بولغان.بۇ شۇ دەۋردە قەشقەردە دەسلەپ قېلىپ تەسىس قىلىنغان قىزلار مەكتىپى بولۇپ،بۇ مەكتەپتە قەشقەردىكى يۇقىرى قاتلام كىشىلىرىنىڭ باللىرى ئوقۇشقا قوبۇل قىلىنغان.ئەڭ دەسلەپتە بۇ مەكتەپكە 40 ئوقۇغۇچى قىز قوبۇل قىلىنغان بولۇپ،ئايشەم خانىم بۇ مەكتەپتە تاتار مۇئەللىمە مۇنەۋۋەر خانىم بىلەن بىرلىكتە ئوقۇتۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولغان.ئوقۇتۇش-ئوقۇش قىزغىنلىقى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، ھەربىر ئاي، ھەربىر چارەك ۋە مەۋسۇملاردا ياخشى ئۆگەنگەنلەر ئالاھىدە مۇكاپاتلىنىپ تۇرغان. بىراق سىياسى ۋەزىيەتتە ئۆزگىرىش بولۇپ، مەكتەپ ئېچىلىپ ئالتە ئايدىن كېيىنلا تاقىلىپ كەتكەن.

ۋەزىيەت ئوڭشالغاندىن كېيىن يەنە بىر قىسىم مائارىپپەرۋەر كىشىلەر، مەشھۇر زىيالىلار، تىجارەتچىلەر ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئاياللار مائارىپى ھەققىدى تەشۋىقاتنى كۈچەيتكەن. نەتىجىدە، قەشقەردىكى كەڭ ئامما ھەقىقى سەپەرۋەرلىككە كەلگەن. دىنىي زاتلاردىن مەشھۇر ئۆلىما-ئالىم جامال ئاخۇن خەلپىتىم، سودا-سانائەتچىلەردىن مۇھەممەد نىياز مەخسۇم، ئىمىن ھاجىم شىركەت، ئۆزبېك بايلاردىن تىللا قارىم، ئىسرائىل شاڭزوڭ، شېرىپ بەگ، مامۇت ئاخۇن ئولاي، تۇرسۇن ئاخۇن (ئەپەندىم) مەخسۇم، قاسىم ھاجىم

ئاچچىقسۇچى قاتارلىق قەشقەردىكى مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەر باشلامچى بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ بىر-ئىككىدىن قىز پەرزەنتلىرىنى يەڭنىي مەكتەپلەردە ئوقۇشقا ئەۋەتكەن. بۇنىڭ قەشقەر شەھىرىدىكى جامائەتچىلىك ئارىسىدا تەسىرى ئىنتايىن زور بولغان.

ئۇزاق ئۆتمەي قەشقەر شەھىرى ئەنجان كوچىسىدا ئولتۇرۇشلۇق مەرىپەتپەرۋەر بايلاردىن مۆھەددىن جانبايىنىڭ ھەشەمەتلىك ھويلىسىنىڭ 2-قەۋىتىدە « ئاياللار مەكتىپى» قۇرۇلۇپ، ئايشەم سايىت ھاجى خانىم يەنە بۇ يەردىكى مەكتەپكە مۇدىر بولغان. گەرچە سىنىپ بىرلا، ئوقۇغۇچى سانى نىسبەتەن ئاز بولسىمۇ، لېكىن ئۇ قەشقەر تەۋەسىدىكى بىر ئىجادىيەت ۋە يېڭىلىق بولغاچقا، قەشقەر شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يېزا-كەنتلەرگە ئاجايىپ كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن.

جەمىيەتتىكى قىزلار-ئاياللارنى يېڭى يەڭنىي مەكتەپلەردە ئوقۇتۇپ، زامانىۋى بىلىم ئېلىش يۈرىستىگە ئىگە قىلىش جەريانىدا مەرىپەتپەرۋەر زىيالىلار، نوپۇزلۇق كىشىلەرنىڭ ئاغزاكى تەشۋىقاتى، جۈملىدىن ئەدەبىيات-سەنئەت شەكىللىرى بىلەن سەھنىلەردە قىلىنغان تەشۋىقاتتىن ئىبارەت كۈچلۈك سەپەرۋەرلىكنىڭ تەسىرى نەتىجىسىدە بۇ مەكتەپتە قىزلار بىلەن تولغان يەنە بىر سىنىپ پەيدا بولغان،

مەكتەپ ئورنى ئىككىگە كۆپەيگەن.

1935-يىلى قەشقەرنىڭ ئەنجان كوچىسىدا يەنە بىر خانىم-قىزلارنى ئوقۇتىدىغان مەكتەپ قۇرۇلغان بولۇپ،ئايشەم خانىم بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق ۋە مۇدىرلىق خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالغان...شۇ دەۋىر شارائىتىدا قەشقەردە قىزلار مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تەس بولغان ئەھۋال ئاستىدا ئايشەم خانىم پىداكارلىق بىلەن ئوقۇتۇش سېپىدە خىزمەت قىلىپ،قانچىلىغان بىلىملىك،ئىقتىساسلىق قىز-ئاياللارنى تەربىيەلەپ چىققان....

## پاتىمە

هاجى قىز،هاجى خېنىم نامى بىلەن تونۇلغان پاتىمە خوتەنلىك قاسىم هاجى دېگەن كىشىنىڭ قىزى بولۇپ،ئۇ ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكى چاغدا قاسىم هاجىم ئايالىنى ئېلىپ خوتەندىن هەجگە چىقىدۇ.پاتىمە 1907-يىلى مەدىنە شەهرىنىڭ پاتىمە كوچىسىدا تۇغۇلىدۇ.شۇ سەۋەپتىن ئۇنىڭ ئىسمىمۇ پاتىمە دەپ قويۇلىدۇ.پاتىمە تۇغۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ ئاتىسى قاسىم هاجىم كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولۇپ كېتىدۇ.تۇل قالغان يوقسۇل ئانا يېتىم قىزنى ئېلىپ ۋەتەنگە قايتىپ كېتەلمەي ئىلاجىسىزلىقتىن باشقىلارغا يالىنىپ ئىشلەپ،كېلەر يىللىق هەج مەزگىلىگىچە هەرەمدە تۇرۇپ قالىدۇ.1908-يىلى خوتەندىن هەجگە بارغان مەهمۇد هاجى ئىسىملىك كىشى پاتىمەنىڭ ئانىسى ئائىشە خانىنى نىكاهىغا ئالغاندىن كېيىن،تۈركىيىنىڭ ئىستانبۇل شەهرىگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالىدۇ.پاتىمە ئىستانبۇلدا چوڭ بولۇپ،1914-يىلدىن 1918-يىلىغىچە تۈركمەن تىلىدىكى دىنىي مەكتەپتە ئوقۇيدۇ.سوۋېت ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن مەهمۇد هاجى ئايالى بىلەن قىزنى ئېلىپ ئەزەربەيجان پايتەختى باكۇ شەهرىگە كېلىپ ماكانلىشىدۇ.1920-يىلى ئۆزبېكىستاننىڭ ئەنجان شەهرىگە كۆچۈپ كېلىدۇ.1922-يىلىغىچە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇيدۇ.1927يىلدىن 1930-يىلىغىچە تاشكەنت پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا ئوقۇيدۇ.1930-يىلدىن 1934-يىلىغىچە ئەنجان قىزلار گىمنازىيىسىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ ۋە ئەنجان تىياتىرىدا ئارتىس بولىدۇ.1934-يىلى پاتىمە ئۆز ۋەتىنىگە قايتىش ئىشتىياقىدا قەشقەرگە يېتىپ كېلىدۇ. لېكىن بۇ يەردە ئۇنى نۇرغۇن ئېچىنىشلىق هادىسىلەر كۈتىۋالىدۇ.ئۇنىڭ مال-مۈلكى ،ئالتۇن زىبۇ-زىننەتلىرى بۇلاڭچىلىققا ئۇچرايدۇ،بىر ئەمەلدار كىچىك خوتۇنلۇققا ئالماقچى بولۇپ،تەلىپى رەت قىلىنغاندىن

كېيىن پاتىمەنى تۈرمىگە سولىتىۋېتىدۇ.«سوۋېت ئىشپىيونى» دەپ قارىلىپ،قەشقەر كوچىلىرىدا سازايى قىلىنىدۇ.ئابدۇكېرىم مەخسۇت قاتارلىق ئاقكۆڭۈل كىشىلەرنىڭ ئارىلىششى بىلەن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىشنى قەشقەردە ئىجرا قىلماي يەكەندە ئىجرا قىلماقچى بولىدۇ.ئاقكۆڭۈل سودىگەرلەر يەركەن ئەمەلدارىغا كۆپ مىقداردا پارە بېرىپ پاتىمەنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ كېيىنلىككە ئېلىپ چىقىپ خوتەنگە قايتۇرۇپ كېلىدۇ.

پاتىمە خوتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن 1937-يىلى تەرەققىيپەرۋەر زات ئەمەت ھاجىنىڭ قوللاپ مەدەت بېرىشى بىلەن خوتەن شەھرىنىڭ غوجامكۆل دېگەن يەردە پەننىي مەكتەپ ئاچىدۇ.ھازىرقى خوتەن ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنىڭ ئاساسىنى قۇرۇش،خوتەن ۋىلايەتلىك سانائىي نەفسەلەرنى قۇرۇپ چىقىش قاتارلىق ئىشلاردا مۇھىم رول ئوينايدۇ.پاتىمە خەلقنىڭ مائارىپ ۋە سەنئىتى ئۈچۈن جان-پىدالىق بىلەن ئىشلەۋاتقاندا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۇنى «كومۇنىزىمنى تەرغىپ قىلغۇچى»دېگەن جىنايەت بىلەن 1942-يىلى 11-ئايدا تۈرمىگە تاشلايدۇ.پاتىمە تاكى 1946-يىلى 11 بىتىم تۈزۈلگەنگە قەدەر تۆت يىل تۈرمىدە ياتىدۇ.ئۇ تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن داۋاملىق مائارىپ،ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

## مۇشفىقە خانىم

مۇشفىقە خانىم 1930يىللاردا قەشقەردە قىز-ئايالالر مائارىپىغا تۆھپە قوشقان مۇئەللىمە بولۇپ،سالاھىدىن داموللامنىڭ ئايالى.

مۇشفىقە خانىم قابىل،پىشقان،ئىجتىھاتلىق مائارىپچىلاردىن ھېسابلىنىدۇ. ئۇ قەشقەردىكى تۇنجى قىزلار مەكتىپى بولغان«مەھمۇدىيە» مەكتىپى تاقىلىپ ،قايتا قەشقەر شەھرى ئەنجان كوچىسىدا ئولتۇرۇشلۇق مەرىپەتپەرۋەر بايلاردىن مۇھەممەدىن جانباينىڭ ھەشەمەتلىك ھويلىسىنىڭ 2-قەۋىتىدە ئېچىلغان « ئاياللار مەكتىپى»نىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىغا مەسئۇل بولغان . ئۇ بۇ مەكتەپتە باشقا مۇئەللىمەلەر بىلەن بىرلىكتە ئوقۇتۇش خىزمىتىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، دەرسلىك جەھەتتىن يېڭىلىق يارىتىپ ۋە يېتەكچىلىك قىلىپ، مەكتەپلەردىكى ئاياللارنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاشقا پۇختا ئاساس سالدۇ. مەكتەپتىكى قىز-ئاياللارغا ئوقۇش، ئۆگىنىش، بىلىم ئېلىش مەزمۇن قىلىنغان، كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدىغان مۇڭلۇق ناخشىلارنىمۇ ئۆگىتىدۇ.ئوقۇتۇش سۈپىتى ياخشى بولۇپ،ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم سەۋىيەسى تېز يۇقىرى كۆتىرىلىدۇ.ئوقۇيدىغان قىز-ئاياللارمۇ بارغانسېرى كۆپىيىدۇ.

## سوفىيە

ئېزى ھاجىم قىزى سوفىيە تەخمىنەن1920-يىللار ئەتراپىدا تۇغۇلغان بولۇپ، كۇچادىكى مەرىپەتپەرۋەر زات،كۇچا مۇتىۋەرلىرىدىن بىرى بولغان ئېزىز ھاجىمنىڭ قىزىدۇر.

ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ كۇچادىكى ئاكتىپ باشلامچىلىرىدىن بولغان ھامۇت ھاجى(1882-1932،شىڭشىسەي تۈرمىسىدە ئۆلتۈرۈلگەن)چەتئەللەردە ئوقۇپ، زىيارەت قىلىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن كۇچادىمۇ يېڭىچە مەكتەپ ئېچىپ خەلقنى

ئويغىتىش ئۈچۈن زور كۈچ چىقىرىدۇ.ئەمما ئۇ دەۋرىدىكى «جەدىدىزىم »غا بولغان قارشىلىق،مۇتەسسىپلىك.خۇراپاتلىق،نادانلىقنىڭ ئېغىر بولۇش سەۋەبىدىن ئۇ قۇرماقچى بولغان يېڭىچە مەكتەپكە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش تەسكە توختايدۇ.يېڭىچە مائارىپنىڭ زۆرۈرلىكىنى چۈشەندۈرۈشلەر نەتىجىسىدە باشقا كۈچا مۆتىۋەرلىرى بىلەن باش بولۇپ ئېزىز هاجىم ئوغلى ئابدۇللا ۋە قىزى سوفىيەلەرنى مەكتەپكە بېرىشنى قارار قىلىدۇ.

جاھىل كۈچلەر قىزلار ئەمەس ھەتتا ئوغۇللارنىڭ بۇ مەكتەپتە ئوقۇشىغا قارشى تۇرۇپ،مەكتەپنى تاقاش كېرەك،دەپ چۇقان كۆتۈرۈپ،قالايماقانچىلىق پەيدا قىلىۋاتقان ۋە ئىلغار زىيالىيلارغا توختىماي زىيانكەشلىكلەر بولۇپ تۇرىدىغان ئاشۇنداق ئەھۋالدا سوفىيە خانىم بۇ يېڭىچە مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرىدۇ.1931-يىلى بۇ مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن كۈچادىكى تۇنجى يېڭىچە مەكتەپتە يېتىشىپ چىققان مۇئەللىمە بولۇپ قالىدۇ ۋە مائارىپ سېپىدە خىزمەت قىلىپ،ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ھەركىتىدىكى پىداكار ئۇستازلاردىن بولۇپ،يېڭىچە مائارىپ ئۈچۈن ھەسسە قوشىدۇ.

## بۈۋى خەلچە خانىم

بۈۋى خەلچە خانىم 1930-يىللاردا قەشقەردە تۇغۇلۇپ،ياشاپ ئۆتكەن ئايال بولۇپ، قەشقەردىكى مەشھۇر ئىمىن ھاجىم خەلپىتىمنىڭ ئوغلى ئىبراھىم ئاخۇن خەلپىتىمنىڭ ئايالى. ئۇ 1885-يىلى قەشقەردە ئەڭ بۇرۇن قۇرۇلغان ،قىزلارنى تەربىيەلەيدىغان دىنىي مەدرىسەنىڭ ئۇستازى بولۇپ ھاياتىنى قىز-ئاياللارنى دىنىي بىلىملەر بىلەن تەربىيەلەش بىلەن ئۆتكۈزگەن.

ئىلىم-مەرىپەتنىڭ ئانا ماكانى بولغان قەشقەردە تارىختىن بىرى خەلقىمىز ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ئىلمىي ۋە ئەخلاقىي تەربىيەت مەسىلىلىرىگە ئىزچىل كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن. جۈملىدىن قىز پەرزەنتلىرى، ئەھلى ئاياللىرىنىڭ بىلىم ئېلىش، ئوقۇش، ئەخلاقىي تەربىيەدىن بەھرىمەن بولۇش ئىشلىرىغا باش قاتۇرۇپ، ئىمكانىيەت ۋە شارائىت يارىتىپ بەرگەن. بۇ تەربىيەت مۇساپىسى مەھەللىۋى دىنىي مەكتەپلەر، مەشھۇر بۈۋى-خېنىملار ۋە پازىل ئالىم-ئۆلىمالارنىڭ ھوزۇرىدىكى خۇسۇسىي مەكتەپلەردە، مەخسۇس قىز-ئاياللار سىنىپلىرىدا داۋاملىشىپ كەلگەندى ھەم بۇ ساھەدە قىز-ئاياللارنى ھىدايەتكە يېتەكلىگۈچى رەھنامالار، نوپۇزلۇق ئايال مۇئەللىملەر بارلىققا كەلگەندى. پەقەت يېقىنقى زامانىنى ھېسابلىغاندىمۇ، 30-يىللارنىڭ ئالدى-كەينىدە قەشقەر دائىرىسىدە ناھايىتى نۇرغۇن مەھەللىۋى دىنىي مەكتەپلەر بولۇپ،ئۇلاردىن مەشھۇر ۋە تارىخى ئۇزۇن بولغان دىنىي مەكتەپلەردىن بىرى بۈۋى خەلچە خانىم ھوزۇرىدىكى مەكتەپتۇر.

بۇ مەكتەپ قىز-ئاياللارنى تەربىيەلەش ئۈچۈن قەشقەردە ئەڭ بۇرۇن قۇرۇلغان دىنىي مەكتەپ بولۇپ،بۈۋى خەلچە خانىمنىڭ قېيىن ئاتىسى ئىمىن ھاجىم خەلپىتىم تەرىپىدىن قەشقەر شەھىرى توختى مىراخور كوچىسى( ھازىرقى سۈت-قايماق كوچىسى) دىكى مەرىپەتپەرۋەر زات مۇھەممەد ئەلى شاڭيۇملارنىڭ خۇسۇسىي جايىغا قۇرۇلۇپ،ئىمىن ھاجىم خەلپىتىم باشقۇرۇپ كەلگەن. مەكتەپ 1885-يىلى قۇرۇلغاندىن تارتىپ قەشقەردىكى نۇرغۇن ئىلىم تەشنالىرىنى تەربىيەلەپ چىققان.بۈۋى خەلچە خانىم ئىمىن ھاجىم خەلپىتىمنىڭ ئوغلى ئىبراھىم ئاخۇن خەلپىتىمگە ياتلىق بولغاندىن كېيىن،بۇ مەكتەپتە ئوقۇتۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇپ،ئۇزۇن زامانلار مابەينىدە قىز-ئاياللارنى تەربىيەلەپ ئوقۇتۇپ كەلگەن.

دۇنياۋى پەن-تېخنىكا ۋە سانائەت ئىنقىلابىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى ۋە " قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابى" نىڭ غايەت زور تۈرتكىسىدە 20-ئەسىرنىڭ 20-يىللىرىدىن ئېتىبارەن پەيدا بولغان ئىدىيە-مەدەنىيەت ساھەسىدىكى يېڭى يۈزلىنىش يۇقۇرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدۇ، مائارىپ ساھەسىدە دۇنياۋى ئىلىم-پەنگە يۈرۈش قىلىش، مەكتەپلەردە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىدىيە جەھەتتە دېموكراتىيە- خەلقچىللىقنى تەشەببۇس قىلىشنىڭ دولقۇنى بىلەن قەشقەردە داغدۇغىلىق ھالدا يېڭى مائارىپ، يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى باشلىنىپ، نۇرغۇن كونا مەكتەپ، كونا مەدرىسلەردە يېڭى ئۇسۇل بىلەن زامانىۋى ئىلىم-پەندىن دەرس ئۆتىدىغان يېڭى ئىلىم مەركەزلىرى قەد كۆتۈردۇ. خالىس نىيەتلىك، پىداكار، مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەر مەكتەپلەرگە ئوقۇتقۇچى ۋە مەكتەپ يېتەكچىلىرى بولدۇ.بۇۋى خەلچە خانىم ھوزۇرىدىكى بۇ مەكتەپمۇ قەدىمي شەھەر قەشقەردە كەڭ ئاياللار-قىزلارنىڭ يېڭىچە پەنني بىلىملەرنى ئۆگىنىشنى مەركەز قىلغان يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى قوزغىلىپ، يېڭى ئاڭ، يېڭى ئۇسلۇبتىكى ئاياللار-قىزلار مائارىپ دەۋرى باشلانغان شۇ ئويغىنىش دەۋرىدە ئاكتىپلىق بىلەن باشلامچى بولۇپ ئىسلاھ ئېلىپ بېرىپ،دىنني ئىلىملەر بىلەن بىر قاتاردا يېڭىچە دەرسلىكلەرنى يولغا قويۇپ،قىز-ئاياللارنى ئوقوتۇش پىروگراممىسىغا كىرگۈزىدۇ.بۇۋى خەلچە خانىمنىڭ يولدىشى ئىمىن ئاخۇن خەلپىتىم ئابدۇقادىر داموللامدەك ئىلغار دىنني زاتلارنىڭ تۈرتكىسىدە مەدرىسىگە پارتا-ئورۇندۇق قاتارلىقلارنى ياسىتىپ تالىپلارنىڭ يېڭىچە ئولتۇرۇپ دەرس ئاڭلىشىغا ئىمكانىيەت ھازىرلايدۇ.تالىپلارغا شېئىر،ناخشا ئۆگىتىپ،سەپكە تىزىپ.كوچىغا چىقىپ رەتلىك يۈرۈش قىلدۇرۇپ دىنني مەكتەپلەردىكى ئوقۇش تۈزۈمىگە يېڭىچە ئىسلاھات ئېلىپ باردۇ.بۇنداق ئىشلار شۇ چاغدىكى خەلق ئاممىسىغا نىسبەتەن ئاجايىپ يېڭىلىق بولۇپ تەسىر قىلغاچقا ئۇلارنى ھاياجانغا سالدۇ.لېكىن ئايرىم مۇتەسسىپ كىشىلەر بۇ يېڭىلىقلارغا قارشىلىق بىلدۈرۈپ

«جەدىت»(دىنسىزلار) دەپ ئاتىشىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ قارشىلىقى يېڭىلىققا ئىنتىلىۋاتقان تالىپلارنىڭ ۋە ئىلغار زاتلارنىڭ ئىرادىسىنى تەۋرىتىپ قالمايدۇ.شۇ قاتاردا قىزلار سىنىپلىرىمۇ ئىسلاھ قىلىندۇ.ئىلغار ئىدىيىلىك،مەلۇماتلىق تاتار مۇئەللىمەلەردىن بولغان خەدىچە مۇزەپپەر خانىم بۇ مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىنىپ،بۇۋى خەلچە خانىمغا ياردەملىشىپ دەرس ئۆتىدۇ.خەدىچە مۇزەپپەر خانىم بۇ يەردە قىز-ئاياللارغا مەدەنىيەت دەرسلىرىنى بېرىدۇ.ئۇ پىشقان،ئىلغار پىكىرلىك،بىلىملىك مائارىپچىلاردىن بولغىنى ئۈچۈن ئوقۇتۇشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، دەرسلىك جەھەتتىن يېڭىلىق يارىتىپ ۋە يېتەكچىلىك قىلىپ،تالىبە قىز- ئاياللارنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاشقا پۇختا ئاساس سالىدۇ. مەكتەپتىكى قىز-ئاياللارغا ئوقۇش، ئۆگىنىش، بىلىم ئېلىش مەزمۇن قىلىنغان ناخشا-شېئىرلارنى ئۆگىتىدۇ...

مەشھۇر ئۇستاز بۇۋى خەلچە خانىمنىڭ قان-تەرى،ئەجرى سىڭگەن، تارىخى ئۇزۇن،داڭلىق بۇ مەكتەپ قەشقەردىكى قىز-ئاياللارنى دىنىي ۋە يېڭىچە دەرسلەر بىلەن تەربىيەلەپ،ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەركىتى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشقان مەدەنىيەت بۆشۈكلىرىدىن بىرى بولۇپ قالىدۇ.

## قەمبەرخان ئابدۇللا

«تاشكەنتچىلەردىن»دىن بىرى بولغان قەمبەرخان ئابدۇللا 1924-يىلى توقسۇندا ئابدۇللا داموللام ئائىلىسىدە تۇغۇلغان.1932-يىلىغىچە ئائىلە تەربىيەسىدە بولغان.1932-يىلى ئائىلىسى بىلەن ئۈرۈمچىگە كۆچۈپ كېلىپ،1937-يىلىغىچە ئۈرۈمچى قىزلار مەكتىپىدە ئوقىغان.1937-يىلى كۈزدە تاشكەنتكە ئوقۇشقا بارغان.ئۇ

دەسلەپكى ئۈچ يىل رۇسچە مەكتەپتە ئوقۇپ،رۇس تىلى يېزىقىنى مۇكەممەل ئىگىلىگەن.ئالىي بىلىم يۇرتىغا كىرىپ ئوقۇماقچى بولغاندا،قەمبەرخان ئۈچۈن كېلىشمەسلىك يۈز بەرگەن.1940-يىلىنىڭ باشلىرىدا قەمبەرخاننىڭ ئاتىسى ئابدۇللا داموللام «خائىن»نامى بىلەن تۈرمىگە تاشلانغان.ئۇ پەرزەنتلىرى«خائىننىڭ ئەۋلادى»دېگەن نام بىلەن قايتۇرۇپ كېلىنگەن كىشىلەر قاتارىدا قەمبەرخانمۇ «خائىن ئەۋلادى»دېيىلىپ،ئۈرۈمچىگە قايتۇرۇپ كېلىنگەن.ئۇ 1940-يىلىدىن 1941-يىلىغىچە 2 يىل تىببىي مەكتەپتە ئوقۇپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۈرۈمچى 2-دوختۇرخانا(هازىرقى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسى)غا تەقسىم قىلىنغان.دوختۇرخانىدا بىر يىل ئىشلىگەندىن كېيىن «خائىننىڭ بالىسى»دېگەن نام بىلەن خىزمەتتىن قالدۇرۇلغان.شۇندىن كېيىن قەمبەرخان يولدىشى تۇرسۇن ئابدۇرېھىم بىلەن (شىنجاڭدىكى 3-قارار تاشكەنتچى ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىرگە تاشكەنتتىكى ئوتتۇرا ئاسيا ئونىۋېرستىتىنىڭ مەمۇرىي هوقوق فاكولتېتىدا ئوقىغان)بىرگە ئىنقىلابى ياشلار تەشكىلاتىغا قاتنىشىپ ،گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەش ئېلىپ بارغان.توقسۇن پارتىزانلىرىغا دورا قاتارلىق ماددىي ئەشيالارنى يەتكۈزۈپ بەرگەن.1947-يىلى بۇرهان شەهىدىنىڭ رەپىقىسى رەشىدە خانىمنىڭ تەكلىپى بىلەن ئۈرۈمچى قىزلار مەكتىپىدە رۇس تىلى ئوقۇتقۇچىسى،مەكتەپ دوختۇرى بولۇپ،شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانغا قەدەر شۇيەردە خىزمەت قىلىپ كەلگەن ۋە كېيىنمۇ داۋاملىق سەهىيە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان.

# بۇۋەرىخان بۇۋىم

بۇۋەرىخان بۇۋىم 1930-يىللاردا قەشقەردە قىز-ئاياللارنىڭ دىنىي ۋە پەننىي جەھەتتىن تەربىيەلىنىشىگە زور تۆھپە قوشقان مۇئەللىمەلەردىن بىرى.

بۇۋەرىخان بۇۋىم قەشقەردە ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەركىتى قوزغىلىشتىن بۇرۇن ئۆزى مەكتەپ ئېچىپ، قىز-ئاياللارغا دىنىي ئىلىملەرنى ئۆگىتىپ كەلگەن ئايال ئۇستازلاردىن بولۇپ،ئۇنىڭ ھوزۇرىدىكى مەكتەپمۇ قەشقەردىكى ئەڭ مەشھۇر دىنىي مەكتەپلەردىن بولغان ۋە نۇرغۇن قىز-ئاياللارنى دىنىي مەلۇماتلىق قىلىپ تەربىيەلەپ كەلگەن.كېيىن ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ دولقۇنىدا قەشقەردىكى  بۇ خىلدىكى مەكتەپلەر قوشۇۋېتىلگەن.

ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەركىتىنىڭ تەسىرىدە قەشقەردىمۇ يېڭىچە مائارىپقا ئىنتىلىپ، يېڭىچە مائارىپ تۈزۈمىدىكى مەكتەپلەردە ئوقۇغان نۇرغۇن قىز-ئاياللار قاتارىدا بۇۋەرىخان بۇۋىممۇ شۇ مەكتەپلەردە ئوقۇپ،ھەم دىنىي مەلۇماتلىق ھەم ئىلغار ئىدىيىلىك،بىلىملىك ئىلغار ئايال زىيالىيلار قاتارىغا قېتىلغان.ئۇ يەنە ئايال مۇئەللىمەلەرنى تەربىيەلەيدىغان «دارىلمۇئەللىمات»نى ئوقۇپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن يېڭىچە مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچى بولغان. ئەينى دەۋردىكى تارىخى شارائىت، خەلقنىڭ ئاڭ-سەۋىيەسى، زامان چەكلىمىسى، مىللىي ئۆرپ-ئادەت، دىنىي ئېتىقاد مەسىلىرىنىڭ مىللىيلىق، تارىخىيلىق، ئاممىۋىيلىق، خەلقئارالىق، ئۇزاق مۇددەتلىك ئىكەنلىكىدەك خۇسۇسىيەتلىرىگە ئاساسەن، مەكتەپنىڭ جەمىيەتتىن، خەلقنىڭ ھىمايىسىدىن ئايرىلىپ قالماسلىقى ۋە ئەخلاق تەربىيەدە ئېتىقادنى يېتەكچى قىلىش ئۈچۈن، يېڭىچە مەكتەپلەردىكى دەرسلەر قاتارىدا مەخسۇس دىن دەرسىمۇ تەسىس قىلىنغان.بۇۋەرىخان بۇۋىم بۇ مەكتەپلەردە دىنىي دەرسلەرگىمۇ مەسئۇل بولۇپ، " قۇرئان كەرىم"، " قۇرئان

كەرىم" نى ئوقۇش قائىدىلىرى ھەققىدىكى " ئىلمي تەجۋىد" قاتارلىقلاردىن دىنىي دەرس بېرىپ، بۇ يەردىكى خانىم-قىزلارنى ئىمان-ئېتىقادلىق كىشىلەردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈشكە كۈچ چىقارغان.

بۈۋەرىخان بۈۋىم ئەنئەنىۋى دىنىي ئۇستازلىقتىن يېڭىچە مائارىپ بىلەن تەربىيەلىنىپ چىققان دارىلمۇئەللىمات ئوقۇغۇچىسى،ئوقۇتقۇچى بولۇشقىچە ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىپ ۋە ئۆگىتىپ ، شۇ دەۋردىكى ئىمان-ئېتىقادلىق،دىنىي مەلۇماتلىق،يېڭىچە مائارىپ تەربىيەسى كۆرگەن پىشقان پىداگوكلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ،ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەركىتى دولقۇنىدا خەلقنى ئاقارتىش ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشقان ئۇستاز ھېسابلىنىدۇ.

## مەريەم بوتا ھاجىيوف خانىم

مەريەم بوتا ھاجىيوف خانىم 1900-يىللاردا تۇغۇلغان.ئاتۇش،قەشقەر،غۇلجىلاردا مائارىپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان پىشقان پىداگوك.ئىلغار ئۇيغۇر ئايال زىيالىيلىرىدىن .ئۇ مەشھۇر مائارىپچى موللا باقى بوتا ھاجىيۇف ئەپەندىنىڭ خانىمى بولۇپ،يولدىشى بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىغا ئالاھىدە تۆھپە قوشقان مۇئەللىمەلەردىن بىرى.

ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەركىتىنىڭ تۈرتكىسىدە قەشقەردىمۇ كۆتۈرۈلگەن يېڭىچە پەننىي مەكتەپلەرنى قۇرۇش-ئوقۇتۇش ئىشلىرى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرىلىدۇ.جۈملىدىن قىز-ئاياللار مائارىپىمۇ ئالاھىدە جانلىنىدۇ. 1937-يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى

تۇمەن دەرياسى تەرەپتىكى " پاخال بازىرى " دېگەن جايدا ئولتۇرۇشلۇق مەرىپەتپەرۋەر ئابدۇراخمان باينىڭ خۇسۇسىي جايىغا تەسىس قىلىنغان مەكتەپكە ئاياللارنىڭ سەككىز سىنىپى يۆتكىلدۇ. بۇ يەردىكى دەسلەپ باشلانغۇچ، كېيىن مەخسۇس ئاياللار ئوقۇيدىغان قىلىنغان مەكتەپ كېيىنكى چاغلاردا خەلق ئارىسىدا « چوكانلار مەكتىپى »دەپ ئاتالغان. بۇ يەردىكى سىنىپلار قەشقەر ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى، مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ، مەريەم بوتا ھاجىيۇۋ خانىم ئەڭ دەسلەپ « چوكانلار مەكتىپى» گە يولدىشى موللا باقى بوتا ھاجىيۇۋ ئەپەندى بىلەن بىرلىكتە مۇدىر ۋە مۇئاۋىن مۇدىر بولىدۇ.ئۇلار ئەينى دەۋردىكى كۆزگە كۆرۈنگەن زىيالى، پىشقان پىداگوكلار بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ياخشى باشقۇرۇشى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ، تەلىم-تەربىيە سۈپىتى پەيدىنپەي يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ.

1942-يىلى موللا باقى بوتا ھاجىيۇۋ ئەپەندى قەشقەردە قولغا ئېلىنىپ مۇستەبىت گومىنداڭ تۈرمىسىگە قامىلىدۇ.شۇنىڭ بىلەن مەريەم بوتا ھاجىيۇۋ خانىم 15 ياشلىق قىزى راھىلە بوتا ھاجىيېۋنى ئېلىپ غۇلجىغا كۆچۈپ كېتىدۇ.(ئەمما ئۇنىڭ كېيىنكى ھاياتىي پائالىيەتلىرى ھەققىدە باشقا مەلۇمات يوق.)

## راھىلە بوتا ھاجىيىۋا

موللا باقى قىزى راھىلە بوتا ھاجىيىۋا 1927-يىلى ئۈستۈن ئاتۇشتا تۇغۇلغان بولۇپ،ئوقۇش يېشىغا يەتكىچە ئۈستۈن ئاتۇشتا ئائىلە تەربىيەسىدە بولغان. ئۇ 1936-يىلىغىچە ئۈستۈن ئاتۇش قايىراق باشلانغۇچ مەكتەپتە،1941-يىلىغىچە

قەشقەردىكى گىراژدانلار قىزلار مەكتىپىدە ئوقىغان.1942-يىلى ئاتىسىنىڭ قەشقەردە قولغا ئېلىنىپ مۇستەبىت ھاكىمىيەتنىڭ تۈرمىسىگە تاشلىنىش سەۋەبى بىلەن ئاپىسى مەريەم بوتا ھاجىيۇۋ خانىم بىلەن بىللە غۇلجىغا كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلاشقان.1945-يىلىغىچە تىببى داۋالاش بويىچە تېز يېتىشتۈرۈش كۇرسىدا ئوقۇپ،ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ھەرقايسى جەڭ مەيدانلىرىدا سېستىرا بولۇپ ئىشلىگەن.ئۇ مىللىي ئارمىيەنىڭ جەڭچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەكسىيەتچىلەرگە قارشى ئىنقىلاب ئوتى ئىچىدە يارىدارلارنى داۋالاش ۋە قۇتقۇزۇش ئىشلىرىغا قاتنىشىپ شەپقەت ھەمشىرىسى رىزۋانگۈلدەك ئازادلىق ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان.1949-يىلى ئۆزبېكىستانغا ئوقۇشقا بېرىپ تاشكەنت تىببي ئونۋېرستىتىدا بەش يىل ئوقىغان ۋە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر بويىچە يۇقىرى دەرىجىلىك ۋىراچ ئىلمى ئۇنۋانى بىلەن ئوقۇش پۈتتۈرگەن ھەم 1953-يىلى ئۇنىڭ ئوقۇش نەتىجىسى ئالاھىدە يۇقىرى بولغانلىقى ئۈچۈن تاشكەنت يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىدا خىزمەتكە ئورۇنلاشقان.شىنجاڭنىڭ مىللىي تىل-يېزىقتىكى زامانىۋى تىببى دەرسلىكلىرىنىڭ يوق دېيەرلىك ئىكەنلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ 1956-يىلى ۋە 1957-يىللىرى ئىچكى كېسەللىكلەر ۋە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر قاتارلىق بىريۈرۈش زور ھەجىمدىكى كىتابلارنى روسچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ،تاشكەنت شەرىق ھەققىتى نەشرىياتىدا باستۇرۇپ شىنجاڭغا ئەۋەتكەن.بۇ كىتاپلار شىنجاڭدىكى تىببى تېخنىكوملاردا دەرسلىكلەرنىڭ كەمچىل بولىشىدەك بوشلۇقنى تولۇقلاپ،ياخشى ئالقىشقا ئېرىشكەن.1987-ۋە 1989-يىللىرى راھىلە بوتا ھاجىيىۋا شىنجاڭغا كېلىپ ئاتۇش،قەشقەر ۋە ئۈرۈمچىلەردە تىببى خادىملارغا ھازىرقى زامان تىببى ئىلمىنىڭ يېڭىلىقلىرى ۋە باشقا تۈرلەر بويىچە دەرس ئۆتكەن ۋە نۇرغۇن ئېغىر بىمارلارنى داۋالاپ ساقايتىپ يۇرتداشلىرى ئالدىدا ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلغان.ئۇ ياشنىڭ قالغىنىغا قارىماستىن

«مىڭ خىل دەردنىڭ داۋاسى»ماۋزۇلۇق كىتابنى يېزىپ،ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جۇڭگوچە داۋالاش دورىلىق قىممىتىگە ئىگە 500خىلدىن ئارتۇق شىپالىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ رەسىملىرى بىلەن تونۇشتۇرۇلغان قامۇسنى «يېڭى ئەسر ئەۋلادى» نەشرىياتىدا باستۇرۇپ ئاپتونوم رايونىمىزغا ئەۋەتىش ئارقىلىق ئۆز ئانا ۋەتىنىگە،خەلقىگە تەقدىم قىلدى.راھىلە خانىم گەرچە چەتئەلدە مۇھاجىر بولۇپ ياشاۋاتقان بولسىمۇ،ۋەتەندىكى قېرىنداشلىرى ئۈچۈن ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتە جان كۆيدۈرۈپ،تۆھپە قوشۇپ كەلدى.ئۇنىڭ "مىڭ دەرد داۋاسى"ناملىق كىتابى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ،خەلقىمىزنىڭ كۆرۈپ پايدىلىنىشىغا سۇنۇلدى.

## بېلىقىز باھاۋىدىن مۇسابايېۋا خانىم

بېلىقىز باھاۋىدىن مۇسابايېۋا خانىم 1930-يىللاردا مائارىپ خىزمىتى بىلەن مەشغۇل بولۇپ،قىز-ئاياللارنى يېڭىچە ئوقۇتۇشتا زور تۆھپە قوشقان پېداگوگ مۇئەللىمەلەردىن بىرى.

بېلىقىز باھاۋىدىن مۇسابايېۋا خانىم ئوقۇتۇش خىزمەتلىرى بىلەنلا قالماي،قىز-ئاياللار مەكتەپلىرى ۋە دارىلتاملاردا مۇدىر قاتارلىق مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.1934-يىلى قەشقەر ياۋاغ كوچىسى گۆر مەھەللىسىدىكى " دومباخانا"ئورنى بۇزۇلۇپ،«دارىلتام» قۇرۇلغاندىن كېيىن، مەكتەپنىڭ پەس تەرەپتىكى سىنىپلىرىدا ئوغۇللار، ئۈستى تەرىپىدە قىزلار ئوقۇيدىغان، مەخسۇس قىزلار سىنىپلىرى 12 دىن ئارتۇق بولۇپ، 350ـــ400 دەك ئوقۇغۇچى، 20دىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچى بار بۇ چوڭ كۆلەمدىكى

مەكتەپكە بىلقىز خانىم مۇدىرە بولىدۇ.

1937ـيىلى قەشقەر ئەنجان رەستە ئىچىدىكى «سۇلتاھ مازار غوجام»قەبرىستانلىقى چىقىلىپ ئورنىغا قۇرۇلغان ۋە كىيىن«گىراژدانلار مەكتىپى»دەپ ئاتالغان مەكتەپكىمۇ بىلقىز خانىم مۇدىرە بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ.

بىلقىز خانىم بۇ مەكتەپكە مۇدىر بولىدۇ. بۇ مەكتەپتە سەككىز سىنىپ،300دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى بولۇپ،قەشقەردىكى مائارىپ دولقۇنىدا كەينى ـ كەينىدىن قۇرۇلغان بۇ قىز ـ ئاياللار مەكتەپلىرىگە مەسئۇل بولۇش شۇ دەۋىر شارائىتىدا كۈچلۈك مەسئۇلىيەت ۋە پىداكارلىقنى تەلەپ قىلىدىغان ئېغىر ۋەزىپە.قىز ـ ئاياللارنى ئاقارتىش ئىشلىرىغا ئۆزىنى بېغىشلىغان بۇ پىداكار مۇئەللىمە،قابىل مائارىپچى ئۆز خىزمەتلىرىنى ھەرقاچان ياخشى ئورۇنلايدۇ. بۇ مەكتەپلەردە ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۆپىيىشى ۋە سۈپىتىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى بىلەن ، قەشقەردىكى ئاياللار مائارىپى يۈكسىلىپ، يېڭى باسقۇچ، يېڭى تەرەققىياتقا ئېرىشىدۇ.

بۇ مەكتەپلەردە ھازىرقى زامان پەن ـ مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىشتە ئاساس بولىدىغان دەرسلەردىن ھېساب، " ئانا تىل" نامىدىكى ئۇيغۇر تىلى قائىدىلىرى، ئەدەبىيات، تارىخ، خەنزۇ تىلى، ئەخلاق دەرسلىكى، " يۇرت بەلگىسى" نامىدىكى جۇغراپىيە، تەبىئەت، ئېقىم مەسىلىلىرى، دۇنيا تارىخى، ناخشا، رەسىم، تەنتەربىيە ، " ھېپىزى سەھەت" ( يەنى ھازىرقى " گىگىېنا" دەرسى) قاتارلىق دەرسلەر تەسىس قىلىنغان.شۇنداقلا قەشقەردىكى دىنىي ئالىم،ئىلىم ئەھلى بولغان ئەر،ئايال ئۇستازلار قۇرئان كەرىم ،تەجۋىد ۋە باشقا دىنىي دەرسلەرنى بېرىشكە تەكلىپ قىلىنىپ ،قىز ـ ئاياللارنى پەننىي جەھەتتىلا ئەمەس، ئىمان ـ ئېتىقادلىق،دىنىي تەربىيە كۆرگەن،ھەر جەھەتتە يېتىشكەن، ساپالىق ئاياللاردىن قىلىپ تەربىيەلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن.

بۇ مەكتەپلەردە ئالتە كۈن ئوقۇپ، جۈمە كۈنى دەم ئېلىش كۈنى قىلىنغان. دەرسلەر

سائەت ھېسابىدا، ھېساب كۈندە ئىككى سائەتتىن ھەپتىسىگە 12 سائەت، ئەدەبىيات ۋە ئۇيغۇر تىلى دەرسى كۈنىگە ئىككى سائەتتىن ھەپتىسىگە 12 سائەت، خەنزۇ تىلى دەرسى ھەپتىدە ئۈچ ـتۆت سائەت، قالغان دەرسلەرمۇ ھەپتىسىگە ئىككى سائەتتىن قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان. دەرسلەر چۈشتىن بۇرۇن 4 سائەت، چۈشتىن كېيىن 4 سائەت قىلىپ ئايرىلغان، ھەر بىر دەرس سائىتى 40 مىنۇتتىن 50 مىنۇتقىچە بولغان. مەكتەپلەردىكى دەرسلىك ۋە ئوقۇتۇش تۈزۈمىمۇ ئاساسەن سوۋېتلەردىن كەلگەن ۋە شۇلارغا تەقلىد قىلىنغان. بۇ دەرسلەر مەخسۇس سائەت، مەخسۇس پروگرامما، مۇقىم ئوقۇتقۇچى بولغان ھالدا ئىزچىل ۋە مۇنتىزىم ، تولۇق ئوقۇتۇلغان...بۇنداق سىستېمىلىق دەرس ئوقۇتۇش پىروگراممىلىرىنىڭ نەتىجىسى شۇ بولغانكى،ئەشۇنداق خىزمەتلەر نەتىجىسىدە شۇ دەۋىردە قەشقەردىكى ئاياللار مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ تارىخى ئىنتايىن شەرەپلىك بولۇپ، داغدۇغىسى چوڭ، يېتىشتۈرگەن ئىقتىساسلىق خادىملىرى كۆپ، تەلىم-تەربىيە سۈپىتى يۇقۇرى بولغان .بۇ نەتىجىلەر مانا مۇشۇنداق بىلىقىز خانىم كەبى قابىل مائارىپچى،پىداگوكلارنىڭ جاپالىق ئەجرى-مېھنىتى بەدىلى بىلەن بولغان بولۇپ،بىلىقىز باھاۋىدىن مۇساباييۋا خانىم قەشقەردىكى ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىدە قىز-ئاياللار تەربىيەسى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشقان پىداكار ئۇستازلاردىن ھېسابلىنىدۇ.

## ئايخان ئانا




ئايخان تۇردى ( 1882ـ1942) ، ئايال ، ئۇيغۇر، غۇلجا شەھرىدە ئۆتكەن تۇردى باينىڭ قىزى. ئۇ كىچىكىدە، ئىلغار زاتلار ئاچقان ھازىرقى زامان مەكتىپىدە ئوقۇغان.

غۇلجا شەھەر قازانچى تەۋەسىدە 60 يىللىق تارىخقا ئىگە باشلانغۇچ مەكتەپنى قۇرغان. (ھازىرقى 21- باشلانغۇچ مەكتەپ)، «ئايخان مەكتەپ» نامى بىلەن تا ھازىرغىچە ئاتىلىپ كەلمەكتە.

ئايخاننىڭ يولدىشى ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، ھېچقانداق پەرزەنت قالمىغان، يولدىشى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئايخان ئېنتايىن يالغۇزلۇق ھىس قىلغان، ئۇ جەمئىيەتتە سەرگەردان يۈرگەن ئوقوش يېشىدىكى باللارنى كۆرۈپ، ئۇلارغا قىزغىن ھىسداشلىق قىلىپ، يولدىشىدىن قالغان مىراس ۋە ئاتىسىدىن قالغان بارلىق مال- مۈلكى بىلەن مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا بەل باغلايدۇ. 1934- يىلى ئۇ ئاخىرى ئۆزىنىڭ قازانچىدىكى قورۇسىدا يېتىملار مەكتىپىنى قۇرىدۇ. بۇ مەكتەپكە ئائىلە مەكتىپى دەپ نام قويىلىدۇ. لېكىن ئاما ئۇنى ئايخان مەكتىپى دەپ ئاتىغان. شۇ مەزگىللەردە فىئودال مۇستەبىت كۈچلەر ئاياللارنىڭ مەكتەپ ئېچىشىغا بار كۈچى بىلەن قارشى تۇرغان، بەزى بايلار ئۇنى « بۇ ساراڭ ئايال بىر توپ باللارنى يىغىۋېلىپ بىكار پۇل خەجلەۋاتىدۇ دەپ مەسخىرە قىلغان». لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى ئايخاننىڭ مەكتەپ ئېچىش ئىرادىسىنى تەۋرىتەلمىگەن.

روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋى ۋە « 4- ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىش»نىڭ سىياسى تەسىرى ئايخاننىڭ مەكتەپ ئېچىش ئىرادىسىنى تېخمۇ چىڭىتقان. شۇ مەزگىلدە ئۇنىڭ مەكتىپىدىكى يېتىم باللار 300 دىن ئاشقان بولۇپ، ھەممىسى مەكتەپ فورمىسى كىيىپ كوچىدا يۈرگەندە كىشلەر بۇ ئايخان مەكتەپىنىڭ ئوقوغۇچىلىرى دەپ بىلەتتى. ئايخان ئوقوغۇچىلارنى ئەتراپلىق تەربىيىلىگەن، بۇ مەكتەپتە ئوقوغان كىشلەرنىڭ ئەسلىمىسى بويىچە بىر ئوقوغۇچى ئايخاندىن كاللا پاقالچەك دېگەن نىمە دەپ سورىغاندا، ئايخان ئاشپەزنى ئەكلىپ 300دىن ئارتوق ئوقوغۇچىغا كاللا پاقالچەك پىشۇرۇش دەرىسىنى ئۆتكەن. ئايخان ھەر قېتىم سىرتقا چىقىپ قايتىپ كەلگەندە، ئوقوغۇچىلارغا ئويۇنچۇق

قاتارلىق سوغىلارنى ئېلىپ كېلەتتى. ھېيت ـ بايراملاردا بارلىق ئوقوغۇچىلارغا كەمپۈت قاتارلىق يېمەكلىك سېلىنغان خالتىلارنى تارقىتىپ بېرەتتى. ئايخان مەكتەپتىكى ئوقوغۇچىلارغا كۆڭۈل بۆلۈپلا قالماستىن، بەلكى جەمئىيەتتىكى نۇرغۇن بالىلارنىڭ ۋەسىسى بولغان. ئۇ بالىلارنى ئوقۇتۇپلا قالماستىن، چوڭ بولغان بالىلارنىڭ ئۆيلىنىشىگە، خىزمەت تېپىشىغا ياردەملەشكەن. شۇڭا،مەكتەپتىكى ئوقوغۇچىلار ئۇنى ھۆرمەتلەپ ‹‹ئايخان ئانا›› دەپ ئاتاپ كەلگەن. ئۇنىڭ باشلامچىلىقى بىلەن بەزى ئىلغار زاتلار ئاتا۔ ئانىلار كومىتېتىنىڭ قوللىشى ۋە ياردىمى ئارقىلىق، ئىلگىرى۔ كېيىن بولۇپ، نۇرغۇن زامانىۋى خۇسۇسىي مەكتەپلەرنى ئېچىپ، مائارىپ ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرغان .

1934۔ 1937۔ يىللىرى، شۇ مەزگىلدىكى ئىلى گېزىتىنىڭ قوشۇمچە بېتىدە « ئۆمۈرلۈك ئۆزۈن بولسۇن ئايخان ئانا» ،« ئائىلە مەكتىپىنى مەدىھلەيمىز»،« يېتىملەرنىڭ ئانىسى ئايخان»، « ئۇيغۇر قىزى»،«ئايخان خانىم» قاتارلىق نۇرغۇن شېئىر ۋە ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ، ئايخاننىڭ باشلانغۇچ مائارىپىنى راۋاجلاندۇرغان روھىنى يۈكسەك مەدھىيىلىگەن.

## شەفىقە سەدىردىنوف

شەفىقە سەدىردىنوف 1940۔يىللاردا غۇلجىدا دوختۇر بولۇپ خىزمەت قىلغان ۋە تىببىي خادىملارنى تەربىيەلەشكە كۆپ كۈچ چىقارغان تاتار ئاياللاردىن بىرى.ئۇنىڭ يولدىشى شامىل تاجىدىنوفمۇ دوختۇر بولۇپ، غۇلجا شىپاخانىلىرى ۋە ساقلىقنى ساقلاش

ئورگانلىرىدا ئىشلىگەن بۇ بىر جۈپ ئەر-ئايال دوختۇرنىڭ خەلق ئارىسىدا شەرەپلىك نامى بار.شۇ دەۋىرلەردە ئۇلار ھەر كۈنى شىپاخانىلاردا خەلقنى داۋالاش بىلەن بەند بولغان بولىسا، يەنە بىر تەرەپتىن غۇلجىدىكى تېببي تېخنىكۇمدا ئوقۇغۇچىلارغا دەرس ئۆتۈپ تېببي كادىرلارنى تەربىيلەشتە چوڭ ھەسسە قوشىدۇ.

## رىزۋانگۈل



ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەخىرلىك قىزى ، مىللى قەھرىمان ، شەپقەت ھەمشىرىسى رىزۋانگۈل

رىزۋانگۈل 1925-يىلى ئالمۇتا ئوبلاستى چېلەك رايونىدا تۇغۇلغان ، دادىسىنىڭ ئىسمى ھاشىمئاخۇن ، ئاپىسىنىڭ ئىسمى مەريەمخان بولۇپ ، دادىسى يۇڭ تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىناتتى.

1932- يىلى رىزىۋانگۈل 7 ياش ۋاقتىدا ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن غۇلجا شەھرىگە (پۇشمان مەھەللىسىگە ) كېلىپ ئولتۇراقلاشقان . 1933- يىلدىن 1940- يىلغىچە

غۇلجىدىكى شەرق مەكتەپ ۋە ئۆمەت مەكتەپلىرىدە ئوقۇغان . 1940- يىلى ئۈرۈمچى ئوتتۇرا دەرىجىلىك مىللى قىزلار مەكتەپ بوغالتىرلىق كەسپى سىنىپىدا ئوقۇغان . 1943- يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ غۇلجىغا قايتىپ كەلگەن ۋە شۇ يىلى ۋىلايەتلىك پوچتا ئىدارىسىگە خىزمەتكە ئورۇنلاشقان .

رىزۋانگۇل مەرىپەتپەرۋەر ۋە تەرەققىيپەرۋەر ئائىلىدە چوڭ بولغان . ئۇ ئائىلىسىنىڭ ۋە ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ تەسرىدە كىچىكىدىن تارتىپلا تىرىشچان ، ئۆتكۈر پىكىرلىك، كەمسۆز ، لېكىن دېگىنىنى قىلىدىغان ، خورلۇق ۋە ئادالەتسىزلىككە چىداپ تۇرالمايدىغان قەيسەر قىز بولۇپ يېتىشكەن . ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى ئۆكتەملەر ئاجىزلارنى بوزەك قىلىدىغان ، نارەسىدە قىزلارنى مەجبۇري ئەرگە بېرىدىغان ، ئاياللارنى خورلايدىغان ئەھۋاللارنى كۆرگەندە ئۇ ئىشلارغا ھېچ ئىككىلەنمەي قارشى تۇراتتى.

رىزۋانگۇل پوچتا ئىدارىسىدە ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلەردە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى باشلاندى. ئىنقىلاب باشلىنىپ ئالتىنچى كۈنىلا رىزۋانگۇل بىر قانچە دوستلىرى بىلەن پىدائىي بولۇپ جەڭگە قاتناشتى . ئۇ پىدائىي سېپىگە كىرگەندىن كېيىن بىر تەرەپتىن قىسمىنىڭ شەپقەت ھەمشىرىسى بولۇپ قانلىق جەڭلەرگە قاتناشسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ھەربىي قائىدە ۋە قورال ئىشلىتىشنى قېتىقىنىپ ئۆگەندى . ئۇ دائىم : «دۈشمەن بىلەن ئەرك ئۈچۈن جەڭ قىلغۇاتقان ۋەتەننىڭ ئوغلانلىرى بولسا ، بىز ۋەتەن قىزلىرى. قىزلارمۇ قولىغا قورال ئېلىپ ئالدىنقى سەپكە بېرىشى كېرەك»دېسە ، ھەمشىرە قىزلارغا :« فاشىزمغا قارشى كۆرەش قەھرىمانى روس قىزى زويادەك بولايلى » دەيتتى . رىزۋانگۇل ئازاتلىق ئۈچۈن جەڭ مەيدانلىرىدىكى جاپا مۇشەققەتنى يېڭىپ ، ئۆلۈمگە پىسەنت قىلماي ، مۇلدۇردەك يېغىۋاتقان دۈشمەن ئوقلىرى ئارىسىدا قەھرىمانلارچە يۈگۈرۈپ يۈرۈپ يارىدار جەڭچىلەرگە شەپقەت يەتكۈزگەچكە جەڭلەردىكى ئاجايىپ جاسارىتى ۋە يارىدار جەڭچىلەرگە بولغان كۆيۈمچانلىقى بىلەن قوزغىلاڭچى ئارمىيەدىكى بارلىق

كوماندىر ـ جەڭچىلەرنىڭ قەلبىدىكى ئەڭ شەپقەتلىك ، مېھرىبان ھەمشىرىگە ئايلانغان ئىدى.

رىزۋانگۈل 1945ـ يىلى 13ـيانۋاردا ھەرەمباغ ئەتراپىدىكى شىددەتلىك جەڭدە ۋىژىلداپ ئۇچۇۋاتقان ئوقلار ئارىسىدا يارىلانغان ئۈچ جەڭچىنىڭ يارىسىنى ئارقا ـ ئارقىدىن تېڭىپ بىخەتەر جايغا ئاپىرىۋېتىپ ، ئارقىغا قاراپ خەۋپلىك جايدىكى تۆتىنچى جەڭچىنىڭ يېنىغا كېتىۋاتقاندا دۈشمەن ئاتقان ئەجەللىك ئوق بېشىغا تېگىپ قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى. ئۇ قۇربان بولغاندا ئاران 19 ياشقا كىرگەن ئىدى..

ئۇنىڭ ئۆلۈمى كىشىنى بەكمۇ ئېچىندۇرىدۇ. ئۇنىڭ نامى ۋەتەن ، مىللەت ئۈچۈن قان تۆككەن مىڭلىغان ئوت يۈرەك ئوغۇل ـ قىزلىرىمىز قاتارىدا تارىخ بېتىگە مەڭگۈلۈك يېزىلدى.



بۇ رىزۋانگۈلنىڭ قازاقىستانلىق ئۇيغۇر رەسسام رۇسلان يۇسۇپ سىزغان رەسىمى

# رىزۋانگۈل

قادىر ھەسەنوۋ

خەۋەر كەلدى گويا بىر
سولدى دىگەن قىزىل گۈل.
ۋەتەن ئۈچۈن جان پىدا
ئەمەسمىدى رىزۋانگۈل!

ئەل داغقىنى ياد قىلىپ،
دۈشمەنلەرنى ئېتىپ كۈل،
بەل باغلىغان جەڭلەردە
ئۇيغۇر قىزى رىزۋانگۈل.

ئۇنتۇلسۇنمۇ ... ھىچقاچان
ئۇنتۇلمايدۇ رىزۋانگۈل.
ئو بىر توزىماي ئېچىلىپ
تۇرغان ئەسلى قىزىل گۈل!

ـ (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ كوللىكتىپ شېئىرلار توپلىمى)

## شەپقەت ھەمشىرىسى رىزۋانگۈل ھەققىدە

ساۋدانوف زاھىر

غۇلجىنى ئازاد قىلىش ، بولۇپمۇ ھەرەمباغ قاتارلىق جايلارنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشى جەريانىدا ... ئىلى ئۇيغۇر-قىزلىرىنىڭ ئىچىدىن چىققان شەپقەت ھەمشىرىسى رىزۋانگۈل مەڭگۈ ئۇنتۇلغۇسىز تەسرات قالدۇرغاندى . بۇنداق قەھرىمانلارنىڭ نامى خەلقنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ .

ئەمدىلا ئون يەتتە ياشقا كىرگەن رىزۋانگۈل 1944-يىلى 11-ئاينىڭ 9-كۈنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن پارتىزانلار سېپىگە قاتناشقان . ئۇ ، شەپقەت ھەمشىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ ، يارادارلارنىڭ يارىسىنى تېڭىش ، يارادارلارنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىش ، بولۇپمۇ دۈشمەننىڭ مۆلدۈردەك يېغىۋاتقان ئوقلىرىغا قارىماي يارادارلارنى قۇتقۇلدۇرۇپ ، ئۆلۈم گىردابىدىن ياندۇرۇپ كېلىش قاتارلىق ئېغىر ۋەزىپىلەرنى ئاجايىپ قەھرىمانلىق بىلەن ئورۇندىغان ، ئاغرىقلارنىڭ ئازابىغا ئۆزىنىڭ مۆلايىم گەپ - سۆزلىرى بىلەن ئارام بېرىپ كېلىۋاتقان ياش غۇنچە ئىدى

1945-يىلى 1-ئاينىڭ 13-كۈنى تاڭ سەھەر ، ھاۋا ئادەتتىن تاشقىرى سوغۇق ئىدى . پارتىزانلار ھەرەمباغدىكى قامىلىپ قالغان دۈشمەنلەرگە يەنە بىر قېتىم شىددەتلىك ھۇجۇم باشلىدى . دۈشمەن ئۆزلىرىنىڭ مۇستەھكەم ئىستىكاملىرىغا تايىنىپ ، پىلىمۇت ۋە مىلتىق بىلەن پارتىزانلارغا دەھشەتلىك ئوق ياغدۇردى . چۈنكى ئۇلار ئاخىرقى قېتىم جان تالىشىۋاتاتتى . بۇ چاغدا ھەرەمباغنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى شاھاجىنىڭ بىغى تەرەپتە بىزنىڭ دۈشمەنگە قارشى قاقشاتقۇچ زەربە بېرىۋاتقان پارتىزانلاردىن خەببۇللا خەلى ئوغلى ( تاتار ) ، ئاناتولى ئولىنكوپ ( رۇس ) ، ئاكا - ئۇكا نازىم ، تەۋەككۈل ( توغرا كۆۋرۈكلۈك ) ، ئابدۇرېھىم ( ئايدۆڭلۈك ) قاتارلىق

باللارغا ئوق تېگىپ يىقىلدى . بۇ ھايات ـ ماماتلىق پەيتتە رىزۋانگۈل دۈشمەننىڭ مۆلدۈردەك يېغىۋاتقان ئوقلىرىغا پەرۋا قىلماي شاھاجى بېغىنىڭ پاكار تېمىدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ يارىدارلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بارلىق كۈچى بىلەن يۈگۈرۈپ باردى ـ دە ، يارىدارنىڭ بىرىنى ئېلىپ كەينىگە يېنىشقا تۇيۇقسىزلا دۈشمەن تەرەپتىن ئېتىلغان بىر ئوق ئۇنىڭغا تەككەندى . ئۇ كەينىگە قايرىلىپ قارىماقچى بولدىيۇ ، قارىيالمىدى . ئوق تەككەن يېرىدىن قان ناھايىتى كۆپ ئېقىۋاتقان بولسىمۇ ، ئۇ چىشنى چىشلەپ ئۆز ـ ئۆزىگە غەيرەت بىرىپ ، مىڭبىر مۇشەققەتتە يارىدارنى سۆرەپ ئۆمىلىگىنىچە پاناھلىق جايغا كەلدىيۇ ئۆزى شۇ يەردىلا يىقىلىپ قالدى . ئۇ ناھايىتى ھالسىزلىنىپ كەتكەچكە يۈرىكى سوقۇشتىن توختىغانىدى . ئۇ باتۇرلارچە قۇربان بولدى . ئۇنىڭ كوماندىرغا قاراپ ئوچۇق تۇرغان چولپاندەك كۆزلىرى ئۇنىڭ ئېيتالماي كەتكەن ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى تىلسىز ئىپادىلەپ تۇراتتى . ئۇنىڭ ئۆلىمى شەرەپلىك ئۆلۈم ئىدى . رىزۋانگۈلنىڭ قەھرىمانلىق ئىشلىرى دەرھال باشقا پارتىزان ئەترەتلىرىگە تارقىلىپ خەلق ئارىسدا ئاجايىپ چوڭ تەسىر قوزغىدى . كېيىنكى ۋاقىتلاردا رىزۋانگۈلنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى ئۇيغۇر خەلق قوشاقچىلىرى تەرىپىدىن ناخشا قىلىپ ئېيتىلىپ پارتىزانلار ۋە مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى ھەمدە خەلق ئارىسدا كەڭ تارقىلىپ ، كوماندىر ـ جەڭچىلەرگە ئىنتايىن زور ئىلھام بەرگەنىدى . بۇ ئۇرۇشلارنى ئەسلىگىنىمدە كۆز ئالدىمدا ۋاقىتسىز توزۇپ كەتكەن غۇنچە رىزۋانگۈلنىڭ ئوچۇق قالغان چولپاندەك قاپقارا كۆزلىرىنى قايتا كۆرگەندەك بولىمەندە ، يۈرۈگۈمگە بىرى پىچاق تىقىۋاتقاندەك ئازاپلىنىمەن ۋە ئاشۇنداق باتۇر ئۇيغۇر قىزلىرىدىن مەڭگۈ پەخىرلىنىمەن .

كېيىن رىزۋانگۈل ھەققىدە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى قازاقىستاندىكى قۇددۇس غوجامىياروۋ دىگەن ئاتاقلىق ئۇيغۇر كومپوزىتۇرى بىر سىمفۇنىيە ئىشلەپ ، پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە شۆھرەت قازانغان ۋە ئاشۇ سىمفونىيە ئۈچۈن ستالىن مۇكاپاتىغا

ئېرىشكەن

ساۋدانوف زاھىر « ماناس دەرياسىدىن قايتىش » شىنجاڭ ياش ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1996ـ يىل 7ـ ئاي 1ـ نەشرىدىن ئېلىندى

## (رىزۋانگۈل ۋاپاتىنىڭ 60يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن)

مۇھەممەتجان راشىدىن

يۇرتىڭىزنىڭ گۈلزارلىقى راست،
ئىسمىڭىزداگۈل بارلىقى راست،
دىدارىڭىز بىزگە رىزۋانگۈل،
قىيامەتلىك دىدارلىقى راست
لېكىن مەڭگۈ ئۇنتۇلماس قىز سىز،
ئۇيغۇر ئۈچۈن ئەزىزدىن ئەزىز،
ياشىغانلار سىزدەك رىزۋانگۈل
كەتمەيدىكەن دۇنيادىن ئىزسىز.
پات-پات بولۇپ تۇرار گېپىڭىز،
يۈرەكلەردىن ئۆچمەس ئېتىڭىز،
ئۇنتۇلمىدى ئاتمىش يىل ئاۋۋال،
قارغا يازغان قانلىق خېتىڭىز
ئۇنتۇمىدۇق سىز تۆككەن قاننى،

ئۈنتۈمىدۇق سىز بەرگەن جاننى.
تاغدەك ياشاش ئارزۇ ھەۋەستۇر،
تاغدەك بولماق ھەركىمگە تەس تۇر،
تاشلا رقانچە ئېگىز بولسىسمۇ،
لېكىن سىزدەك يۈكسەك ئەمەستۇر.
ۋاراقلىساق تارىخىمىزنى،
ياد ئېتىمىز ئەڭ ئاۋۋال سىزنى،
ئىزىڭىزغا شۇڭا رىزۋانگۈل،
سېلىپ قويدۇق ئەۋلادىمىزنى
قەبرىڭىزنى تاپالماي يۈردۇق،
شۇڭا گۈمبەز ياسالماي يۈردۇق،
يامۇناسىپ داستان يازالماي،
ياكى دەپتەر تاپالماي يۈردۇق
ھايات سىزنى ئىمتاھان قىلدى،
تارىخ سىزنى قەھرىمان قىلدى،
نامىڭىزنى مەڭگۈ ئۇنتۇماس،
ئەلنى سىزگە مېھرىبان قىلدى
كىتاپ يازدۇق سىزگە مۇبارەك،
نامىڭىزنى قىلماقىقا كۆرەك،
كۆڭۈللەرگە بەردۇق تەسەللى،
روھىڭىزغا ئۇقۇپ تابارەك.

# ئەلنىڭ قىزى رىزۋانگۈل

ناخشا

سۆزى ۋە مۇزىكىسى:تەلئەت ناسىرى

گۈللەردەك چىراي ئاچقان،
تاغلارغا كۆلۈپ باققان،
ئەلگە يۈرىكى ياققان،
ئېلى قىزى رىزۋانگۈل
جەڭگاھتا بۇلۇپ قالقان
ياشلىقى قەدىر تاپقان،
ئىسسىق قېنى يول ئاچقان،
ئەلنىڭ قىزى رىزۋانگۈل.
يوللاردا ئىزى قالغان،
تىللارداسۆزى قالغان،
دىللارغا ئۆزى قالغان،
ئۇيغۇر قىزى رىزۋانگۈل...

# رىزۋانگۈل هايات

«رىزۋانگۈل هايات» ناملىق داستاننىڭ كىرىش قىسمى

رەخىم قاسىم

رىزۋانگۈل سىزنى ئەسكە ئالسام شۇئان،
كۆز يېشىم دەرياسىدا ئاقتى قىيان،
سورىدىم كۆكتە ئۆزگەن ئاي يۇلتۇزدىن
«ئېيتقىنا، شۇباتۇر قىز كەتتى قايان؟
ئاي يۇلتۇز هازىدار مۇڭغا پاتتى،
بىرهازا قالدى جىمجىت سۈرمەي زۇۋان.
ۋە ئاخىر ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلاپ تۇرۇپ،
دەرت تولغان ئىچ باغرىنى قىلدى بايان»
رىزۋانگۈل بەك ياش كەتتى،بەك ياش كەتتى،
ئەمدىلا ئونتوققۇزغا كىرگەن ئاران.
ئېچىلماي ئونگۈلىنىڭ بىرى تېخى،
پانىيدىن باقىيغا ئۇ بولدى راۋان،
رىزۋانگۈل نەدە دەمسەن،ئۇ بار هايات،
جەننەتنى ئۆزى ئۆچۈن قىلدى ماكان.
چۈنكى ئۇ ۋەتەننى، خەلقنى دەپ،
دەهشەتلىك قانلىق جەڭدە بولدى قۇربان،
جەننەتنىڭ ئىشىكلىرى رىزۋانگۈلدەك،
جان پىدا ئوغۇل قىزغا ئۇچۇق هامان

ئاي يۇلتۇز جاۋابىدىن بولدۇم مەمنۇن،
يالقۇنلۇق ھىسياتلىرىم ئاتتى ۋولقان.
رىزۋانگۈل كەتتى بىراق شانلىق نامى،
دىللاردا قالدى بۇلۇپ مەڭگۇ داستان

## ئازاتلىق جەڭچىسى رىزۋانگۈل.

1944-يىل 8-ئايدا شىنجاڭ ئېلى ۋىلايىتى نىلقا ناھىيسىدە شىڭشىسەينىڭ سىنىپى ۋە مىللى زۇلۇمىغا قارشى كۆرەش تىزلا قانات يايدى .شۇيىل 11-ئاينىڭ 7-كۈنى غۇلجا شەھرىدە گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل زۇلۇمىغا قارشى قوزغىلاڭ

كۆتۈرۈلدى ۋە شۇجەريانىدا مىڭلىغان قەھرىمان ئۇغۇل-قىزلىرىمىز مەيدانغا كەلدى، ئۇنە شۇلار ئىچىدە يەنە نۇرغۇن قىزلار بار بۇلۇپ، ئۇلار ئەرلەر بىلەن تەڭ جەڭگاھتا قان كېچىپ، ئۆزىنىڭ قەيسرانە ئىش-ئىزلىرى، ئىگىلمەس-پۈكمەس ئىرادىسى بىلەن يۈكسەك ۋىژدان-غۇرۇرىنى نامايەن قىلىپ،بىزگە ئىنتايىن قىممەتلىك ھەقىقەتلەرنى قالدۇرۇپ كەتتى،مىللى قەھرىمان،خەلقىمىزنىڭ پەخرلىك قىزى رىزۋانگۈل شۇ گۈلباغدىكى خۇشپۇراقلىق بىر گۈل ئىدى

رىزۋانگۈل1944-يىل11-ئاينىڭ12-كۈنى(ئىنقىلاپ باشلىنىپ6-كۈنى)ئەتىگەندە تۇلۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن پىدائىلىقتا تىزىمغا ئالدۇرىدۇ ،پىدائى بولغاندىن كېيىن رىزۋانگۈل جەڭ تاكتىكىسى، ياردارلارنى جىددى قۇتقۇزۇش بىلىملىرىنى ياخشى ئىگەللىگەندىن سىرت، يەنە ھەرخىل قۇراللارنى ئىشلىتىشنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىدۇ، جەڭلەردە پىلىمۇتنىڭ ئوقدانىغا ئوق سالىدۇ،يارلانغان پىلىمۇتچىلارنىڭ ئورنىغا

سەپلىنىپ دۈشمەنگە ئوت ئاچىدۇ، جەڭگاھتا مۇلدۇردەك يېغىۋاتقان ئوق ئىچىدىن يارلانغان جەڭچىلەرنى قۇتقۇزىدۇ. رىزۋانگۈلنىڭ كارامەت قەھرىمانلىقى ۋە ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئىش-ئىزلىرى، پارتىزانلار ئىچىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، شەھەرخەلقى ئىچىدىمۇ كەڭ تارقىلىدۇ،رىزۋانگۈل جەڭچىلەرنىڭ ئۈگۈنۈش ئۈلگىسى، خەلقنىڭ پەخىرلىك قىزىغا ئايلىنىدۇ.

1945-يىل1-ئاينىڭ 11-كۈنى غۇلجاشەھرىدە61كۈن مۇھاسىرىدە قېلىپ جان تالىشىپ،غالجىرلاشقان دۈشمەن، ئەڭ ئاخىرقى كۈچىنى يىغىپ، مۇھاسىرىدىن بۆسۈپ چىقىپ، قاچماقچى بولۇپ شىددەت بىلەن ھۇجۇم باشلايدۇ، جەڭ كېچە كۈندۈز توختىماي بەكمۇ كەسكىن بولىدۇ،بۇ شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى مەشھۇر ئۇرۇشلار قاتارىدىن ئورۇن ئالغان ھارەمباغ قەلئەسى ئۇرىشى ئىدى، رىزۋانگۈل سەپداشلىرى بىلەن كېچە -كۈندۈز دۈشمەن بىلەن ئېلىشىدۇ، 1-ئاينىڭ 13-كۈنىدىكى ھارەمباغ قەلئەسى ئۇرىشىدا رىزۋانگۈل يارلانغان چوڭئاخۇن ئىسىملىك جەڭچىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن يامغۇردەك ئۇچىۋاتقان ئوق ئىچىگە كىرىدۇ ۋە ئوق تېگىپ، مەردلەرچە قۇربان بولىدۇ،ئەترەت كۇماندىرى رىزۋالنىڭ بېشىنى سىلاپ چۇڭقۇر مېھرى بىلەن «ئەلۋىدا،قەيسەر قىزىم» دەپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كېتىدۇ.رىزۋانگۈلنىڭ قۇربان بولغانلىق توغرىسىدىكى شۇم خەۋەر تېزلا ھەرەمباغدىن ئۆتۈپ، پۈتۈن سەپكە تارقىلىدۇ، جەڭچىلەرئۆزىنىڭ پەخىرلىك قېرىندىشى، ئوت يۈرەك قەيسەر ھەمشىرىسىدىن ئايرىلغانلىغا قاتتىق ئازاپ چېكىدۇ، دۈشمەنگە بولغان غەزەپ-نەپرىتى ھەسسىلەپ ئاشىدۇ،«رىزۋانگۈل ئۈچۈن ئىنتىقام» دېگەن سادالار پەلەككە يېتىدۇ. ھەسرەت-پىغان ساداسى ئىلى ۋادىسىنى لەرزىگە سالىدۇ، شەھەر خەلقى دەھشەتلىك قىيان سۈدەك غايەت زور بىركۈچكە ئايلىنىدۇ.دۈشمەن شەرمەندىلەرچە مەغلۇپ بولدى.

خەلق«رىزۋانگۈل،ھايات نۇزۇگۇم ئىدى، ئۇ ئارىمىزدىن كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن

تارىختا ئۇنتۇلغۇسىز قەھرىمانلىق نامى قالدۇ.»دېيىشىدۇ. شەرەپ سەھنىسىدە رىزانگۈلگە بىرىلگەن17-نۇمۇرلۇق باھادىرلىق مىدالى دادىسى ھاشىم ئاكىنىڭ مەيدىسىگە تاقاپ قويۇلدى. ھاشىمئاكا جان-جىگەر قىزىنىڭ ئىسسىق قېنى بەدىلىگە كەلگەن بۇ قەھرىمانلىق مىدالىنى يېنىش-يېنىشلاپ سىلاپ، بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى ۋە ئوغلى ھاشىرنىڭ يۆلەپ تۇرىشى بىلەن ئاران-ئاران ئۆرە تۇراتتى.دادىنىڭ قەلبى سەك-پارە ئىدى.

ئارىدىن ئاتمىش نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى، خەلق ئۆزىنىڭ قەھرىمان قىز-ئوغۇللىرىنى ئۇنۇتمىدى،ئەكسىچە تېخىمۇ سېغىنماقتا. رىزۋانگۈل توغرىسىدا نۇرغۇن داستانلار پۈتۈلدى،شېئىرلار يېزىلدى، خەلق بۇ قەھرىمانلارنى سېغىنىش ئىچىدە ئەسكە ئالدى. تۈۋەندەرىزۋانگۈل توغرىسىدا يېزىلغان بىرقىسىم شېئىرلار دوستلارغا سۇنۇلدى، خەلقنىڭ غۇرۇر-ئىپتىخارى بولغان قەھرىمان قىز-ئوغۇللار خەلق قەلبىدىن مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ.

«ئازاتلىق جەڭچىسى رىزۋانگۈل» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتۇرى، قەيسەر جەڭچى، رىزۋانگۈلنىڭ سەپدىشى مۇزەپپەر ئابدۇللايىپ ئەسلەپ مۇنداق يازىدۇ:

1988-يىل2-ئايدا زىننەت ئەخمەت ئالمۇتادىن ئۈرۈمچىگە تۇغقان يوقلاپ كەلگەندە ئىككىمىز كۆرۈشتۇق ۋە ئۆيۈمگە كېلىپ مېھمان بولدى،بىز كونا خامانلارنى بىرقۇر سورۇشتۇق.زىننەت:« بىز سەككىز قىزنىڭ سۈرىتىنى غۇلجىدىكى ۋاڭ قادىرنىڭ بېغىدىكى خاتىرە ئۆيىگە ئېسىپ قويۇپتۇ، بېرىپ كۆردۈم، خەلق بىزنى ئۇنۇتماپتۇ»دەيدۇ ھاياجان ئىچىدە.

شۇنداق،ئۇلارنى خەلق تېخى ئۇنۇتمىدى، ئۇنۇتمايدۇ، ئۇلار ئەۋلاتتىن-ئەۋلاتقا خاتىرلىنىدۇ.

گۈل-گۈلىستان بېغىمنىڭ توزىماس قىزىل گۈلى،

تائەبەت چاقنايدىغان تاڭ چولپانى رىزۋانگۈل.،

ئۇنىڭ نامى ئۇنتۇلماس، ياشار خەلقىم قەلبىدە

تەڭرىتاغنىڭ غۇرۇرى، شەرەپ-شانى رىزۋانگۈل.

مىللى باراۋەرلىك،مىللى ئازاتلىق ئۈچۈن جەڭگاھتا ئەرلەرگە ئوخشاش قان كېچىپ جەڭ قىلغان بۇ سەككىز نەپەر ۋىژدان-غۇرۇرلۇق قىزلار خەلقىمىز قەلبىدىن مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ، مىللى ئارمىيىدىكى مىڭلىغان قەھرىمان قىز-ئوغۇللار ئەۋلاتتىن ئەۋلاتقا يادلىنىدۇ. بىز كېيىنكى ئەۋلاتلارغا بۇقەھرىمانلارنىڭ باتۇرانە ئىش-ئىزلىرىنى مىراس قالدۇرۇش قەرزىمىز بار ئەلبەتتە.(يۇقارقى رىزۋانگۈل ھەققىدىكى شېئىرلار مۇزەپپەر ئابدۇللايېۋنىڭ«ئازاتلىق جەڭچىسى رىزۋانگۈل» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى)

سۈرەتتىكى سەككىز ھەمشىرە قىزنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى






بۇ سەككىز نەپەر قىز ئىچىدە رىزۋانگۈل بىلەن رابىيە غېنى ئىككى قىزدىن باشقا قالغان ئالتە نەپەر قىز ھايات قالغان بولۇپ، كېيىن ئالمۇتا ۋە تاشكەنتلەرگە كۆچۈپ كەتكەن.

## ئايشەم غېنى

ئايشەم غېنى 1940 ـيىللاردا غۇلجا شەھرىنىڭ دۆڭمەھەللە دېگەن جايىدا تۇغۇلۇپ،ئۆسكەن .1944 ـيىلى ئىلىدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى كۆتۈرۈلگەن ۋاقىتتا ۋەتەن ـخەلقىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن قولىغا قورال ئېلىپ،ئۇرۇشقا ئاتلانغان مىڭلىغان قەھرىمان قىز ـئوغۇللار قاتارىدا ئايشەم غېنىمۇ سىڭلىسى رابىيە بىلەن بىرلىكتە ئىنقىلاپ سېپىگە ئاتلىنىپ، قار ـيامغۇر يېغىۋاتقان ئوق ـدورىلار ۋە دۈشمەننىڭ رەھىمسىز،كۈچلۈك بولغىنىغا قارىماستىن ھەمشىرىسى رىزۋانگۈل بىلەن بىرلىكتە جەڭگاھتا شەپقەت ھەمشىرەسى بولۇپ خىزمەت قىلغان.ئىنقىلاپ مەغلۇبىيىتىدىن كېيىن،تاشكەنتكە چىقىپ

كەتكەن.يۇقىرىقى سۈرەتتىكى بىرىنچى رەت سولدىن‌كىسى ئايشەم غىپىنىڭ سۈرىتى.

## تۇخان ئۆمەر

تۇخان ئۆمەر 1940-يىللاردا غۇلجا شەھەر تۆپچە مەھەللىدە تۇغۇلۇپ،ئۆسكەن.ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا جەڭگاھتىكى شەپقەت ھەمشىرەسى بولۇپ ئىشلىگەن.1946-يىلى 6-ئايدىن كېيىن غۇلجا شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىدە ئىشلىگەن.كېيىن ئالمۇتاغا چىقىپ كەتكەن.

## پەرىدە

تاتار قىزى بولغان پەرىدە غۇلجا نوۋىگورتتىن بولۇپ،ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە رىزۋانگۇل كەبى ھەمشىرىلىرى بىلەن ئىنقىلاپقا قاتنىشىپ ،شەپقەت ھەمشىرەسى بولغان،قان كېچىپ جەڭ مەيدانلىرىدا بولۇپ،ئازادلىق يولىدا كۆرەشكەن مىڭلىغان تاتار قىزلىرىدىن بىرىدۇر.پەرىدەمۇ كېيىن ئالمۇتاغا چىقىپ كەتكەن.

## سائادەت مۇھەممەت

سائادەت مۇھەممەت ئىلىدا تۇغۇلغان ئۇيغۇر قىزى بولۇپ،ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان سۈرەتتىكى سەككىز ھەمشىرە قىز قاتارىدىكى پىداكار ھەمشىرىلەردىن بىرى.سائادەت1946 -يىل 6-ئايدىن كېيىن غۇلجاشەھەرلىك قىزلار مەكتىپىدە

ئوقۇتقۇچى بولغان. كېيىن قىرغىزىستاننىڭ ئىسسىق كۆلگە چىقىپ كەتكەن.

## زەينەپ ئىسمائىل

زەينەپ ئىسمائىل  ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا شەپقەت ھەمشىرەسى بولغان سەككىز ھەمشىرە قىز ئىچىدىكى پىداكار ھەمشىرىلەردىن بىرى بولۇپ،ئۆمۈ ئىنقىلاپ مەغلۇبىيىتىدىن كېيىن،ئالمۇتاغا چىقىپ كەتكەن.

سۈرەتتىكى ئىككىنجى رەت سولدىن: رىزۋانگۈل ھاشىم: غۇلجاشەھرىدىن، **45**-يىل **1**-ئاينىڭ **13**-كۈنىدىكى ھەرەمباغ قەلئەسى ئۇرۇشىدا **19**يېشىدا قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان

## رابىيە غېنى

شەپقەت ھەمشىرەسى رابىيە غېنى غۇلجاشەھرى دۆڭ مەھەللىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بولۇپ ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى قوزغالغاندا ھەدىسى ئايشەم غېنى بىلەن بىرلىكتە ئىنقىلاپقا قاتنىشىپ، سۈرەتتىكى سەككىز ھەمشىرە قىز قاتارىدا  شەپقەت ھەمشىرەسى بولغان. رابىيە غېنى **46**-يىل **7**-ئايدا ئىلى دەريا ۋادىسىدىكى جىرغىلاڭ دېگەن مەنزىرىلىك جايغا ئوينىغىلى چىقىپ ئىلى دەرياسىغا ئېقىپ كېتىپ ۋاپات بولغان.

# زىننەت ئەخمەت

زىننەت ئەخمەت ئىلى ۋىلايىتىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئەينى چاغدىكى جېلىلىيۇزى ناھىيەسىنىڭ كېپەكيۈزى يېزىسىدىن.ئۇمۇ سەككىز ھەمشىرە قىز كەبى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ شەپقەت ھەمشىرەسى بولغان.كېيىن ئالمۇتاغا چىقىپ كەتكەن.

مىللى باراۋەرلىك، مىللى ئازادلىق ئۈچۈن جەڭگاھتا ئەرلەرگە ئوخشاش قان كېچىپ جەڭ قىلغان بۇ سەككىز نەپەر ۋىژدان-غۇرۇلۇق قىزلارخەلقىمىز قەلبىدىن مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ، مىللى ئارمىيەدىكى مىڭلىغان قەھرىمان قىز-ئوغۇللار ئەۋلادتىن ئەۋلادقا يادلىنىدۇ. بىز كېيىنكى ئەۋلادلارغا بۇقەھرىمانلارنىڭ باتۇرانە ئىش-ئىزلىرىنى مىراس قالدۇرۇش قەرزىمىز بار ئەلۋەتتە.




ـ مەنبە: (ئازادلىق جەڭچىسى رىزۋانگۈل) ناملىق كىتاپتىن ئېلىندى

## پاتىمە يەھياروۋا

پاتىمە يەھياروۋا1940-يىللاردا غۇلجىدا ياشاپ ئۆتكەن تاتار قىزى.پاتىمە يەھياروۋامۇ 1944-يىلى ئىلىدا قوزغالغان مۇستەبىت گومىنداڭ ھاكىمىيىگە قارشى قوزغالغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا پىدائىي بولۇپ قاتنىشىپ،شەپقەت ھەمشىرەسى بولغان.شىددەتلىك جەڭلەردە سېستىرا بولۇپ،ۋەتەن-خەلق ئۈچۈن جان پىدا قىلغان قانچىلىغان ھەمشىرىلەر قاتارىدا ياربدارلارنى داۋالاش ۋە دۈشمەن ئەسىرىگە چۈشۈپ قېلىشتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلغان. ئاخىرى سۈيدۈڭدىكى سوقۇش مەيدانىدا بۇ باتۇر شەپقەت قىز پاتىمە يەھياروۋا ياربدار جەڭچىلەرنى دۈشمەندىن قۇتقۇزۇش مەزگىلىدە ئۆز جېنىنى پىدا قىلغان.

## ئايشەمخان

ئايشەمخان 1945~يىللار ئەتراپىدا ئاقسۇ بايدا ياشاپ ئۆتكەن پىداكار ئۇيغۇر قىزلىرىدىن بىرىدۇر.

1945-يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جەنۇبى يۈلىنىش ئارمىيەسى ئاقسۇغا يۈرۈش قىلىش جەريانىدا باي ناھىيەسىدىن ئۆتكەندە ئايشەمخانمۇ زۇلۇمغا قارشى ئۆزلىكىدىن ئارمىيەگە قاتنىشىدۇ.ئارمىيە ئاقسۇدىن چېكىنگەندىن كېيىن بەختكە قارشى ئايشەمخان ئەسىرگە چۈشۈپ قالىدۇ.گومىنداڭچىلار ئايشەمخانىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ،خائىن بولۇشقا مەجبۇرلايدۇ.ئەمما ئايشەمخان قەتئىي رەت قىلىدۇ.شۇنىڭ

بىلەن ئايشەمخان ئۇيغۇر ئاسىيلار تەرىپىدىن پاجىئەلىك ھالدا چېپىپ ئۆلتۈرىلىدۇ.

## رەيھان ئابدىۋا(تاتار)

رەيھان ئابدىۋا غۇلجىدا ياشاپ ئۆتكەن تاتار قىزى بولۇپ،مەشھۇر مائارىپچى، مۇئەللىمە زەينەپ ئاپپاينىڭ قىزى،دادىسى شۇ 1940 ـيىللاردىكى ئىلى گېزىتىنىڭ مۇھەررىرى رەفىق گابىت دىگەن كىشى ئىدى.بۇ باتۇر قىز ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە پىدائىي بولۇپ ئىنقىلاپقا قاتناشقان ۋە شەپقەت ھەمشىرەسى بولۇپ،قانلىق جەڭ مەيدانلىرىدا ئۆزىنىڭ ئاجايىپ باتۇرانە ئىش ـئىزلىرى قالغان.ئاستىدىكى بايانلاردىن ئۇ ھەققىدە تېخىمۇ تەپسىلىي بايانلارغا ئېرىشەلەيمىز.

## تاتار قىزىنىڭ باسقان ئىزلىرى

بۇ ۋەقە 1944ــيىلى پارتىلىغان ئۈچ ۋىلايەت مەزگىلىدە باشلانغان بولۇپ، ئارىدىن دەرەخلەر 43 قېتىم يوپۇرماق چىقاردى. 43 قېتىم يوپۇرماق تاشلىدى. يىللار ــ يىللارغا ئۇلىشىپ كەتكەنگە ئوخشاش بىز سۆزلەيدىغان تاتار قىزنىڭ باسقان ئىزلىرى ھازىرغا قەدەر داۋام قىلماقتا.

1945 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى غەربىي بوسپىتالدىكى دوختۇر ھەمشىرلەر جىڭ ئالدىنقى ئۇرۇش مەيدانىدىن ئېلىپ كېلىنگەن يارىدارلارنى جىددى قۇتقۇزۇۋاتاتتى. دەل شۇ ۋاقىتتا توختىماي يىغۋاتقان يامغۇر سۈيى ئۈستى ـبىشىنى چىلىق ـچىلىق ھۆل قىلىۋەتكەن ئوتتورا ياشلىق بىر ئايال دوختۇرلارنىڭ قىشىغا كىرىپ كەلدى. جىددى ئىشلەۋاتقان دوختۇر ھەمشىرلەر ئۇنى كۆرۈپ ھەيرانلىقىنى يوشۇرالمىدى.

ئىسمىنا ئالماشىنىڭىزغا ئىچى 3 سائەت بولماستىن ، يەنە نىمىشقا كەلدىڭىز دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن ئىسمىنا ئۆتەۋاتقان بىر ھەمشىرە ، جىڭ ئۇرۇش مەيدانىدىن يارىدارلاردىن يۆتكەپ كېلىنگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئولتۇرالماي قالدىم. بۇ يەردە ياتقانلارنىڭ ھەممىسى ئېغىر يارىدار بولۇپ، بەزلىرى ھوشسىز ياتاتتى. بۇ ئايال ئۇلاردىن كۆزىنى ئېلىپ يەنە بىر ياققا چىقتى. بۇ ياتاقتا يەڭگىلەرەك يارىلانغان جەڭچىلەر ياتقان ئىدى. يارىدارلارنىڭ ئىچىدىكى 23ـ24 ياشلار چامىسىدىكى گەۋدىلىك بىر يىگىت باشقا يارىدارلارغا جىڭ ئالدىنقى سىپىدىكى كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بىرۋاتاتتى.

شۇنداق قىلىپ دەپ،ـ بىر ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ سۆزىنى داۋام قىلدى. بۇ ـ ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق شتابى 11 جەڭچىگە دۈشمەن ئارقا سېپىدىن « تىل » تۇتۇپ كېلىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى.ئارىمىزدا بۇغداي ئۆڭ ، دۈگىلەك يۈز، قارا كۆز كەلگەن 35 ياشلاردىكى بىر تاتار قىزىمۇ بار ئىدى.پاھ ! ئۇ قىزنىڭ قەيسەرلىكىنى دىمەيسىلەر ، يۈرىكى قاپتەك بار. بىز جىڭ بازىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ۋەزىپە ئۆتەۋاتقاندا ، دۈشمەننىڭ قاتتىق مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قالدۇق. ھېلىقى تاتار قىزى يەر شارائىتنى ئوبدان بىلگەچكە ، بىزنى باشلاپ ئالدىدا ماڭدى.تىرىك قولغا چۈشۈرۈشكە كۆزى يەتمىگەن دۈشمەن ئەسكەرلىرى بىزگە قارىتىپ قاتتىق ئوت ياچتى. بىزمۇ جان تىكىپ ئېلىشتۇق. ئارىمىزدىن بەش نەپەر جەڭچى قۇربان بولدى. قالغان بەشىمىزمۇ ئېغىر ـ يىنىك يارىلاندۇق. مەن ھەممىدىن ئېغىر يارىلانغان ئىدىم. قولۇم ۋە ئۇڭ ياپىشىمغا ئوق تەككەنلىكتىن قان

كۆپ چىقىپ كېتىپ ماغالماي قالدىم. ئارىمىزدا بىرلا رەيھانە ساق ئىدى. مۇھاسىرىنى بىسىپ چىققان يىرىپ چىققان بولساقمۇ، يەنە بىر سوتكا سۇسىز چۆللەردە يۈرۈپ ئىنتايىن قىينالدۇق. باشقىلارنىڭ ھەممىسى ماغدۇرسىز بولغانلىقتىن مەن يەنىلا ئاشۇ قىزنىڭ يەلكىسىدە كىتىۋاتاتتىم. ئۆزەمنى قويۇپ تۇراي، بىچارە قىز ھەممىمىزگە تەڭ يۈگۈرۈپ تۈگىشىپ كەتتى. ئىچىدىغان سۈيىنى باشقىلىرىغا ئۆتۈنۈپ بەردى. بىز بەشىنچى سوتكىغا ئۆتكەندە، يەنە دۈشمەننىڭ مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قالدۇق. بۇ چاغلاردا مېنىڭ ئەھۋالىم بەكمۇ ناچار بولۇپ، ئۆزەمنى بىلىپ ،بىر بىلمەي كىتىۋااتاتتىم ،مەندىن باشقا جەڭچىلەر دۈشمەن بىلەن ئېتىشاتتى ،قىز بىر تەرەپتىن مىنى ھاپاش قىلىپ ،بىر تەرەپتىن دۈشمەنگە قارىتىپ ئوق ئۈزەتتى .نىمە بولدى بىلمەيمەن قالغانلارنىڭ ھېچقايسىنى كۆرمىدىم .ھېلىقى قىز بىلەن ئىككىمىز 6ــ7دۈشمەن ئەسكىرىنىڭ قورشاۋىدا قالدۇق ،مەن ئۇ قىزغا ماغا قارىماي كېتىۋېرشنى نەچچە قېتىم ئېيتقان بۇلسامۇ ،ئۇ ئۇنىدىمىدى ، مەن ھوشىمدىن كېتىپ قالغان ئوخشايمەن ،مۇشۇ دوختۇرخانىغا كىرىپلا ئېسىمگە كەلدىم ،بىزنىڭ دۈيدىكى جەڭچىلەر نەدە .ھېلىقى قىز ھاياتمۇ بىرىنى بىلمەيمەن ،ئەمما ۋەھشى دۈشمەنلەر ساق قويمىغان بولۇشى مۇمكىن ...

ياردار ھېكايىسىنى ئاخىرلاشتۇرماي ........................

ـــھە ؟ـباياتىن ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ تۇرغان ھېلىقى ئايال قىزنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاش بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماستىن ۋارقىرىۋەتتى ــدە دەلدەڭشىگەن پېتىچە ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ ،يەردە ئولتۇرۇپ قالدى ،بۇنى كۆرگەن ئىككى ھەمشىرە دەرھال ئۇنى يۆلىدى ــدە ئەنسىزلىك بىلەن ۋارقىراپ كېتىشتى .

ـزەينەپ ئاپپاي ؟نېمە بولدىڭىز؟كۆزىڭىزنى ئېچىڭە........

زەينەپ ئاپپاي دەپ ئاتالغان بۇ ئايال كۆزىنى يېرىم ئېچىپ ،ھەمشىرىلەرگە ئاستا پىچىرلىدى :

- ھېچنىمە بولمىدى ،قىزىم رېيھان .....—ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى دىيەلمىدى ،سىپىستىرالار شۇندىلا ئىشنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندى ،بايىقى ياردار ھېكايە قىلىپ بەرگەن تاتار قىزى رېيھان ئابدۇۋا دەل مۇشۇ زەينەپ ئاپپايىنىڭ جىڭ ئالدىنقى سېپىدە جەڭ قىلىۋاتقان قىزى ئىدى ......

گوسپىتالنىڭ ئىچىنى بىردەمنىڭ ئىچىدە بىر خىل ئەنسىزلىك قاپلىدى ،ھەممىنىڭ ئاغزىدا ‹‹زەينەپ ئاپپايىنىڭ قىزى رەيھان ئابدۇۋا جىڭ ئالدىنقى سېپىدە دۈشمەن قولىغا تىرىك چۈشۈپ كېتىپتۇ ››دىگەن ۋەھىمىلىك خەۋەر ئېقىپ يۈرەتتى ،كۆزلىرىدە ماتەم ياشلىرى ئەگىپ يۈرەتتى .

بۇ خەۋەرنى مىللىي ئارمىيە باش شتابى ئاڭلاپ رەيھاننىڭ تىرىك ياكى قۇربان بولۇپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا دەرھال خەۋەر يەتكۈزۈشنى جىڭ ئالدىنقى سېپى قوماندانلىق شتابىغا ئۇقتۇردى .

## پىدائىي قىزچاق رەيھان ئابدۇۋا

1944—يىلى 11—ئاينىڭ 11—كۈنى ئىلى پارتىزانلىرى غۇلجا شەھرىدىن پىدائىي قوبۇل قىلغاندا رەفىق گابىت( ئىلى گىزىتىنىڭ مۇھەررىرى ئىدى) ئايالى زەينەپ ئاپپايىغا ئۆزىنىڭ خەلق ئازادلىق ئۇرۇشى ئۈچۈن پىدائىي بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى .دادىسىنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلىغان رېيھان ئۆتكۈر كۆزلىرىنى تىكىپ تۇرۇپ :

—ئەتى——— سىزنىڭ ئورنىڭىزغا مەن پىدائىي بولاي :—دېدى

رەفىق گابىت قىزنىڭ باتۇرلۇقىدىن بەكمۇ ھاياجانلىنىپ ،قولىدىن يېتەكلىگەن پېتىچە پارتىزانلار شىتابىغا ئېلىپ كەلدى

ــئوغۇل پەرزەنتىم دېدى ئۇ تىزىملىغۇچى خادىمغا ،ئەمما ھەر قانداق جەڭگە يارايدۇ.

شۇ ۋاقىتلاردا ھەر قايسى پارتىزانلار ئەترىتىگە مۇشۇنداق شەپقەت ــھەمشىرىلەر بەكمۇ لازىم ئىدى .تىزىملىغۇچى ئالدىدا تىكىلىپ تۇرغان بۇ قىزنىڭ بەكمۇ كىچىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ قوبۇل قىلمىدى ،رەيھانمۇ چىڭ تۇردى .

ـ ئاتتىنا ئولتۇرالامسەن ؟ــدەپ سورىدى تىزىملىغۇچى رېيھاننىڭ بەكمۇ ئىرادىلىكلىكىنى كۆرۈپ.

ـ ئاتقا مەن سىزدىن مەھكەمرەك !ــرېيھاننىڭ چاقماقتەك بۇ جاۋابىدىن ھەممە قايىل بولدى. رېيھان ئارالتۆپە پارتىزانلار دۇينىڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر پەيگە شەپقەت ــھەمشىرە بولۇپ تەيىنلەندى ۋە شۇ كۈنىلا لىيەڭشاڭ ئالدىنقى سېپىگە قاراپ ئاتلاندى ئۇ مىلتىق ئېتىش ،گرانات تاشلاش ،تېببى قۇتقۇزۇش قاتارلىق ماھارەتلەرنى تىرىشىپ ئۆگەندى. ئاز ئۆتمەي قانلىق جەڭ باشلاندى، جەڭ داۋامىدا ئۇرۇش ياردارلىرى بىر قەدەر كۆپ بولدى. كىچىككىنە رەيھان مۆلدۈردەك تۆكۈلىۋاتقان دۈشمەن ئوقلىرى ئىچىدە بەزىدە يۈگرۈپ، بەزىدە ئۆملەپ ياردالارنى قۇتقازدى. يۆتكىيەلمەي قالسا، يەر بىغىرلاپ سۆرىدى. ئاتاكىغا ئۆتكەن مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىدىن 5 نەپىرى دۈشمەن ئىستىكامىغا يېقىن قالغان جايدا كەينى ـ كەينىدىن يىقىلدى. بۇلارنى بىرمۇ ـ بىر كۆزىتىپ تۇرغان رەيھان ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ دۈشمەن قولىغا تىرىك چۈشۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەن كوماندىرى رۇخسەت قىلماي تۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرى رەيھاننىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى، رەيھان كوماندىرنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ، ۋىژىلداپ ئۆچىۋاتقان ئوقلار ئارىسىدا ياردالارنىڭ قىشىغا يېتىپ باردى. دۈشمەن پىلىموتى رەيھانغا قارىتىپ ئەسەبىيلەرچە ئوق ياغدۇردى. رەيھان گاھ يۈملاپ ، گاھ ئۆملەپ يۈرۈپ 5 نەپەر

ياردارنى بىخەتەر بىر ئورۇنغا يۆتكىۋالدى ۋە ياردارلارنىڭ يارىسىنى تېڭىشقا باشلىدى. دەل شۇ چاغدا بىر گىرانات ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلىپ چۈشۈپ يېقىمسىز ئاۋاز بىلەن پېقىردى. رەيھان بىلەن 6 نەپەر جەڭچىنىڭ هاياتى خەۋپ ئىچىدە قالدى. رەيھان يۈگرۈپ قوپۇپ گىراناتنى قولغا ئالدى دە ـ دۈشمەن تەرەپكە كۈچ بىلەن ئېتىۋەتتى. گىرانات چۈشكەن يەردىن گۈمبۈرلىگەن ئاۋاز بىلەن دۈشمەنلەرنىڭ نالى پەريادى ئاڭلاندى. 5 نەپەر جەڭچىنىڭ هاياتى قۇتقۇزۇپلىنىدى. رەيهاننىڭ خەلق ئۈچۈن تەلپۈنگەن يۈرۈكىدە پەقەت ( جەڭ مەيدانىدىلا ياردار بولغان جەڭچىلەرنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزسام ) دېگەن بىرلا ئارزۇ ـ ئىستەك يالقۇنجايتى. شۇڭا ئۇ مۇشۇ ئارزۇسى بويىچە نۇرغۇن ياردارلارنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزدى. ئۇلارنىڭ تېز ساقىيىپ قايتىدىن فرونتقا ئاتلىنىشى ئۈچۈن تىگىشلىك تۆهپىسىنى قوشتى. شۇ چاغدىكى بىر گېزىتتە ( ئاق تون كىيگەن كىچىك هەمشىرە رەيهان ئابدۇۋا ) دېگەن ماۋزۇدا رەيهان ئابدىۋانىڭ ئىش ـ ئىزلىرى تونۇشتۇرۇلغانتى. شۇنىڭدىن كېيىن دۈشمەن لىيەڭشاڭ ۋە هەرەمباغلارنى تاشلاپ ئايردورومغا توپلاندى، رەيهان ئابدىۋا تەشەببۇسكارلىق بىلەن دۈشمەننىڭ هەرەمباغ ئەتراپىغا ئورۇنلاشتۇرۇۋەتكەن چاتما مىناسىنى تازىلاشقا قاتناشتى. ئۇ هەر قەدەمدە ئەجەل هىدى كېلىپ تۇرغان ئەڭ خەتەرلىك جايلاردىمۇ قىلچە قورقماستىن ، ساپيورلار بىلەن بىللە قىسمىلىرىمىز ئۈچۈن يول ئاچتى. 1945ـ يىلى 1ـ ئايدا رەيهان ئابدىۋا تۇرغان يىڭ ئىككى ئاچىدا دۈشمەن يولىنى توساش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالدى. بىر قانچە كۈن ئۆتمەستىن غۇلجىدىن قاچقان دۈشمەنلەرگە زەربە بېرىش جېڭى باشلىنىپ كەتتى. دۈشمەن قاتتىق تىركەشكەچكە بىزنىڭ جەڭچىلىرىمىز ئىچىدە ياردارلار كۆپ بولدى، قىش ۋە ئايدالا بولغاچقا ، بۇ يەردە ياردالارنى داۋالاش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، شۇڭا ئۇلارنى قارىياغاچ بازىرىغا ئاپىرىپ داۋالاش توغرا كەلدى. رەيهان يولدا قونالغۇ يوق بولۇشتەك شارائىتتىمۇ قىلچە زارلانمىدى، ياردالارنى چانىغا سىلىپ كېچە ـ كۈندۈز

كەينىدىن ماڭدى، توڭلاپ كېتىۋاتىسىمۇ ياردالارنى ئىسسىق ساقلىدى، ئۆزى سوغۇق سۇ ئىچىسىمۇ ياردالارغا چاي قاينىتىپ بەردى. بىر قىتىم ياردالارنى ئېلىپ كېتىۋېتىپ كېچىدە شۋېرىغاندا قالدى، ئېھتىياتسىزلىقتىن بىر ياردانىڭ ئۈچىسىغا يىپىلغان جۇۋا نەلەرگىدۇ ئۇچۇپ كەتتى. تاغ ئارىسى بولغانلىقتىن تاپقىلى بولمىدى، رەيھان ئابدىۋا ئۈچىسىدىكى جۇگىسىنى دەرھال ياردارنىڭ ئۈچىسىغا يېپىپ قويىدى ۋە كالتەك شىرىپ چاپىنىدا مۈزلاپ تىترەپ كەتكەن بولسىمۇ قىلچە چاندۇرمىدى. شۇنداق قىلىپ بىرمۇ ياردانى خەتەرگە ئۇچراتماي، بەلگىلەنگەن جايغا ئېلىپ كەلگۈچە يولدا دۈشمەن زەربىسىگە ئۇچرىدى،

ـ جېنىم سىڭلىم سىز ماڭا قارىماڭ، قورشاۋنى يىرىپ چىقىپ كېتىڭ، بىر قانچە كۈندىن بۇيان رەيھاننىڭ دۈمبىسىدە هاپاش بولۇپ كېلىۋاتقان ياردار ھەدەپ قىستاپ كېلىۋاتقان 6ـ7 دۈشمەننى كۆرۈپ رەيھانغا يالۋۇردى. يوق گەپنى قىلماڭ رەيھان ياردارغا بۇيرۇق تەلەپپۇزدا شۇ گەپنى قىلىپ، باستۇرۇپ كېلىۋاتقان دۈشمەنگە كەينى ـ كەينىدىن 2 گىراناتنى تاشلىدى، قالغان 4 جەڭچىمۇ سىرتتىن ئۇنىڭغا ماسلىشىپ، دۈشمەنگە غەزەپ بىلەن ئوق ئۈزدى. ئىككى تەرەپ قاتتىق ئېتىشىۋاتقاندا ، ياردار جەڭچىنىڭ ئوق مۈرىسىگە ئوق تېگىپ كېتىپ هوشىدىن كەتتى. 5 مىنۇتتەك داۋام قىلغان كەسكىن جەڭدىن كېيىن دۈشمەنلەر بىر قانچە ئۆلۈكىنى تاشلاپ قېچىپ كەتتى. هوشىدىن كەتكەن مۇشۇ ياردار جەڭچىنى ھېسابقا ئالمىغاندا قالغانلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ساق ئىدى. رەيھان ئابدىۋا ياردار جەڭچىنى ئۆزى كۆتۈرۈپ ماڭدى ، گىياھ ئۇنمەيدىغان بۇ چۆل ـ جەزىرىدە ئۇلارنى ھەممىدىن بەكرەك ئۇسسۇزلۇق قىينىدى. شۇنداق بولسىمۇ رەيھان چىشىنى چىشلەپ، دۈشمەن ئەھۋالىنى بەلگىلەنگەن قەرەلدە قوماندانلىققا يەتكۈزدى، قوماندانلىق ئۇلارنىڭ خىزمىتىدىن قاتتىق مەمنۇن بولدى ھەمدە ياردار جەڭچىلەرنى دەرھال ئىلىغا ئەۋەتىۋېتىپ، رەيھاننى بىر قانچە كۈن دەم ئېلىشقا بۇيرىدى. رەيھان دەم ئېلىشنى رەت قىلىپ ئۆزى تۇرۇشلۇق قىسمىغا بېرىپ جەڭنى ئازات قىلىش ئۇرۇشىغا

قاتنىشىپ كەتتى، 40 گىرادۇسلۇق ئىسسىقتا جەڭچىلەرنى ئۇسسۇزلۇق بېرىپ قۇتقۇزسا، بىر تەرەپتىن ئۆزى ئىچىدىغان سۇنىمۇ باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بەردى. رەيھان تۇرغان يىلى دۈشمەننىڭ مەلۇم بىر ئىستىھكامىنى ئىگەللىۋالغاندا دۈشمەن پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ قايتارما ھوجۇمغا ئۆتتى، جەڭچىلىرىمىز ياۋۇز دۈشمەنلەرگە غەزەپ بىلەن ئوت ئاچتى. دۈشمەننىڭ 2_ قېتىملىق ھوجۇمى چېكىندۈرۈلۈشىنىڭ ئالدىدا ئېغىر يېلىمۇت قىززىپ كېتىپ توساتتىن توختاپ قالدى، رەيھان بۇنى كۆرۈپ دەرھال يېنىدىكى بىر سۇدان سۇنى پىلموتنى سوۋۇتۇشقا بەردى. شۇنىڭ بىلەن دۈشمەننىڭ ھوجۇمى غەلبىلىك چېكىندۈرلۈپ، جەڭ غەلبىگە ئېرىشتى........

_ مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى جەڭ ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، رەيھان ئابدىۋانى ( باتۇرلۇق ) قاتارلىق مىداللار بىلەن تەقدىرلىدى. رەيھان ئابدىۋا ئازاتلىق ئىشلىرى ئۈچۈن ئەنە شۇندق قان كېچىپ كۆرەش قىلىپ تاكى ماناس دەرياسى بويىغىچە بېرىپ 1946_ يىلى بىتمىدىن كېيىن ھەربى دوختۇرخانا ۋە سەھىيە نازارىتىدە ئىشلىدى. 1948_ يىلى غۇلجا تىببى تېخنىكۇم مەكتپىنىڭ دەۋالاش كەسپىدە بىلىم ئاشۇرۇپ 1952_ يىلى ئوقۇشنى ئەلا نەتىجە بىلەن ئاياقلاشتۇردى. تەشەببۇسكارلىق بىلەن سۈيدۈڭگە بېرىپ خەلق دوختۇرخانىسىنى قۇرۇشقا قاتناشتى، جوڭگۇ خەلق ئازاتلىق ئارمىيە 5_ كورپۇس قوماندانلىق شتابى ئۇنىڭ يۇقارقىدەك تۆھپىسىگە « غەربىي شىمالنى ئازات قىلىشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلەرنى خاتىرلەش مىدالى » بىلەن تەغدىرلىدى. رەيھان ئابدىۋا 1953_ يىلىدىن تاكى 1980_ يىلىغىچە غۇلجا شەھەرلىك ئۆمۈد مەكتىپى ، ئىلى ھەربى گوسىپتال ، 4_ شى دوختۇرخانىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا داۋالاش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ،نۇرغۇنلىغان بىمارلارنى ئاغرىق ئازابىدىن قۇتقۇزدى. ۋە 1981_ يىلى خىزمەتتىن ئايرىلىپ دەم ئېلىشقا چىقتى. ئۇ گەرچە خىزمەتتىن ئايرىلغان بولسىمۇ، جەمىيەتكە بىر كىشلىك ھەسسە قوشۇشتىن توختاپ

قالمىدى. ئۇ ھازىرمۇ مەھەللىسىدىكىلەرنىڭ ياخشى دوستى، مەسلىھەتچىسى.

مەرھۇم رەيھان ئابدۇۋا 1999ـ يىلى 10ـ ئاينىڭ 2ـ كۈنى 70 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرى مەڭگۈ ياد ئېتىلگۈسى.

## نۇرخان

نۇرخان گومىداڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋاقتىدا ياشاپ ئۆتكەن پىداكار ئۇيغۇر ئاياللىرىدىن بىرى بولۇپ، مەرىپەتپەرۋەرز زات ۋە قەيسەر جەڭچى تۇرداخۇن خەلپىتىمنىڭ ئايالى.نۇرخان ئوغۇل-قىزلىرىنى ياخشى تەربىيلەپ قاتارغا قوشىدۇ. بالىلىرى بىر-بىرىدىن يارامىلىق، ئىلىم-مەرىپەتلىك،قەيسەر،خەلقسۆيەر پەرزەنتلەردىن بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ.ئۇنىڭ ئوغلى-ل.مۇتەللىپنىڭ ئۇستازى بولغان مەۋلانجان ھەم دادىسى بىلەن بىرگە رەزىل گومىنداڭ تۈرمىسىگە قامىلىدۇ.گومىنداڭ باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى كۆتۈرۈلۈپ،غەلىبىسىرى ئىلگىرىلەپ ئاقسۇغا قەدەر يېتىپ كېلىدۇ.مىڭلىغان ئۇيغۇر قىز-ئوغلانلىرى قانخور جاللاتلارغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش سېپىگە تىزىملىتىپ،پىدائىي بولىدۇ. ئەنە شۇنداق شارائىتتا جاسارەتلىك نۇرخان 50ياشلارغا يېقىنلاپ قالغىنىغا قارىماستىن پىدائىي بولۇشقا تىزىملاتقىلى كېلىدۇ.ئۇ«مەنمۇ پىدائىي بولۇشقا تىزىملاتقىلى كەلدىم...مېنىڭ يەنە باشقا نەۋبەر ئوغۇل-قىزلىرىم بار،ئۇلارمۇ ئىشقا يارايدۇ.بالىلىرىمنىڭ ئاتىسى ۋە ئاكىسى گومىنداڭ تۈرمىسىدە-ئازاپ زىندانىدا يېتىۋاتىدۇ،بىگۇنا زۇلۇم تارتىۋاتىدۇ.بىزنىڭ يۈرىكىمىزنى ئىنتىقام چوغلىرى ئۆرتىمەكتە...»دەپ باتۇرلارچە خىتاپ قىلىدۇ.بۇ قەيسەر ئانىنىڭ ئوتلۇق خىتابى

قانچىلىغان ياش يىگىتلەرنىڭ قەلبىگە ئىسيان ئوتلىرىنى ياقىدۇ ۋە پىدائىيلىقتا يېزىلىش دولقۇنى تېخىمۇ قاينام-تاشقىنلىقتا كۆتىرىلىدۇ.ئۇ ئۆزىنى پىدائىيلىقتا تىزىملىتىپلا قالماي يەنە يىراقتا تۇرىۋاتقان بالىلىرىنىمۇ پىدائىيلىقتا تىزىملىتىدۇ.بالىلىرىمۇ ئانىسىنىڭ چاقىرىقىغا خوشاللىق بىلەن بويسۇنۇپ ئىنقىلاپ سېپىگە بەس-بەستە قاتنىشىدۇ.تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى بولۇپ شەخسىي داۋالاش كەسپى بىلەن مەشغۇل بولۇپ يۈرگەن ئوغلى يۈسۈپجان ھەم ئانىسىنىڭ نۇرخاننىڭ ئۆنى سىرتىدىن پىدائىيلىقتا تىزىملىتىپ قويغانلىقىنى ئاڭلاپ خوشاللىقىدا ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالىدۇ ۋە تېزلىك بىلەن قايتىپ كېلىپ پىدائىيلار سېپىدە دوختۇر بولۇشتىن ئىبارەت شەرەپلىك خىزمەت بىلەن مەشغۇل بولىدۇ.ئۇنىڭ كىچىك ئىنىسىمۇ ئاكىسى بىلەن تەڭ قاتاردا ئىنقىلاپ مەيدانىدا بولىدۇ.بۇ قەلبى قانخور ھاكىمىيەتكە قارشى قەھر-غەزەپكە تولغان،دۈشمەن تۈرمىسىدە ئازاپ چېكىۋاتقان قەيسەر، قەلبى ئويغاق، مىللەتسۆيەر تۈرداخۇن خەلپىتىم ۋە مەۋلانجاندىن ئىبارەت سانسىزلىغان قان-قېرىنداشلىرى ئۈچۈن كۆكسىلىرىدە ئىنتىقام ئوتلىرى يېنىۋاتقان بىر ئائىلە كىشىلىرى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن پىدائىيلار سېپىدە ئۆزلىرىنى ئۇنتۇغان ھالدا مەسئۇلىيەتلىرىنى ئادا قىلىدۇ...

نۇرخان ئاشۇ زۇلمەتلىك كۈنلەردە ئۆز جانلىرى ۋە ماللىرى بىلەن ئەرك ئۈچۈن،خەلق ئۈچۈن،ۋەتەن ئۈچۈن...ئىمان-ئېتىقادلىرىنى،ئىپپەت-نومۇسلىرىنى،ئانا ماكانىنى ياۋۇز باسمىچىلاردىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن قوللىرىغا ئەركەكلەر كەبى قورال-ياراق ئالالمىسا ، شەپقەت ھەمشىرىلىرى بولۇپ ۋەياكى يىپ-يىڭنە،قازان-قومۇچ بولسىمۇ ئېلىپ، ئازادلىق يولىدا كۈرەشكە ئاتلانغان مىڭلىغان ئۇيغۇر قىز-ئاياللىرىنىڭ-ئانىلىرىنىڭ بىرىدۇر.

# 4 ـ بۆلۈم: مۇئەللىم شام چىراغ روھ دۇنياسىغا



ئەسىرىمىزنىڭ بۇ بۆلىمى1900-يىللاردا ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەركىتى باشلانغان دەسلەپكى دەۋرلەردە رۇسىيەدىن كېلىپ ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشقان تاتار مۇئەللىمەلەردىن سوفىيە خانىم ،گۈلەندەم ئاۋۇستەي،خەدىچە ئاۋۇستەي،مۇنەۋۋەر خانىم... قاتارلىق ئۇستازلار شەرىپىگە بېغىشلىنىدۇ.بۇ سۆيۈملۈك مۇئەللىمەلەر ئۇيغۇر رايونىدا ئەمدىلەتىن يېڭى مائارىپ ھەركىتى باشلىنىپ،بىلىملىك، سېستىمىلىق ئالىي مائارىپ تەربىيسى كۆرگەن ئايال ئوقۇتقۇچىلارئىنتايىن كەمچىل بولىۋاتقان، يېڭى مەدەنىيەت ھەركىتىگە-بولۇپمۇ ئۇيغۇر رايونىدىكى قىز-ئاياللارنىڭ يېڭىچە مەكتەپلەردە ئوقۇشىغا قاتتىق قارشى تۇرۇلىۋاتقان شارائىت ئاستىدا بارلىقىنى ۋە ھاياتىنى ئۇيغۇر رايونىدىكى قىز-ئاياللارنىڭ مائارىپ ۋە باشقا ساھەلەردە تەربىيەلىنىشى ئۈچۈن سەرىپ قىلغان،قىز-ئاياللارنىڭ نادانلىق ۋە مۇستەبىت،قانخور ھاكىمىيەتنىڭ زۇلۇم ئاسارەتلىرىدىن قۇتۇلۇپ،ئويغىنىشى ئۈچۈن زور تەسىر كۆرسەتكەن پىداكار ئۇستازلاردۇر. ئاشۇ شەرەپلىك خىزمەتلىرى ئۈچۈن بۇ رىسالىمىزدە ئۇلارغا كۆپ تەشەككۈرلەر ئېيتىمىز !

## سالام بىرەي مۇئەللىم

ئاپتورى:ئۆگەنگۈچى

ھاياتىڭنى،بارىڭنى، تەغدىم قىلدىڭ مائارىپقا،
مۇستەھكەمدۇر ئىرادەڭ ، ئىلىم نۇرى چېچىشقا،
ناھەقلەرگە بوي بەرمەي،ھەقنى بويلاپ مېڭىشقا،
سۆيىنىمەن ئەجرىڭدىن ،سالام بىرەي مۇئەللىم.

كىتاب كۆرۈپ ھارمىدىڭ،تاپشۇرۇق بار ياندىشىپ،
كېچە-كېچە ئۇيقۇ يوق ، كۆزۈڭ كەتتى ئېچىشىپ،
بوي بەرمىدىڭ كېسەلگە، ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىپ،
تەربىيلەشكە بىزلەرنى، سەن داۋاملىق تىرىشىپ،
ياشىندۇق بىز قەھرىڭدىن،سالام بىرەي مۇئەللىم.

تالاشماستىن شوھرەتنى،بەدەل تولەپ مىھنەتسىز،
ھەمرا قىلىپ دوسكىنى،تەر توكتۇڭغۇ ئۇن-تىنسىز،
بورنى تۇتقان قوللۇرۇڭ،ئەمەس ھەرگىز قاداقسىز،
قايسى بىرى چوڭ بولغان، ئوقۇتقۇچۇم سىنىڭسىز،
مەن كۆكلىگەن تەرىڭدىن،سالام بىرەي مۇئەللىم.

مۇجەسسەم بولغان ساڭا،ھەرخىل ئىسىل خىسلەتلەر،
سۆزلەپ قانداق تۈگۈتەي،سىنىڭدە كۆپ پەزىلەتلەر،
پۇشمانىڭ يوق ئەزەلدىن ،قىيناپ باقسا قىسمەتلەر،
سەن ئوخشايسەن بۇلاققا ، كۆپتۇر يەنە ھېكمەتلەر،
ئوستۇم سىنىڭ قولۇڭدىن ،سالام بىرەي مۇئەللىم.

# گۈلەندەم ئاۋۇستەي

ئۇيغۇر يېڭىچە مائارىپى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشقان ئۇستازگۈلەندەم ئاۋۇستەي-(1889-1973) ئۇيغۇر ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر يېڭى مائارىپىنىڭ ئايال مەنۋى ئىنژېنېرى دەپ نام ئالغان

گۈلەندەم ئاۋۇستەي 1889-يىلى رۇسىيەدە تۇغۇلغان تاتار مۇئەللىمە بولۇپ،1917-يىلى تۇرپان ئاستانىلىق مەرپەتپەرۋەر سودىگەر مەخسۇت مۇھىتىنىڭ تەكلىپى بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش ئىشلىرى ئۈچۈن ئوقۇتقۇچى بولۇش نىيتى بىلەن ئۇيغۇر رايونىغا كېلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ خىراجەتلىرىنى ئايمۇ ئاي تەمىنلەپ ئوقۇتۇش خىزمەتلىرىگە مەسئۇل قىلىدۇ.گۈلەندەم ئاۋۇستەي مەخسۇت مۇھىتى تەكلىپ قىلغان مۇھىبۇللا ئەپەندى،ئەلى ئىبراھىم،ھىسامىدىن ئەپەندى قاتارلىق 6 نەپەر ئوقۇتقۇچى بىلەن بىللە ئوقۇتۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.ئۇ ئالتە نەپەر ئوقۇتقۇچىدىن مۇھىبۇللا ئەپەندى بىلەن گۈلەندەم ئاۋۇستەي تۇرپانغا تەقسىم قىلىنىدۇ.مۇھىبۇللا ئەپەندى بىلەن گۈلەندەم ئاۋۇستەي تۇرپان ئاستانىغا كەلگەندىن كېيىن مەخسۇت مۇھىتى ئۆز قوراسىدىن ئۆي بېرىپ ئۇلارنىڭ نىكاھ توينى قىلىپ قويىدۇ.مۇھىبۇللا ئەپەندى 1913-يىلى بۇ يەردىكى تۇنجى مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىنغان تاتار زىيالىيسى ھەيدەر سايرانى ئەپەندى ئوقۇتقان مەكتەپ-مەقسۇدىيە مەكتىپىنى ئۆتكۈزىۋالىدۇ.گۈلەندەم ئاۋۇستەي ئايرىم بىر ئېغىزلىق ئۆي تەييارلاپ قىزلارنى ئوقۇتىدۇ.ئوقۇتۇش سۈپىتى بىرقەدەر يۇقىرى بولغان بۇ مەكتەپتە ئوقۇپ چىققان كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلار كېيىنكى ۋاقىتلاردا باشقا جايلارغا بېرىپ تايانچ ئوقۇتقۇچىلاردىن بولىدۇ.تاتارلار ئۆتمۇشتە ئايال ئوقۇتقۇچىلارنى«ئاۋۇستەي»دەپ ئاتىغان.ئايال ئوقۇتقۇچى گۈلەندەممۇ شۇ ئاساستا«ئاۋۇستەي»دەپ نام ئالىدۇ.ئۇنىڭ قىز

ئوقۇغۇچىلىرىمۇ كېيىن ئوقۇتقۇچى بولغاندا «ئاۋىستەي»دەپ ئاتىلىدىغان بولىدۇ.مەسىلەن ئائىشە ئاۋۇستەي،پاتىمە ئاۋۇستەي ۋە باشقىلار.شۇنىڭ بىلەن تۇرپان رايونىدا ئايال مۇئەللىمەلەرنى «ئاۋۇستەي»دەپ ئاتاپ كېلىدىغان بولغان.

گۈلەندەم ئاۋىستەنىڭ يولدىشى مۇھىبۇللا ئەپەندى 1921-يىلى كېسەل بولۇپ تۇرپان ئاستانىدا ۋاپات بولىدۇ.ئىككى ياشلىق ئوغلى ۋە قىزى بىلەن گۈلەندەم ئاۋۇستەي تۇل قالىدۇ.بۇ يەردىكى قىزلارنى ئوقۇتۇش خىزمىتىگە ئائىشە ئاۋۇستەي قاتارلىق مۇئەللىمەلەر يېتىشىپ چىققىنى ئۈچۈن گۈلەندەم ئاۋۇستەي 1925-يىلى چۆچەككە قايتىپ كېتىپ مەكتەپ ئېچىپ قىزلارنى ئوقۇتىدۇ تاكى 1955-يىلىغىچە چۆچەكتە ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.چۆچەكتىكى «گۈلەندەمىيە»مەكتىپى ئۇنىڭ نامىغا ئاتالغانلىقى ئالاھىدە خاتىرىلىكتۇر.

گۈلەندەم ئاۋۇستەي ئىسمى-جىسمىغا لايىق ھەقىقىي مەرىپەت باغۇنى ئىدى. ئۇ ئۇيغۇر مائارىپى ئۈچۈن پۈتۈن ھاياتىنى بېغىشلاپ، بۇ يولدا ئۆچمەس سەھىپە ياراتقان. شۇڭا ئۇ ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ " سۆيۈملۈك ئانىسى" دەپ تىلغا ئېلىنىشقا ئەرزىيدۇ ھەمدە خەلقىمىز قەلبىدە ئۇنىڭ ئوبرازى مەڭگۈ پارلاق نۇر چاچىدۇ.

## مۇنەۋۋەر خانىم

مۇنەۋۋەر خانىم 1930-يىللاردا ياشاپ ئۆتكەن تاتار مۇئەللىمەلەردىن بىرى.ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا تەۋەسىدىن تۇرمۇش مەسىلىسى تۈپەيلىدىن قەشقەرگە كېلىپ قالغان بولۇپ،1934-يىلى قەشقەردە قۇرۇلغان تۇنجى قىزلار مەكتەپلىرىدىن «مەھمۇدىيە»

مەكتىپىنىڭ تۇنجى قارار مۇئەللىمەلىرىنىڭ بىرسى بولغان.

مۇنەۋۋەر خانىم بۇ مەكتەپتە قىزلارغا ھېساب ۋە ئانا تىلى دەرسى، ناخشا دەرسى، لاتىن تىلى دەرسى قاتارلىق دەرسلەرنى بەرگەن.مۇنەۋۋەر خانىم سالامەتلىكى ئانچە ياخشى ئەمەس،ھەم بىر پۇتى مېيىپ ئايال ئىدى.ئەمما بۇ پىداكار مۇئەللىمە پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن ئوقۇغۇچىلارغا دەرس ئۆتكەن. ئۇئوقۇغۇچىلارغا تاتارچە:

ئىشىكنىڭ ئالدى يېشىل گۈللەر،

يېيىپ قويسا كۆتەرمى(كۆتەرمىدى).

ئېرىكنىلىكتە ئۆسكەنىم،

ئېغىر سۆزلەر كۆتەرمى( كۆتەرمىدى).

بولما ماتۇر( چىرايلىق)، بول بەختلىك،

بەختلىك يۈرسە يەملى....

قاتارلىق تاتار خەلق ناخشىلىرىنى ئۆگىتىپ، ئوقۇغۇچى قىزلارنى ئىستېتىك تەربىيىگە ئىگە قىلغان.ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان.ئەپسۇس بۇ مەكتەپ سىياسىي ۋەزىيەت سەۋەبىدىن ئالتە ئايدىن كېيىن تاقىلىپ قالغان.

## خەدىچە ئاۋۇستەي

ئىلى يېقىنقى زامان پەننىي مائارىپ سېپىدىكى جاپاكەشئۇستاز،يېڭى مەكتەپلەرنىڭ ئېچىلىشىئۇچۇن ئاساس سالغۇچى خەدىچە ئابستاي.ئۇ قازان تاتارلىرىدىن بولۇپ،ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىغا زور تۆھپە قوشقان پىداكار ئاياللاردىن بىرى.خەدىچە ئاۋۇستەي مەشھۇر تاتار پىداگوك ئابدۇللا بوبى دېگەن كىشىنىڭ رەپىقىسى بولۇپ،1910-يىلى يولدىشى

بىلەن بىرگە قازان شەھرىدىن غۇلجىغا تەكلىپ بىلەن كېلىپ،غۇلجا تەۋەسىدىكى تاتار،ئۇيغۇر قاتارلىق ھەرمىللەت قىز-ئاياللىرىنىڭ يېڭىچە مائارىپ بىلەن تەربىيلىنىشىگە زور ئەجىرلەرنى سىڭدۈرگەن تۆھپىكار مائارىپچىدۇر.

1910-يىلى بىر بۆلۈم تاتار زىيالىيلىرى ۋە تەرەققىيپەرۋەر زاتلىرى قىزلار مائارىپىنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يېتىپ، دەۋرگە ماسلىشىپ، مەخسۇس قىزلار مەكتىپى ئېچىشنى قارار قىلدى. ئوقۇتقۇچى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن قازان شەھرىدىن مەشھۇر پېداگوگ ئابدۇللا بوبى، خەدىچە ئابىستاي (ئايال ئوقۇتقۇچىلار تاتارچە ئابىستاي دەپ ئاتالغان، ئۇيغۇرلار ئاۋستاي دەپ تەلەپپۇز قىلغان)نى تەكلىپ قىلىپ غۇلجا شەھرىگە ئېلىپ كەلدى. تاتار جامائەتچىلىكىنىڭ قىزغىن قوللىشى، ئىلغار تاتار بايلىرىنىڭ مەبلەغ چىقىرىشى بىلەن مەكتەپ سېلىش خىراجىتى توپلاندى. نەتىجىدە تەشلەپكەندىكى چوڭ تاتار مەسچىتى يېنىدىكى مەدرىسىنىڭ ئورنىدا دېرىزىلىرى ئەينەكلىك،ئاستى-ئۈستى تاختايلىق، ياۋروپاچە دوسكا، پارتا ـ ئورۇندۇقلىرى تولۇق ئىككى قەۋەتلىك، ئاستى ماگىزىن، ئۈستى سىنىپ بولغان مەكتەپ بىناسى قەد كۆتۈردى. مەكتەپكە <<مەكتەبى نۇر>> دەپ نام بېرىلدى. مەكتەپتە يەنە <<نۇر كىتاپخانىسى>> تەشكىل قىلىندى. بۇ مەكتەپ شۇ دەۋردە باشلانغۇچ بىلەن تولۇقسىز ئوتتۇرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىنجاڭ بۇيىچە بىردىنبىر قىزلار مەكتىپى ئىدى 1914-يىلى بۇ مەكتەپتە رەسمىي دەرس باشلاندى. مەكتەپتە ئېلىپبە، ئىملا، ھېساب، ئەدەبىيات، ئالگېبرا، گېئومېترىيە، خىمىيە، فىزىكا، بوتانىكا، جۇغراپىيە، ئەخلاق، تەنتەربىيە، ئەرەپ تىلى، شېئىر، دىن دەرسلىرى ئۆتۈلدى. قىزلار ئالدىغا پەرتۇق تارتىپ، ئاق ياقىلىق بېغىررەڭ كوپتا ـ يوپكا، گۈل چېكىلگەن تاتارچە قىزلار دوپپىسىدىن تەركىپ تاپقان مەكتەپ فورمىسى كىيەتتى. مەكتەبى نۇردا تاتار قىزلىرىلا ئوقۇپ قالماستىن ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك، خۇيزۇ قىزلىرىمۇ، شۇنىڭدەك ئىككى نەپەر خەنزۇ

قىزىمۇ ئوقۇغان ئىدى...

خەدىچە ئابىستاي ئۇيغۇر رايونىدىكى ئوقۇتقۇچىلىقتىن ئىبارەت بۇ شەرەپلىك ھاياتنى باشلىغاندىن تارتىپ نۇرغۇنلىغان قىزلار مەكتەپلىرى،يەسلى قاتارلىقلارنى ئېچىپ،مۇئەللىمە بولۇپ،قىز-ئاياللار تەربىيىسىگە توختىماي تۆھپە قوشۇپ كەلگەن بولۇپ،بۇ مەكتەپلەردىن بىرى ھازىرقى غۇلجا بىرىنچى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئاساسى ئىدى.يەنى خەدىچە ئاپپاي تاتار زىيالىيلىرىدىن غەزىز ئابزى (تاتارچە ئابزى ئۇيغۇرچە ئاكا دېگەن سۆز بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئەۋزى دەپ تەلەپپۇز قىلغان)، غەينۇرە ئاپپايلار بىلەن بىللە غۇلجا شەھىرى قىزىل كۆۋرۈكتە (ھازىرقى 1-باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئورنىدا) ئىككى ئېغىزلىق ئۆيدە ئاددىيغىنە ئۈچ سىنىپلىق قىزلار مەكتىپى ئېچىپ بالا ئوقۇتۇپ ،پەننىي دەرسلەردىن بىلىم بەرگەن.بۇ سىنىپلار بۈگۈنكىغۇلجاشەھەرلىك 1 -باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئەڭدەسلەپكى ئاساسى ئىدى.ئەينى ۋاقىتتا بۇ مەكتەپ «قىزىل كۆۋرۈك مەكتىپى»دەپ ئاتىلاتتى.

1910-يىلى بېشىرباي ھاجىم غۇلجا شەھىرىدىكى بەيتۇللاھ مەسچىتىنىڭ غەربىي شىمال بۇرجىكىدە ئالتە ئېغىزلىق ئوتتۇرسى زاللىق مەكتەپ بىناسى سالدۇرۇپ، ياۋروپاچە پارتا، دوسكىلارنى ياسىتىپ، مەخسۇس قىزلار مەكتىپى قۇرۇپ، قىزىل كۆۋرۈكتىكى غەزىز ئەۋزى، خەدىچە ئاپپاي، غەينۇرە ئاپپايلارنى ئىككى سىنىپ ئوقۇغۇچىسى بىلەن كۆچۈرۈپ كېلىدۇ..

مۇساباييوفلار 1905-يىلى ئىلىدا "ھۈنەر-كەسىپ مەكتىپى"تەسىس قىلىپ،1912 -يىلىغا كەلگەندە،ئاياللارنىڭ تېخنىك جەھەتتىن تەربىيەلىنىشى ئۈچۈن بىر قىسىم ئاياللارنىڭ ئىشچى ۋە ئوقۇغۇچى بولۇشتەك ئارزۇلىرىنىڭ تەلىپى بويىچە بۇ مەكتەپنى "ئاياللار كەسپى مەكتىپى"گە ئۆزگەرتىدۇ.شۇنىڭ بىلەن ئۇلار1913-يىلى بۇ مەكتەپنىڭ ئايال ئوقۇتقۇچى مەسلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن قازان شەھىرىدىن كەلگەن تۆت نەپەر

ئايال ئوقۇتقۇچىنى تەكلىپ قىلىپ، بۇ مەكتەپنىڭ مۇئەللىمەلىك ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى.مەكتەپتە دىن دەرسى بىلەن بىللە توقۇمۇچىلىق،كەشتىچىلىك،تىككۈچىلىك دەرسلىرى ئۆتۈلدى.ئەنە شۇ مەكتەپتە تۇغۇلغان يۇرت-ماكانىنى تاشلاپ،ئۇيغۇر قىز-ئاياللىرىنىڭ مائارىپ ۋە كەسپى جەھەتلەردە تەربىيەلىنىشى ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلاپ يىراقتىن كەلگەن تاتار مۇئەللىمەلەردىن بىرى خەدىچە ئاۋۇستەي ئىدى.

خەدىچە ئاۋۇستەي ئۆزى بىلەن بىللە كەلگەن مۇئەللىملەر بىلەن بىرگە بۇ مەكتەپتە بىر تەرەپتىن قىز-خانىملارغا ھېساب،تارىخ،جۇغراپىيە قاتارلىق دەرسلەر بويىچە ئوقۇتۇش ئېلىپ بارسا،يەنە بىر تەرەپتىن كىيىم تىكىش،يۇڭ پوپايكا،شارپا،ياغلىق،پەلەي توقۇش،رېشلىيە ئىشلەش،كەشتىچىلىك قاتارلىق قول ھۈنەرلىرىنى ئۆگەتتى.مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئاياللار ئۇستا ھۈنەرۋەنلەر بولۇپ يېتىشىپ چىقتى.ئوقۇشنى تەلەپ قىلغانلار داۋاملىق كۆپەيگەچكە،بۇ مەكتەپ"ھۈنەر مەكتەپ"دەپ ئاتىلىدىغان بولدى.خەدىچە ئاۋۇستەي قاتارلىق بۇ مۇئەللىمەلەرنىڭ جاپالىق ئەجىرلىرى نەتىجىسىدە بۇ مەكتەپتە ئوقىغان مىڭلىغان ئۇيغۇر قىز-ئاياللىرى بىلىملىك ھۈنەرۋەنلەر ھەم كارخانا ئىشچىلىرىغا ئايلاندى. ئۇندىن باشقا 1945-يىلى خەدىچە ئاپپاي يەنە ئەسمە ئاپپاي بىلەن بىللە غۇلجا شەھرىدە تۇنجى بالىلار يەسلىسى ئېچىپ، بالىلار باغچىسى قۇرۇلۇشىدا ئۈلگە تىكلەيدۇ...

## سوفىيە خانىم مەسۇم خانوۋا

كۆچادىكى تۇنجى مۇئەللىمە-سوفىيە خانىم مەسۇم خانوۋا(1902-1950)ئەسلى قازان تاتارلىرىدىن بولۇپ،قازان پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتىدا ئوقۇغان.1924-يىلىغىچە قازان دىزېرژىنىسكى نامىدىكى يېتىملار مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ خىزمەت قىلغان.شۇ

چاغدا يولدىشى ئەزەمخان تۆرەم بىلەن توي قىلغان.

ئەزەمخان تۆرە ئەسلى نەمەنگانلىق(تاشكەنت)ئۆزبەك زىيالىسى بولۇپ،كېيىن ھەم ساياھەت،ھەم تىجارەت بىلەن ئايالى سوفىيە خانىمنى ئېلىپ چۆچەك ئارقىلىق كۇچاغا كېلىپ ئورۇنلىشىپ قالغان ۋە شەمەي بىلەن كۇچا ئارىلىقىدا تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان.ئەزەمخان تۆرە كۇچانىڭ گۈزەل كوچىلىرىدىن بىرى بولغان كۆچېپرىق مەھەللىسىدە زامانىۋى قورۇ سالدۇرغان.قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابى مەزگىلىدە خوجىنياز ھاجىغا مەسلىھەتچى سۈپىتىدە خىزمەتكە قاتناشقان.بۇ مەزگىلدە كۇچادا يېڭىچە مائارىپ ئەمدىلەتىن باشلانغان بولۇپ،ئاياللار مائارىپى ئۈچۈن يېتەكچىلىك قىلغۇچى مۇئەللىمە تېپىش قىيىن ئىدى.دەل مۇشۇنداق پەيتتە مەرىپەتلىك سۇفىيە خانىمنىڭ كۇچاغا كېلىپ قېلىشى بۇ ئىشقا تازا ياپ كېلىدۇ.شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئابدۇلھېمىت مەخسۇم،ئابدۇللەم باي باي قاتارلىق مائارىپپەرۋەرلەر ئىككى سىنىپلىق قىزلارنى توپلاپ سۇفىيە خانىمنى مۇئەللىمە بولۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىدۇ.ئەزەمخان تۆرىنىڭ رازىمەنلىكى بىلەن سۇفىيە خانىم شەرەپلىك،ئەمما مۇشكۇل ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالىدۇ.شۇنىڭ بىلەن قىزلار مەكتىپى ۋۇجۇدقا كېلىدۇ ۋە ئوقۇغۇچىلار كۆپىيىشكە باشلايدۇ.

1938-يىللىرىغا كەلگەندە،كۇچا ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ئايال ئوقۇتقۇچىلارغا بولغان جىددىي ئېھتىياجنى ھەل قىلىش ئۈچۈن قىسقا مۇددەتلىك دارىلمۇئەللىمات(ئايال ئوقۇتقۇچىلار)كۇرسى ئاچىدۇ.كۇرسقا سۇفىيە خانىم مۇدىرە بولۇپ ئىشلەيدۇ ۋە قوشۇمچە گىراماتىكا دەرسى بېرىدۇ.قاتتىق ئىنتىزام ۋە جىددىي ئوقۇتۇش نەتىجىسىدە بۇ كۇرسانتلار لاياقەتلىك بولۇپ ئوقۇش پۈتتۈرۈش شاھادەتنامىسىغا ئېرىشىدۇ ھەمدە كۇچادىكى 20نەچچە جايدىكى قىزلار مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىغا بەلگىلەپ ئەۋەتىلىدۇ.شۇنىڭ بىلەن ئايال ئوقۇتقۇچىلار مەسلىسى ئاساسەن ھەل بولىدۇ.

يەنە شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى،سۇفىيە خانىم قازاندىن يولغا چىقىشتا،قازاندا

نەشر قىلىنغان دەرسلىك قوللانما،ھەرخىل پەنگە ئائىت دەرسلىك كىتابلارنى،ئاتاقلىق شائىر ئابدۇللا توقاي،ھەزرەت قارى نىياز قاتارلىق ئالىم ۋە ئەدىپلەرنىڭ كىتابلىرىنى،پۇشكىن،لېرمونتوۋنىڭ تەرجىمە ئەسەرلىرىنى،رومانلارنى بىللە ئالغاچ كەلگەن بولۇپ،بۇ كىتابلارنى ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا پايدىلانغان،ۋە باشقا ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئوقۇتۇش خىزمىتىدە مۇشۇ ماتېرىياللاردىن پايدىلانغان.

سۇفىيە خانىمنىڭ يولدىشى ئەزەمخان تۆرە 1938-يىلى زالىم شىڭشىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ يوقىتىلىدۇ.سۇفىيە خانىم مۇشۇنداق ئېغىر ۋەزىيەتتىمۇ قىز-ئوغۇللىرىنى ئەڭ ياخشى مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا ئەۋەتىپ ياخشى تەربىيەلەيدۇ.سۇفىيە خانىم 1949-يىلى 48يېشىدا كۆچادا ۋاپات بولىدۇ.مەرھۇمەنىڭ ۋاپاتىنى ئاڭلىغان ھەربىر ئەر-ئايال چوڭقۇر قايغۇغا چۆكۈپ ماتەمدەر بولىدۇ.سۇفىيە ئاپايىمنىڭ قايغۇ-ھەسرەتلىك ماتىمى پۈتۈن كۆچانى دېگۈدەك زىلزىلىگە سالىدۇ.

سۇفىيە خانىمنى نەچچە يۈزلىگە ئوقۇغۇچىلىرى ئاپايىم دەپ ھۆرمەت قىلىدىغان بولۇپ،ھېلىمۇ ئاپايىم دەپ تىلغا ئېلىنىدۇ.ئۇ .ئوقۇتقان قانچىلىغان قىزلار بىلىم ئەھلى بولۇپ مائارىپ ۋە باشقا ساھەلەردە ياخشى خىزمەتلەرنى قىلىپ،كۆچادىكى ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ئۈچۈن ھەسسە قوشىدۇ.

## خەدىچە مۇزەپپەر خانىم

خەدىچە مۇزەپپەر خانىم 1930-يىللاردا قەشقەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان مەرىپەتپەرۋەر تاتار زىيالىلىرىدىن يۇسۇپ مۇزەپپەر ئەپەندىنىڭ ئايالى بولۇپ،قەشقەردىكى

قىز-ئاياللار مائارىپىغا ئالاھىدە تۆھپە قوشقا مۇئەللىمەلەردىن بىرى.

خەدىچە مۇزەپپەر خانىم دەسلەپتە قەشقەر شەھرى ئەنجان كوچىسىدا ئولتۇرۇشلۇق مەرپەتپەرۋەر بايلاردىن مۇھەددىن جانبايىنىڭ ھەشەمەتلىك ھويلىسىنىڭ 2-قەۋىتىدە ئېچىلغان« ئاياللار مەكتىپى» نىڭ مۇئەللىمەسى بولدۇ.ئۇمۇ پىشقان،ئىجتىھاتلىق،قابىل مائارىپچىلاردىن بولۇپ،قەشقەردىكى قىز-ئاياللار مائارىپىغا كۆڭۈل بۆلۈپ،ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتىرىدۇ.

خەدىچە خانىم يەنە قەشقەر شەھرى توختى مىراخور كوچىسى( ھازىرقى سۇت-قايماق كوچىسى) دىكى مەرپەتپەرۋەر زات مۇھەممەد ئەلى شاڭيۇملارنىڭ خۇسۇسىي جايىغا قۇرۇلغان ئىمىن ھاجىم خەلپىتىم باشقۇرۇشىدىكى كونا مەكتەپتىمۇ مۇئەللىمە بولدۇ.بۇ مەكتەپ 1885- يىلى قۇرۇلغاندىن تارتىپ قەشقەردىكى نۇرغۇن ئىلىم تەشنالىرىنى تەربىيلەپ كەلگەن بولۇپ،ئۇ بۇ مەكتەپتە مەكتەپ مەسئۇللىرىدىن بۇۋى خەلچە خېنىمغا ياردەملىشىپ،قىز-ئاياللارغا مەدەنىيەت دەرسىنى بېرىدۇ.

## زەينەپ خانىم يىلقىباي

پېشقەدەم ئوقۇتقۇچى زەينەپ خانىم يىلقىباي 1943 - يىلى غۇلجىدىكى خەيرىيە، نەمۇنە، تائالىيە، ئىلى ۋىلايەتلىك قىزلار مەكتىپى ۋە سايرامىيە مەكتەپلىرىدە مۇدىر ۋە مۇئەللىمە بولۇپ ئىشلىدى. ئۇ تەربىيلىگەن تاتار، ئۇيغۇر، ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز، تۇڭگان ۋە قىسمەن خەنزۇ پەرزەنتلىرى جەمئىيەتنىڭ تۈرلۈك ساھەلىرىدە ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلدى

ئىلى يېقىنقى زامان مائارىپىنىڭتەرەققىياتى ئۈچۈن 55يىل خىز مەت قىلغان زەينەپ

خانىم يىلقىباي 1921 ـيىلدىن 1976 ـيىلغىچە غۇلجا شەھرىدە قۇرۇلغان <<نەمۇنە مەكتەپ>>،<<سايرامىيە مەكتەپ>>،<<تائالىيە مەكتەپ«،مۇرات مەكتەپ»لەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ، نۇرغۇن ئەۋلادلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى.

ئۇ ئۆزىنىڭ باغۋەنلىك ئەجرىنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى ۋە ئازادلىقتىن كېيىن خەلق ھۆكۈمىتى تەقدىرلىگەن«ساداقەت»ئوردىنى،»قەھرىمان«ئوردىنى بىلەن نامايەن قىلدى.

ئۇ يەنە 1956ـيىلى ئاپتونوم رايۇنلۇق ۋە مەملىكەتلىكئىلغارلار قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىپ مۇكاپاتلاندى،مانا بۇلارنىڭ ھەممىسىزەينەپ خانىمنىڭ مېھنىتىدىن ئېچىلغان خۇش پۇراقگۈللەر ئىدى.

زەينەپ خانىم 1930ـيىللاردىكى ئىلى يېقىنقى زامان مائارىپىغا ئالاھىدە تەسىر كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن ئەينىۋاقىتلاردىلا <<ئىلى گېزىتى>> قاتارلىق تەشۋىقات ۋاستىلىرىدا ئىلغار ئىش ـ ئىزلىرى بىلەن تونۇشتۇرۇلغان ۋە زەينەپ ئانا دېگەن ھۆرمەت نامى بىلەن ياد ئېتىلىپ كەلگەن.

## رەشىدە خانىم

رەشىدە خانىمغۇلجىدىكى تاتار مائارىپچىلىرىدىن بولۇپ،ئەينى دەۋىردىكى غۇلجىدا ئېچىلغان قىزلار مەكتىپى تاتار مەكتەپتە ئوقۇغان. 1931ـ يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ،تاشكەنت پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىزىكا ـماتېماتىكافاكولتېتىغا

كىرىپ ئوقۇغان.1933ـ يىلى غۇلجىغا كېلىپ ،ئانا مەكتىپى (تاتارمەكتەپ) دە ئىشلىگەن. 1935 ـ يىلدىن 1946 ـ يىلغىچە غۇلجا،ئۈرۈمچى ۋە نىلقا ناھىيىسىدە مائارىپ خىزمىتىنى ئىشلىگەن.1946 يىلى ئۈرۈمچىگە بېرىپ،«قىزلارئوتتۇرا مەكتىپى»گەمۇدىر بولغان.1947 ـ يىلى ئۇ ئۈرۈمچى غالىبىيەت يولىدا شىنجاڭيېقىنقى زامان تارىخىدىكى تۇنجى مىللىي بالىلارباغچىسىنى قۇرۇپ مەسئۇل خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن.

رەشىدەم خانىم 1955 ـ يىلى بېيجىڭغايۆتكىلىپ بالىلار مائارىپىنى ئىشلىگەن.ئۇ مائارىپ تەرەققىياتى ئۈچۈن شەخسىيەتسىز مېهنەت قىلغانلىقى ئۈچۈن يېقىنقى زامان ئىلىمارىپ تارىخىدىلا ئەمەس،پۈتكۈل شىنجاڭ يېقىنقى زامان مائارىپتارىخىدىمۇ ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا تەكلىمە، شەفىقە سەفەر غەلى، غالىيە، دىلئەفرۇز، سەفەرغەلى، رەشىدە سەفەرغەلى، زەيتۇنە، شەۋقىيە، زەينەپ، مەبرۇرە، فەھىمە، سالىخە تەتە، نادىيە، رەشىدە باراتوۋا، فاتىمە بورناشۋا، فاتىمە غەففار، جامال سەفەرغەلى، رازىيە، فەرىدە، غارىق ۋە ماھىنۇر سىراجىۋا ھەم ئىسمى ئاتالمىغان نۇرغۇنلىغان تاتار مائارىپچىلىرى غۇلجا شەھىرى ۋە ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئېچىلغان پەنني مەكتەپلەردە ئوقۇتۇش ۋەزىپىلىرىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يېقىنقى زامان پەنني مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا ئۆچمەس ھەسسىلەرنى قوشتى.

# 5 ـ بۆلۈم : ئىمان باغچىلىرىدىن خۇشپۇراق گۈللەر



## ئىمان باغچىلىرىدىن خۇشپۇراق گۈللەر

بِسْــــــــــــــمِ اللهِالرَّحْمَنِ الرَّحِيم

ئاجىز بەندىلىرىنى ئىمان نېئمىتى بىلەن رىزىقلاندۇرغان ئاللاھتائالاغا ھەمدۇ ـ سانالار بولسۇن!

ئىنسانىيەتنى زۇلمەتتىن يورۇقلۇققا چىقىرىشقا سەۋەپچى بولغان كائىناتنىڭ پەخرى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمگە دۇرۇت ۋە سالام بولسۇن!

مېھرىبان ئاللاھ ئۇلۇغ يولباشچىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم بىلەن ئىنسانلارنى ئۆزىنىڭ بۈيۈك نېئمىتى قۇرئان ۋە ھېكمەت بىلەن خۇش بېشارەت بېرىپ،مۇقەددەس مەككىدە ئىسلام نۇرىنى چاقنىتىپ ئۈچ ئەسىرلەر ئۆتكەندىن كېيىن،ئۇيغۇر دىيارىدا ھەم ئىماننىڭ گۈزەل نۇرلىرى پارلاشقا باشلىدى.تاكى ئەرەپ

يېرىم ئارىلىدىن قاراخانىيلار چېگرالىرىغا قەدەر ئىسلام چوڭقۇر يىلتىز تارتقان شۇ دەۋرلەرگىچە تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇپ-شىمالىدىكى بۇ كەڭ زېمىندا بۇددا ۋە مانى دىنىنىڭ قاباھەتلىك ئىس-تۈتەكلىرى ئۆچۈپ يوقالدى.خۇددى جاھىلىيەت دەۋرىدىكى باشقا بارلىق قەۋملەردىكىدىن پەرىقلەنمەيدىغان بۇددا ئىبادەت قىلىش ۋە باشقا تۈرلۈك ئېتىقاد گۇمراھلىقىدىن تارتىپ،بۇزۇق،ناچار ئىجتىمائىي ئۆرۈپ-ئادەتلەرگىچە بۇ يەردىمۇ ئوخشاشلا مەۋجۇت ئىدى.بۇ يەردە چۈشەندۈرمەكچى بولغان مەزمۇنغا ماس ھالدا،ئاياللار ۋە نىكاھ ھەققىدىكى بەزى كىچىك تەپسىلاتلارنى قىستۇرۇپ ئۆتسەك كۇپايە:

تارىخىي خاتىرىلەردە مەلۇم بولۇشىچە ناھايىتى ئۇزۇن دەۋرلەردىن تارتىپلا ئىنىنىڭ يەڭگە بىلەن توي قىلىش ئادىتى ئۇيغۇر جەمىيىتىدە ئېقىپ يۈرگەن ئەھۋالنىڭ بىرى ئىدى.ئىنى بولغۇچى ئۆلۈپ كەتكەن ئاكىسىنىڭ خوتۇنىنى ئۆز ئەمرىگە ئالسا بولىۋېرەتتى.دادىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئوغۇل ئانا بولۇپ تۇرغانلاردىن بىرى بىلەن توي قىلسا-يەنى ئۆگەي ئانىسى بىلەن توي قىلسا بولىۋېرەتتى.ھەتتا، ئۆز ئېرىنىڭ ئاكا-ئىنىلىرى ياكى ئۆگەي ئوغۇللىرىغىلا ئەمەس،ئۆگەي نەۋرىلىرىگىمۇ ياتلىق بولاتتى.خالىغانچە كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش تۈزۈمى مەۋجۇت ئىدى.ئاياللار جەمئىيەت ئىچىدىكى قولدىن قولغا ئۆتكۈزۈلۈپ پايدىلىنىدىغان بۇيۇم ھېسابلىناتتى.بۇ يەردە ئەڭ تىپىك مىسالدىن بىرى شۇكى،سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ دادىسى بازىر قاراخان ئۆلۈپ كەتكەندىن سۇتۇقنىڭ ئانىسى تۇركان خاتۇننى بازىر قاراخاننىڭ ئىنىسى ئوغۇلچاق خوتۇن قىلغان ئىدى.ئىنسانلارنى كۇفرىنىڭ زۇلمىتىدىن ئىماننىڭ يورۇقلىقىغا چىقىرىدىغان ھەقىقەت نۇرى ئىسلام مانا مۇشۇنداق ئۇيغۇرلارنىڭ جاھىلىيەت دەۋرىدىكى سان-ساناقسىز ئەخلاقسىز،چىركىن ئىجتىمائىي ئۆرۈپ-ئادەتلەر ۋە ئاياللار خورلۇقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ پاك-پاكىزە بىر ئىسلام دىيارىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئۈچۈن بۇ گۈزەل دىيارىدا چاقناش ئالدىدا تۇراتتى.



13-ئەسىردە ئۆتكەن ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى جامال قارشى قەشقەرىيە خان جەمەئەتى كۇتۇپخانىسىدىن تاپقان 11-ئەسىردە ياشىغان ئاتاقلىق ئەرەب لۇغەتشۇناسىنىڭ ئەسىر«سوخىهاھ»نىڭ قولىيازما نۇسخىسىغا ئاساسەن،ئىزاھلىق لۇغەت «سۇرراھ لۇغىتى»نى تەرجىمە قىلىپ تۈزۈپ چىقىدۇ.كېيىنكى بىر مەزگىلگە كەلگەندە قەشقەردىكى دىنىي ساھە زاتلىرىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن«سۇرراھ لۇغىتىنىڭ تولۇقلىمىسى»نى يېزىپ چىقىدۇ.مانا مۇشۇ ئەسەردە ئىسلام دىنىنىڭ قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ پايتەختى قەشقەرگە تارقىلىش ئەھۋالى سۆزلەنگەن بىر ۋەقە بايان قىلىنىدۇ:

9-ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە بۈگۈنكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇيغۇر رايونى تەۋەسىدە ئىككى كۈچلۈك ھاكىمىيەت باش كۆتۈرۈپ چىقىدۇ.بۇنىڭ بىرى بۇددا ۋە مانىي دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان قاراخانىيلار خانلىقى،يەنە بىرى ئىسلام دىنىغا ئېتقاد قىلىدىغان سامانىيلار سۇلالىسى بولۇپ،دەسلەپكى چاغلاردا بۇ ئىككى تەرەپ ھۆكۈمرانلىرى ئوتتۇرىسىداخەت-ئالاقىلەر ئۈزۈلمەي،ئالاقە خېلى قويۇق بولىدۇ.كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە سامانىيلار سۇلالىسى بارغانچە كۈچىيىپ،قاراخانىيلار سۇلالىسىغا جىھاد ئېلان قىلىپ تۇرىدۇ.ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىدە بارا-بارا يامانلىشىش كېلىپ چىقىدۇ.قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ 3-ئەۋلاد خانى ئوغۇلچاق ھاكىمىيەت يۈرگۈزىۋاتقان مەزگىللەرگە كەلگەندە،ئوغۇلچاق سامانىيلار سۇلالىسى بىلەن باردى-كەلدى ئالاقىسىنى ئۈزىدۇ ھەمدە پەرمان چۈشۈرۈپ،قاراخانىيلار خاندانلىقى تەۋەسىدە ئىسلام دىنىنى

تارقىتىشنى،ئۆز پۇقرالىرىنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشىنى قاتتىق چەكلەيدۇ.مىلادى 893-يىلى سامانىيلار سۇلالىسى قاراخانىيلار دۆلىتىگە يەنە بىر قېتىم جىھاد قىلىپ،قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ 2-پايتەختى ھازىرقى قازاقىستاننىڭ جامبۇل شەھىرىنى يەنە بىر قېتىم بېسىۋالدۇ؛ئوغۇلچاقنىڭ خوتۇنى ۋە 15مىڭ لەشكىرىنى ئەسىرگە چۈشۈردۇ ھەم بۇنىڭ ئىچىدىكى 10مىڭ ئەسكەرنى ئۆلتۈردۇ.ئوغۇلچاق پايتەختىنى قەشقەرگە يۆتكەشكە مەجبۇر بولدۇ.ئۇزاق ئۆتمەي سامانىيلار پادىشاھلىقىدا ئىچكى ماجرا يۈز بېرىدۇ.بۇ ئىچكى ماجرادا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان شاھزادە ئەبۇ ناسىر ئىبنى مەنسۇر(رىۋايەتلەردە تىلغا ئېلىنغان ئەبۇ ناسىر سامانىنى كۆرسىتىدۇ)سودىگەر قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ،قاراخانىيلار خانلىقىغا قېچىپ بېرىپ سىياسىي پاناھلىق تىلەيدۇ.ئىسلام دىنىغا ئەزەلدىن ئۆچمەنلىك قىلىپ كەلگەن ئوغۇلچاق سامانىيلار پادىشاھلىقىنىڭ ئىچكى ماجراسىدىن پايدىلىنىپ،بۇ كونا رەقىبىنى ئاجىزلاشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا زەربە بېرىش ئۈچۈن،بۇ مۇسۇلمان شاھزادىنى كاتتا زىياپەتلەر بىلەن كۈتىۋالدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا«سىز بۇ يەرنى ئۆز ئۆيىڭىزدەك بىلىڭ،ئىنىڭىز سىزگە رەھىمسىزلىك قىلغان بولسا،مەن سىزگە دوستلارچە مۇئامىلە قىلىمەن»دەيدۇ.ئوغۇلچاق ئۇنى ئاتۇشنىڭ ئەمەلدارلىقىغا تەيىنلەيدۇ.

شاھزادە ئەبۇ ناسىر ئاتۇشنىڭ ئەمەلدارى بولغاندىن كېيىن،ئاتۇش ئوتتۇرا ئاسىيا سودىگەرلىرى توپلىنىدىغان جايغا ئايلىنىدۇ،كارۋانلار بۇخارا ۋە سەمەرقەنتلەردىن بۇ يەرگە كۈندىلىك بۇيۇملار ۋە رەخت-گەزماللارنى توپ-توپى بىلەن ئەپكېلىپ توشقۇزىۋېتىدۇ.بۇ مۇسۇلمان سودىگەرلەر ئاتۇشقا سودا بۇيۇملىرىنى ئەكىلىپلا قالماي،بەلكى ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىنىمۇ ئېلىپ كېلىدۇ.شاھزادە ئەبۇ ناسىر ۋە مۇسۇلمان سودىگەرلەر ناماز ئوقۇش ئۈچۈن ئاتۇشقا بىر مەسچىت سېلىشنى تەقەززالىق بىلەن كۈتىدۇ.بۇ نىيەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن،شاھزادە ئەبۇ ناسىر ئوغۇلچاققا ئۆ

ياخشى كۆرىدىغان تاۋار-دۇردۇندىن تىكىلگەن كىيىم-كېچەك،قۇمشىكەر قاتارلىق نەرسىلەرنى سوۋغات سۈپىتىدە پات-پات ئەۋەتىپ تۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا كۆچىنىڭ بارىچە خۇشامەت قىلىپ،ئوغۇلچاقنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىدۇ.شۇنىڭ بىلەن شاھزادە ئەبۇ ناسىر پۈرسەتنى غەنىمەت بىلىپ،بىر مەسچىت سېلىپ ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش مەقسىتىدە ئوغۇلچاقتىن بىر پارچە كالا تېرىسى چوڭلۇقتىكى يەرنى بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ.ئوغۇلچاق ئۇنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولىدۇ ۋە ئۇنىڭغا«ساڭا قايسى يەر لازىم بولسا شۇ يەرنى ئىشلىتىۋەر»دەيدۇ.شۇنىڭ بىلەن شاھزادە ئەبۇ ناسىر ئۆزىنىڭ«كالا تېرىسى پىلانى»نى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كىرىشىپ كېتىدۇ.ئۇ بىر كالىنى سويۇپ،ئۇنىڭ تېرىسىنى ئىنچىكە تىلىپ بىر-بىرىگە ئۇلاپ ئۇزۇن ئارغامچا ياسايدۇ ۋە بۇ ئارغامچا بىلەن ئاتۇشتىكى ياخشى بىر پارچە يەرنى تام سالغاندەك ئوراپ كۆرۈپ،شۇ جايغا بىر مەسچىت سالدۇرىدۇ.ئوغۇلچاق بۇ ئىشتا ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى بىلگە بولسىمۇ،بىراق شاھزادە ئەبۇ ناسىرنىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە غەيرىتىدىن ھەيران بولىدۇ.كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە بۇ يەردە ئوغۇلچاق ۋە قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ،جۈملىدىن پۈتكۈل ئۇيغۇر دىيارىنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىدىغان بىر ئىش يۈز بېرىدۇ.ئوغۇلچاقنىڭ جىيەن ئوغلى سۇتۇق بۇغراخان شاھزادە ئەبۇ ناسىرنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا ئوردا سىياسىي ئۆزگىرىشى قىلىپ،ئوغۇلچاقنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ.شۇنىڭ بىلەن ئىسلام دىنى قاراخانىيلار خانلىقىنى مەركەز قىلىپ،ئۇيغۇر رايونىنىڭ باشقا جايلىرىغا تارقىلىشقا باشلايدۇ.

ئەلۋەتتە، سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ،قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ھوقۇقىنى قولغا ئېلىشى ئۇنچىلىك ئوڭۇشلۇق بولمايدۇ.بۇ جەرياندا ئۇ ۋە ئۇنىڭ مۇسۇلمان ھەمراھلىرى قاتتىق توسقۇنلۇق ۋە مۇشكۇلاتلارغا ئۇچرايدۇ.ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى بىلگەن ئوغۇلچاق ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇيدۇ.سۇتۇق بۇغراخان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن ئوغۇلچاق ئارىسىدا كەسكىن جەڭلەر بولۇپ ئۆتىدۇ.

ئەنە شۇ چاغدا ئىسلامنىڭ گۈزەل نۇرلىرى ئاستا-ئاستا يورۇتۇشقا باشلىغان شەرىق ئاسمىنىدا بىر نۇرانە يۇلتۇز ۋاللىدە چاقناپ ئۆتىدۇ.

# ئۇنتۇلغان يۇلتۇز



ئىسلام تارىخىدا ئىسلام بەرگەن ئەزىزلىك ۋە ئىماندىن كەلگەن كۈچلۈك تەقۋادارلىق بىلەن ھاياتىنى بىزەپ،نەچچە ئەسرلەردىن بېرى كىشلەر تەرپىدىن ھۆرمەت-ئېھتىرام بىلەن تىلغا ئېلىنىدىغان تالاي شەرەپلىك مۆئمىنەلەر ئۆتكەن ئىدىكى،ئۇلارنى ھەر ئەسلىسەك جېنىمىزغا جان قوشسا،ھەر سۆزلىسەك مەجبۇرىيەتلىرىنى ئۇنتۇغان قەلبلەرگە ئاچچىق سوئاللارنى باشلايدۇ.

ئەسلەش لازىم، ئاشۇ ھەر ئەسلىسەك قېنىمىزغا قان،روھىمىزغا جاسارەت قوشىدىغان گۈزەل ھاياتلىرى بىلەن بىزگە دەرس سۆزلەيدىغان ھەمشىرىلىرىمىزنىڭ تارىخىنى تەكرار ئەسلەش لازىم.ئۇلار شۇقەدەر سەبىر-تاقەتلىك ئىدى،ئۇستىلىرىگە بىرەر مۇسىبەت ياكى قىيىنچىلىق كەلگىنىدە«بۇ پەقەت ئاللاھ يولىدا»دەيتتى.ئاللاھقا بولغان ئۇمۇد ۋە ساۋابقا

بولغان قىزنىش ئۇلارنى كىچىككىنىمۇ ئۇمۇدسىزلەندۇرۇپ،پارلاق ئېتىقاد يوللىرىدىن ۋاز كەچتۈرەلمىگەن ئىدى. كۆرۈڭ،مانا بۇ سۇمەييەنىڭ هاياتى!ئۇ ۋە ئۇنىڭ يولدىشى،ئوغلى مۇسۇلمان بولغانلىقى سەۋەبلىك مۇشرىكلار تەرىپىدىن مەككىنىڭ سىرتىدىكى تاشلىقتا هەيدەپ ئېلىپ چىقىلىپ،سايىنىڭ تاشلىرى راسا قىزىغاندا،يالىڭاچلىنىپ تاشقا ياتقۇزۇلۇپ ئازاپلىنىۋاتتى،تېخى ئۈستىلىرىگە قىزىغان تاشلارنى ئەكىلىپ دۆۋىلەپ قويۇلاتتى.ئۇلارنى مۇشۇنداق ئازاپلىغان ۋاقىتلىرىدا ئۇلارنى كۆرۈپ تۇرغان رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا سەۋرنى تەۋسىيە قىلغاچ جەننەت بىلەن خۇشخەۋەر بەرگەنىدى.«سەۋر قىلىڭلار ياسىر ئائىلىسى!جەننەت سىلەرنى كۈتمەكتە»

راستىنلا ئۇلار ئۆز ئېتىقادلىرىدا چىڭ تۇرۇپ،ئاخىر سۇمەييەنىڭ يولدىشى ياسىر ئاشۇ ئازاپ ئىچىدە ئۆلۈپ كەتكەن ئىدى.قىيناپ ئۆلتۈرۈشتە جېنى چىقماي قالغان سۇمەييەنىڭ ئەۋرىتىگە ئەبۇ جاهىل نەيزە ئۇرۇپ ئۆلتۈرىۋەتكەن ئىدى.ئۇ ئىسلام دىنى مەيدانغا كەلگەندىن كېيىنكى تۇنجى شەهىدە(ئايال شېهىد)هېسابلىنىدۇ.ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن.

يەنە سەفىيەنىڭ سەبىر ۋە جاسارىتىگە قاراڭ!ئۇ هىجرەت قىلغۇچى؛ مۇجاهىدە؛ ئىسلامىيەتتە مۇشرىك ئۆلتۈرگەن تۇنجى مۇسۇلمان ئايال؛مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئاللاھ يولىدا قىلىچ كۆتۈرگەن تۇنجى ئاتلىق مۇجاهىدىنى تەربىيەلەپ،مۇسۇلمانلار سېپىگە قوشقان لاياقەتلىك ئانا!

ئۇ ئۆزىنىڭ بىر تاللا بالىسىنى ئىسلام ئۈچۈن ئايىماي تەقدىم قىلىپ،ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن تۇل ئانا بولسىمۇ بالىسىنى جاپاغا چىداملىق،يارامىلىق،باتۇر بىر جەڭچى قىلىپ ئۆستۈرگەن.ئوق ئېتىشنى مەشىق قىلىش ۋە قورال ياساشنى ئۆگىنىش ئۇنىڭ ئادەتتىكى ئويۇنلىرى بولغان.سەفىيە بالىسىنى هەرقانداق خەۋپلىك ئورۇنلارغا كىرگۈزۈش، هەرقانداق خەتەرگە ماڭغۇزۇشنى ئادەت قىلغان بولۇپ،ئەگەر ئوغلىنىڭ چېكىنگەنلىكىنى

ياكى ئىككىلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرسە،ئۇنى قاتتىق ئۇراتتى،ھەتتاكى ئۇ مۇشۇ ئىش توغرىسىدا زۇبەير (ئوغلى) نىڭ تاغىلىرى تەرىپىدىن ئەيىپلىنىپ:

ـبالىنمۇ شۇنداق ئۇرغان بارمۇ؟!سىز ئۇنى بەكلا قاتتىق ئۇرىسىز،ئانىدەك ئۇرمايسىز،دېگەندە سەفىيە جاۋابەن:

ـمېنى بالامغا ئاچچىقلىدى دېگەن ئادەم خاتالاشتى،مەن ئۇنى ئەقىللىق يېتىلسۇن،جەڭدە غەلبە قىلىپ،غەنىمەت ئېلىپ كەلسۇن،دەپ ئۇردۇم،ئۇنى ئۇرغىنىم ئۇنىڭغا كۆيۈنگىنىم،دېگەن مەنىدە شېئىر ئوقۇيدۇ.ئۇ ھەققەدە ئۇنىڭ جەڭ مەيدانلىرىدا تارىخ نەم تىللىرى بىلەن ئەجەپلىنىپ،ھۆل تىللىرى بىلەن ماختاپ سۆزلەيدىغان مەيدانلىرى بار،دېيىلىدۇ.ھالبۇكى،بۇ ھۆرمەت ۋە ئېھتىراملار ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ ھاممىسى بولغىنى ۋە كېلىپ چىقىش ئېسىللىقىدىن بولغان ئەمەس.

ئۇ باشقا ھەمشىرىلىرى بىلەن بىللە جىھاتقا چىقاتتى.مۇجاھىدلارغا ئۇرۇش داۋامىدا سۇ يەتكۈزۈپ،ئوق ياچاقلارنى ئوڭشاپ رىمونتلايتتى.ئوھود كۈنىدىكى مەغلۇبىيەتتە، ئاتمىش ياشقا كىرىپ قالغان بۇ خانىم بىر قانچە كىشىدىن باشقىلارنىڭ رەسۇلۇللاھتىن ئايرىلغانلىقىنى،مۇشرىكلارنىڭ رەسۇلۇللاھقا يېتىپ بېرىپ،ئۇنى ئۆلتۈرۈۋشكە تىرىشۋاقانلىقىنى كۆرىدۇ. ئۇ قولىدىكى سۇ قاچىسىنى يەرگە چۆرىۋېتىپ،بالىلىرى ھۇجۇمغا ئۆچرىغان چىشى يولۋاسقا ئوخشاش ئېتىلىپ بېرىپ،قېچىپ كېتىۋاتقانلارنىڭ بىرىنىڭ قولىدىن نەيزىسىنى تارتىۋېلىپ،سەپلەرنى يېرىپ نەيزىسى بىلەن يۈزلەرگە ئۇرۇپ مۇسۇلمانلارغا«ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى تاشلاپ قويامسىلەر»دېگىنىچە جەڭ مەيدانىغا كىرىپ كەلگەندى.خەتەرلىك ۋە ئېچىنىشلىق ئۇرۇش مەيدانى ئۇنى توسۇپ قالالمايتتى.

خۇددى ئەنە شۇلاردەك ئىسلامنى تۇتقا قىلغان،ئىمان بىلەن قەلبى يورۇغان بىر ئۇيغۇر قىزى ھەم بىزگە ئاللاھ ۋە ئىسلام يولىدا ئۆز قېنى ۋە ھاياتى بىلەن يېزىپ چىققان

گۈزەل بىر ھېكايىنى تاشلايدۇ!

ئۇنىڭ ئىسمى يۇلتۇز بولۇپ،سۇتۇق بۇغراخاننىڭ تاغىسىنىڭ قىزى،سۇتۇقنىڭ ۋەدىلەشكىنى،سۇتۇقتىن قالسىلا شۇ دەۋردە قەشقەردە ئۇيغۇرلار ئىچىدىن سۇتۇقتىن قالسا ئىككىنچى بولۇپ،ئاياللار ئىچىدە تۇنجى بولۇپ مۇسۇلمان بولغان ئۇيغۇر قىزىدۇر.ئۇ سۇتۇق بىلەن بىللە ئوغۇلچاق قاراخانىيلار تەۋەسىدە ئىسلامنى تارقىتىش ۋە يۇقرالارنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلىشى قاتتىق چەكلەنگەن قىيىن شارائىت ئاستىدا مۇسۇلمان بولغان.ئەمما ئوغۇلچاق بۇددىستلىقتا تاشتىنمۇ قاتتىق،ئەشەددىي بۇددىست بولۇپ،ئۇ سۇتۇقنىڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن ئۇلارنى ئۆلتۈرمەكچى بولىدۇ.شۇڭا يۇلتۇز قىز سۇتۇق ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى ئوغۇلچاق لەشكەرلىرىدىن قاچۇرۇپ،ئۆز ئۆيىدە يوشۇرۇپ قويىدۇ.كېيىن ئۇلار سېزىلىپ قالغاندىن كېيىن،ئامالسىز چېكىنىپ ئاتۇشنىڭ شىمالىدىكى بۇلاق تار دېگەن بىر جىلغىغا يوشۇرىنىۋالىدۇ.كېيىن ئوغۇلچاق لەشكەرلىرى ئىز قوغلاپ بۇ يەرگىمۇ باستۇرۇپ كېلىپ،سۇتۇق ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن قاتتىق جەڭلەر قىلىدۇ.يۇلتۇز دەسلەپتە قېرىنداشلىرىغا تاماق يەتكۈزۈپ تۇرىدۇ.كېيىن ئۆزىمۇ قولىغا قىلىچ ئېلىپ جەڭگە كىرىدۇ ۋە قانچىلىغان كاپىر ئەسكەرلەرنى چېپىپ تاشلايدۇ.ئاخىر قىز كۆكسىگە تەگكەن يا ئوقىدا زەخمىلىنىپ ئاتتىن يىقىلىدۇ.قىزنىڭ باتۇرلارچە جەڭ قىلىشى ۋە ئۆلۈمى سۇتۇق بىلەن ئۇنىڭ ھەمرالىرىغا جاسارەت ۋە كۈچ-قۇۋۋەت بېغىشلاپ،ئاخىرىغىچە جەڭ قىلىپ دۈشمەننى جىلغا ئىچىدىن سۈرۈپ چىقىدۇ.بۇ جەڭدە شېھىت بولغان يۇلتۇز قىزنى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا يىگىتلەرنى بۇلاق تارنىڭ ئىچىگە يەرلىككە قويىدۇ.

شاھزادە سۇتۇق يۇلتۇز قىزنى ناھايىتى ياخشى كۆرۈدىغان بولۇپ،ئۇنىڭ ئۆزىدىن كېينلا مۇسۇلمان بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىدىكەن.ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن بىلەن بىرگە جەڭ قىلىپ،جەڭدە شېھىت بولغانلىقى تېخىمۇ قايىل قىلغان ئىكەن.بۇلاق تارنىڭ ئىچىدە

بىرىنچى قېتىم ئەزان ئاۋازى ياڭرىغانلىقى ئۈچۈن،شۇنداقلا دىننىڭ بىرىنچى مەسچىتى ۋە بىرىنچى شېھىتلەر جايى دەپ قاراپ،شۇنداقلا شاھزادە سۇتۇق ياخشى كۆرگەن قىز،دىننى قوغداپ شېھىت بولغان بىرىنچى مۇسۇلمان قەھرىمان قىز دەپنە قىلىنىپ ياتقان جاي بولغانلىقى كۆزدە تۇتۇلۇپ،بۇ بۇلاق تارنىڭ نامى كېيىن«جايى پەچچىم»گە ئۆزگەرتىلگەن ئىكەن.

سۇتۇق غەلبە قىلىپ تاغىسى ئوغۇلچاقنى يەڭگەندىن كېيىن،بۇ يەرگە يىلدا بىر قېتىم چىقىپ،ئىبادەت قىلىپ قايتىدىغان بولغان.شۇ سەۋەپلىك جاي پەچچىم هازىرغا قەدەر ئۇلۇغلىنىپ كېلىۋاتقان بولۇپ،بۇ جاينىڭ نامى«جاي پەچچىم»،«جاي ئانام»،«ئۇلۇغ يەر» دەپ ئاتىلىپ ئەزىزلىنىپ تاۋاپ قىلىدىغان يەر بوپ قالغان.

ئەنە شۇ قىزنىڭ ئىسمى يۇلتۇز ئىدى.ئۇ ئۇيغۇر قىز-ئاياللىرى ئىچىدىكى تۇنجى ئايال مۇسۇلمان؛تۇنجى ئايال مۇجاھىدە ۋە تۇنجى ئايال شېھىت بولغان ئىدى.

ئۇنىڭ جەننەتتىكى ئورنىنىڭ ئىسلامدىكى ئىمان يولىدا جېنىدىن ئايرىلغانغا قەدەر ئازاب-ئوقۇبەتكە بەرداشلىق بېرىپ،مۇسۇلمان ئاياللىرى ئىچىدە تۇنجى شەھىدە بولغان سۇمەييەنىڭ(ئۇنىڭ ئېرى ھەزرىتى ياسىر تۇنجى شېھىد ھېسابلىنىدۇ) ئورنى بىلەن ھەم شۇنداقلا ئىسلام ئۈچۈن قولىغا قورال ئېلىپ كاپىر يەھۇدىينى ئۆلتۈرگەن تۇنجى ئايال مۇجاھىدە سەفىيەنىڭ ئورنى بىلەن تەڭ بولۇشىنى ئاللاھتىن تىلەيمىز.! ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن ۋە ئۇنى رازى قىلسۇن!ئۇ ئۇيغۇر ئىسلام تارىخىدىكى ئىمان ئاسمىنىدا پارلىغان تۇنجى بىر گۈزەل ۋە نۇرانە يۇلتۇز بولغان ئىدى!

# ئۇنىڭ ئىزىدىن




تارىخ ئۆزىنىڭ نۇرلۇق بەتلىرىگە كۆڭۈللەر تەلپۈنگۈدەك شەرەپلىرى بىلەن يېزىپ قالدۇرغان شەرەپلىك ساھابە ئاياللار پەقەت بىرنەچچىلا ئەمەس ئىدى.ئۇلار ئالىقاچان گۈزەل ھېكايىلەر،جاسارەتلىك ئابىدىلەر،يۈكسەك ئېتىقاد-پەزىلەتلەرگە تولغان ھايات سەرگۈزەشتىلىرىنى بىزگە قالدۇرۇپ كېتىپ قالغان بولسىمۇ،ئاشۇ مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ تەڭداشسىز ئۈلگىسى ۋە ئاجايىپ نەمۇنىسى بولغان ھەم ئەرلەرنىمۇ ھەيرەتتە قالدۇرغان تۇرمۇش ۋە ئۇرۇش مەيدانىدىكى قورقماس،سەبىر-تاقەتلىك،ئەقىللىق،باتۇر كۆرۈنۈشلىرى بىلەن دىللىرىمىزدا ۋە تىللىرىمىزدا،قەلەملىرىمىزدە ۋە كىتابلىرىمىزدا ھاياتتۇر.ئۇلار ئۆز ھاياتى بىلەن ئۆزلىرىنى يېزىپ چىققان بىر گۈزەل شئىر،بىر گۈزەل ناخشا؛ئاشۇ شېئىرلارنى ئەبەدىي ئوقۇپ قانمايمىز،ئاشۇ ناخشىلارنى ئەبەدىي ئوقۇپ ھارمايمىز.ئۇلار بىز ئۈچۈن چاقىرىق،ئاگاھلاندۇرۇش،ئۈلگە ۋە دەرس!ئاشۇ چاقىرىق، ئاگاھلاندۇرۇش،ئۈلگە ۋە

دەرسلەر ئەينەك بولۇپ بىزنىڭ ئۆزىمىزگە،ھاياتىمىزغا ۋە ئەتراپىمىزغا شۇنداقلا كەلگۈسىمىزگە قاراپ بېقىشىمىز ئۈچۈن تاشلانسا.....بەلكىم بارماقلىرىمىزنى چىشلەپ،باشلىرىمىز چۈشۈپ كېتىدۇ.شۇنداق،ئۇلار كىم بولغان ئىدى ۋە بىز كىم؟

ئەنە ئوھۇد كۈنىسى رەسۇلۇللاھنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ خەتەرلىك پەيتلەرنىڭ بىرى.ئۇرۇش مۇسۇلمانلارنىڭ زىيىنىغا يۈز تۇتقان شۇ ۋاقىتتا،رەسۇلۇللاھنى قوغداپ ئەڭ ئاخىرىدا پەقەت تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ قالىدۇ.ئۇ مىسلىسىز پىداكارلىق بىلەن رەسۇلۇللاھنى دۈشمەننىڭ زەربىسىدىن قوغداش ۋە ئۇلارنىڭ ھۇجۇمىنى توسۇشتا كىشى ئىشەنگۈسىز قەھرىمانلىق كۆرسىتىدۇ.ئۇ بەرداشلىق بېرەلمەي قالاي دېگەندە.....ئۇلار يېنىغا توپلانغان بىر بۆلۈك مۇسۇلمان ئەزىمەتلەر ئىچىدە ئېھتىرام بىلەن تىلغا ئېلىنغانلار قاتارىدا ئۇممۇ ئەممارە(ئەسلى ئىسمى نەسىبە بىنتى كەئەب مازىنى)مۇ بار ئىدى.

نەسىبە بىر توپ مۇسۇلمان ئەسكەرلەر بىلەن بىرلىكتە مەلئۇن ئىبنى قەمئە بىلەن تۇتۇشۇپ قالىدۇ.ئىبنى قەمئە نەسىبەنىڭ مۈرىسىگە قىلىچ ئۇرۇپ،جاراھەتنىڭ كاتەك ئىزلىرىنى قالدۇرىدۇ.نەسىبە ئىبنى قەمئەنى بىرنەچچە قېلىچ ئۇرغان بولسىمۇ،لېكىن ئۇ قوش ساۋۇت كىيىۋالغاچقا قېلىچ ئۆتمەيدۇ.نەسىبە يەنىلا داۋاملىق ئۇرۇشۇپ،بەدىنىنىڭ 12يېرى ئېغىر يارىلىنىدۇ.

ئۇنىڭ ھەققىدە رەسۇلۇللاھ ئوھۇد كۈنى مۇنداق دېگەن« الله بىلەن قەسەمكى،مەن ئوڭ ۋە سول يانلىرىمغا قارىسام،ئۇنىڭلا مېنى قوغداپ جەڭ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم».

ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا ئەڭ شەرەپلىك ئوردىن تاقىغانلىق قاتارىدا ئۇنىڭ ھەتتا باشقا ئەرلەردىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دېگەن: «كەئەبنىڭ قىزى نەسىبەنىڭ بۈگۈنكى دەرىجىسى پالانى ۋە پالانى ئەرلەرنىڭكىدىنمۇ ياخشى»

مانا، رەسۇلۇللاھنىڭ شۇقەدەر مەدھىيىلىنىشىگە سازاۋەر بولغان بۇ ئايالنىڭ پىداكارانە

كۆرۈنىشلىرىدىن بىر ئايالنىڭ ئىمانىنىڭ قۇدرىتىنى ۋە ئاللاھ ھەمدە ئۇنىڭغا رەسۇلىغا بولغان كۈچلۈك مۇھەببىتىنىڭ قۇدرىتىنى قانغۇچە تاماشا قىلىڭ!

شۇ قاتارلىق جاسارەتلەر بىلەن مۆئمىنلەر ۋە مۆئمىنەلەرنىڭ ئاخىرقى بىر نەپەس قالغۇچە ئېلىشىشى نەتىجىسىدە ئوھۇد ئۇرۇشى ئاخىرلىشاي دەپ قالغان ئىدى.مۇشۇ سائەتلەردە بارلىق مۆئمىن ۋە مۆئمىنە ئەزىمەتلەرنىڭ داۋاملىق جەڭگىۋار ھالەتتە تۇرىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئاللاھ يولىدا ئۆلۈمگە قانچىلىك پىسەنت قىلمايدىغانلىق ئىرادىسىنىڭ بارلىقىنى ئىپادىلەيدىغان ئىككى كۆرۈنۈشتىن بىرى،يەنىلا شۇ ئاياللار مەيدانىنىڭ كۆرۈنىشى بولغان ئىدى!

ئۇرۇش ئاخىرلىشىۋاتقاندا بىرمۇنچە مۇسۇلمان ئاياللار ئوھۇد جەڭ مەيدانىغا يېتىپ كەلدى.ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ«مەن ئائىشە(مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى)ۋە ئۇممۇ سۇلەيملەرنىڭ پۇت-قوللىرىنى شمايلاپ(ھەتتا ئۇلارنىڭ پۇتلىرىنىڭ ھالقا-مونچاقلىرىمۇ ئېچىلىپ قالغان ئىدى)سۇ تۇلۇملىرىنى يۈدۈپ سۇ ئەكىلىپ،يارىلانغان ۋە ھالىدىن كەتكەنلەرنىڭ ئېغىزىغا سۇ تېمىتىۋاتقانلىقىنى،سۇ تۈگىسە يەنە بېرىپ ئەكىلىپ ئەسكەرلەرنى سۇغىرىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم»دېگەن.ئۆمەر ئىبنى خەتتاب«ئۇممۇ سەلىت(ئايال)ئوھۇد كۈنى بىزگە تۇلۇمدا يۈدۈپ سۇ توشۇپ بېرەتتى»دېگەنىدى.

شۇ باتۇر ئانىلار-ئاياللار ئىچىدە ئۇممۇ ئەيمەنمۇ بار ئىدى.ئۇ ئەسلىدە مەدىنىدە قالغان بولۇپ،قىسمەن مۇسۇلمانلارنىڭ مەدىنىگە چېكىنىپ قېچىپ كىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق ئېچىنىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ يۈزىگە توپا چېچىپ«مېڭىش،تېزدىن ئۆيۈڭگە كىرىپ يىپ-يىڭنە ۋە يىك-چاقلارنى قولۇڭغا ئېلىش!قېلىچنى بىزگە بەر،ئۇرۇشقا بىز چىقىمىز»دەپ ئەيىبلەيدۇ.ئاندىن ئۇ ئىنتايىن تېز سۈرئەت بىلەن ئوھۇد تېغى جەڭ مەيدانىغا يېتىپ كېلىدۇ ۋە مۇسۇلمان ئاياللار بىلەن بىرلىكتە ياربدار ۋە ھالسىزلارغا سۇ

بىرىشنى باشلىۋېتىدۇ.ئۇشتۇمتۇت ئۇنىڭغا ھىببان ئىبنى ئەرقە ئىسىملىك بىر كاپىر ئەبلەخ ئوق ئېتىپ يىقىتىۋېتىدۇ ۋە كىيىمدىن ئايرىلىپ يالىڭاچلىنىپ قالىدۇ.ئاللاھنىڭ دۈشمىنى ھىببان بۇنى كۆرۈپ كۈلۈپ كېتىدۇ.ئۇنىڭ يولىسىزلىقى رەسۇلۇللاھقا قاتتىق ھار كېلىپ،يېنىدىن بىرتال تىغسىز ئوقنى سەئدكە ئۇزىتىپ«مانا!بۇنى ئاۋۇ ئەبلەخكە ئات!»دەيدۇ.ئۇنى سەئەت قولىغا ئېلىپ ئاتقاندا ئوق ھىببانىنىڭ يۈرىكىگە نەق تېگىپ،ئۇنى يىقىتىدۇ ۋە ئۇيان-بۇيان دومىلاپ-پۇچىلىنىپ موزايدەك يالىڭاچلىنىپ قالىدۇ.بۇنى كۆرگەن رەسۇلۇللاھ كۈلۈپ كېتىدۇ،بەلكى كۈلگەندىمۇ قاقاقلاپ كۈلىدۇ ۋە ئاندىن«يارايسەن سەئەد!ئۇممۇ ئەيمەننىڭ قىساسىنى ئېلىپ بەردىڭ،ئاللاھ دۇئايىڭنى ئىجابەت قىلسۇن»دەيدۇ.

ئەنە شۇ جىھاتقا چىقىشى پەرز قىلىنمىغان،بەلكى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا بولغان مۇھەببىتى خەتەرسىز ئۆيلىرىدىن،يۇمشاق-راھەت تۆشەكلىرىدىن خەتەرلىك ۋە ئېچىنىشلىق جەڭ مەيدانلىرىغا،قىلىچ-نەيزە بىسىغا ۋە ئۆلۈمگە باشلاپ بارىدىغان مۇشەققەتلىك يوللارغا چۈشكەن مۆئمىنە ئاياللارنىڭ سۈرىتى!

بۇ سەفىيەنىڭ، بۇ نەسىبەنىڭ،ئۇممۇ ئەيمەننىڭ ۋە ئاۋۇ سۈرەت يۇلتۇز قىزنىڭ......ئاشۇ سۈرەتلەر كەينىدىن ھېچبىر خاتىرىلىگۈدەك سۈرەتلەر ئىز بېسىپ كەلمىگەن دەمسىز؟قېنى يۈرۈڭ،مۆئمىنلەر ئانىلىرى ۋە ساھابە ئاياللار ھەمدە يۇلتۇز قىزنى ئۈلگە قىلىپ زەپەردەست قەدەملىرى بىلەن جىھاد مەيدانلىرىغا يۈرۈپ كەتكەن خاقانىيە قىزلىرىنىڭ يولىغا!گەرچە تارىخ ئۇلارنىڭ ئىزلىرىنى ئەينەن خاتىرىلىيەلمەي، كىچىككىنە ئىزلارنىلا قالدۇرغان بولسىمۇ كېرەك يوق.بىز ئۇلاردىن ئۇيغۇر مۆئمىنە قىز-ئاياللىرىنىڭ قەھرىمانلىقى،جاسارىتى ۋە كۈچلۈك ئېتىقاد-ئىمانىنىڭ سۈرەتلىرىنى يەنىلا كۆرۈپ يېتەلەيمىز.

ئۇلار سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قىزلىرىدىن نۇرئەلانۇرخان،بۇۋىمەريەم خېنىملاردۇر؛

ئۇلار سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئوغلى ھۇسەيىن بۇغراخاننىڭ مەلىكىسى ھەدىيە تۇركەن خېنىم ۋە ئۇنىڭ قىزى قىزىلچى خېنىمدۇر.



مىلادى 970~ 1006-يىللار ئەتراپىدا قاراخانىيلار سۇلالىسى بىلەن ئەشەددى جاھىل بۇددىست ئېلى ئۇدۇن دۆلىتى ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇنغا سوزۇلغان شىددەتلىك ئۇرۇشلار بولغان.كۆلىمى چوڭ بولغان ئۇرۇش جەمئىي توققۇز قېتىم يۈز بەرگەن بولۇپ،ئۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ دەھشەتلىك بولغان ئىككى قېتىملىق ئۇرۇش بەشىنچى ۋە ئالتىنچى قىملىق ئۇرۇشتۇر.

مۇشۇ ئۇرۇشلاردا سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ جىيەن ئوغلى ئەلى ئارسلانخان، قاراخانىيلار خانلىقى قوشۇنلىرىنىڭ مۇھىم قوماندانلىرىدىن بىرى ھەم سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئۈچىنچى ئوغلى ئوسمان،تۆتىنچى ئوغلى مۇھىم قوماندان ھۇسەيىن ۋە ئىككىنچى ئوغلى يۈسۈپ،ئەڭ ئاخىرىدا شۇ چاغدىكى خاقان ئەبۇ ھەسەن(ئەبۇ ھەسەن ئەلى بىننى موسا) ۋە ئۇنىڭ ئاچىسى بولغان نۇرئەلانۇرخانلار كەينى-كەينىدىن شېھىت بولۇپ كېتىدۇ.بۇ ئۇرۇشلارنىڭ مىسلىسىز كەسكىن،شىددەتلىك بولۇشى ۋە ئۇرۇشنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلىشى،تۆلەنگەن بەدەللەرنىڭ كۆپلىكى ۋە بەلكى ئىمانىنىڭ تورتكىسىدە ئۇدۇن بۇددىستلىرى بولغان جەڭگە قاراخانىيلار خانلىرىنىڭ تۇركان خاتۇنلىرىدىن تارتىپ مەلىكىلىرىگىچە پىداكارلىق بىلەن قاتنىشىدۇ.مەلۇماتلارغا قارىغاندا،

نۇرئەلانۇرخان باتۇرلۇقتا تەڭدىشى يوق،ئەلەم ۋە قەلەمدە كامالەتكە يەتكەن ئايال قوماندان دېيىلگەن.ئۇ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنىپ ئۆتولگەن ئەڭ دەھشەتلىك ئۇرۇش-6-قېتىملىق ئۇرۇشتا شېھىت قىلىۋېتىلگەن.

ئۇنىڭ ھەمشىرىسى بولغان بىبى مەريەم خېنىممۇ ئۈچ ھەمراھى بىلەن جىھاتقا قاتنىشىپ هازىرقى قەشقەر كونا شەھەر بەشكېرەم يېزىسى ئەتراپىغا كەلگەندە كاپىرلار تەرىپىدىن قەتلى قىلىنغان.

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئوغلى ھۇسەيىن بۇغراخاننىڭ ئايالى بولغان ھەدىيە تۈركەن خېنىم مىلادى 997-يىلى ھۇسەيىن بۇغراخان شېھىت بولغاندىن كېيىن،پۈتۈن سەپ بويىچە چېكىنگەن ئىسلام قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۇرۇش مەيداندىن هازىرقى يېڭىسار ناھىيە بازىرى ئەتراپىغا چېكىنىپ كەلگەندە،كەينىدىن قوغلاپ كەلگەن بۇددىست قوشۇنلار تەرىپىدىن شېھىت قىلىنغان ھەم شۇ جايغا دەپنە قىلىنغان.ئۇنىڭ ھۆرمەت ناملىرى« سۇلتان دەرىجە خېنىم»،«مەلىكە خېنىم ياكى ئوردا خېنىم» دەپ ئاتالغان بولۇپ،بەزى رىۋايەتلەردە ئۇنىڭ باتۇرلىقىغا تەڭ كېلەلمىگەن سۈيىقەستچى كاپىرلار ئۇنى كۆزدىن يوقىتىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ناماز ئوقۇۋاتقان پەيتىدىن پايدىلىنىپ ئۆلتۈرگەن دېيىلىدۇ.

ھەدىيە تۈركەن خېنىمنىڭ گۈزەللىك ۋە باتۇرلۇقتا نامى چىققان قىزى قىزىلچى خېنىممۇ كاپىرلار بىلەن بولغان جەڭدە شېھىت بولغان.ئۇنىڭ قەبرىسى ئاتۇش بىلەن بەشكېرەم ئارىسىدىكى قومال تاغنىڭ ئىچىدىكى ئاتۇش بىلەن بەشكېرەمنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغۇچى تار ھەم ئۇزۇنلۇقتا مەشھۇر تاغ يولى-ئىت يولىدا.ئۇ شۇ قېتىملىق غازاتتا بىرقانچە ھەمراھى بىلەن بۇددىستلار تەرىپىدىن شېھىت بولغان.يەنە بىر رىۋايەتتە مەلىكە ئۆزھەمراھلىرى بىلەن ئىسلام دەئۋىتى قىلىپ يۈرگىنىدە كاپىرلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن دېيىلىدۇ.ئۇنىڭ ئاشۇنداق باتۇرانە ھاياتى پائالىيەتلىرى ھەققىدە ئەل ئارىسىغا يەنە بىر

گۈزەل رىۋايەت تارقالغان بولۇپ،كىشىلەر ئۇنى ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد ئېيتىپ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن.مانا بۇ شۇ تەپسىلاتلاردىن پارچە:

ئوردا خېنىمنىڭ چىرايلىقلىقتا كۈن بىلەن بەسلەشكۈدەك،ئەۋرىشىملىكتە ئايدىن قېلىشمىغۇدەك،جىگەرلىك،باتۇر بىر قىزى بولۇپ،ئۇنىڭ ئىسمى قىزىلچى خېنىم دېيىلىدۇ. ئوردا خېنىم ئۈدۈن كاپىرلىرى بىلەن جەڭ قىلىپ يۈرگەن كۈنلەردە قىزىلچى خېنىممۇ باشقىلارنىڭ توسقىنىغا قارىماي ئۆزىنىڭ كېنىزەكلىرىنى باشلاپ،قولىغا قىلىچ،نەيزە-قالقان ئېلىپ كاپىرلار بىلەن جەڭ قىلىدۇ.

قىزىلچى خېنىم جەڭدە ئەرەنچە ياسىنىۋالىدۇ.ئۇنىڭ باھادىر، غەيرەتلىكلىكى، ئۇرۇشتىكى چىۋەر-چەبدەسلىكى ھېچبىر ئەردىن قېلىشمايدۇ. ئوردا خېنىم ئۆز قىزىنىڭ تولىمۇ ياخشى جەڭ قىلىۋاتقانلىقىدىن سۆيۈنۈپ تەھسىن ئوقۇيدۇ،مۇسۇلمانلارمۇ بارىكاللاھ ئېيتىشىدۇ.كاپىرلار ئۇرۇش مەيدانىدا مۇنداق بىر باتۇرنىڭ بولۇشىدىن كۆپ ۋەھىمىگە چۈشىدۇ.قىزىلچى خېنىم ئۆز سېپىگە ھەرقېتىم باستۇرۇپ كەلسە،قىرىق قەدەم ئارقىسىغا چېكىنىدۇ.قىزىلچى خېنىمنى بالدۇرراق كۆزدىن يوقىتمىسا ئۆزلىرىنىڭ بۇ قېتىمقى ئۇرۇش مەيدانىدا غەلىبە قىلالىشىغا كۆزى يەتمىگەن كاپىرلار قوشۇنى،ئۇنىڭغا قاپقان قۇرماقچى بولىدۇ.

قىزىلچى خېنىم جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىپ،كاپىرلارنى لاغ-لاغ تىترىتىشى مۇسۇلمانلارنى چەكسىز شاتلاندۇرغان بولسا،كاپىرلارنى قايغۇغا سالىدۇ.قىزىلچى خېنىم ئۆزىنىڭ دۈشمەننىڭ كۆزىگە چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ،ئۆزىنى بىرەر قېتىممۇ چەتكە ئالماي دۈشمەن سېپىگە ئۈزلۈكسىز ئېچكىرىلەپ كىرىۋېرىدۇ.كاپىرلار كۆرۈنۈشتە كەينىگە چېكىنگەن بولۇۋېلىپ،ئىككى مەرگەن قىزىلچى خېنىمنىڭ ئىككى قولىنى قارىغا ئېلىپ ئوق ئۈزىدۇ،شۇئان قىزىلچى خېنىمنىڭ قولىدىكى قىلىچ-نەيزە چۈشۈپ كېتىدۇ.ئۇ بىر ئامالسىز قىلىپ قىلىچىنى چىشلىۋېلىپ،كاپىرلار بىلەن يەنە بىر

قەپەس ئېلىشىپ،ئاستا-ئاستا سەپتىن چېكىنىپ،ئۆز سېپىدە قايتىپ كېلىۋاتقاندا،كاپىرلار باستۇرۇپ كېلىشكە باشلايدۇ.

قىزىلچى خېنىمنىڭ قولىغا سانجىلغان يا ئوقلىرى زەھەر بىلەن سۇغۇرىلغان بولغاچقا،ئۇنىڭ بەدىنىگە زەھەر ئۆتۈپ ھوشسىزلىنىشقا باشلايدۇ.قىزىلچى خېنىم توساتتىن ئاتتىن يىقىلىپ چۈشىدۇ.مۇسۇلمانلار سېپى يىراقتا بولغاچقا،ئۇنى دەماللىققا قۇتقۇزىۋالغىلى بولماي قالىدۇ.لېكىن كاپىرلار بولسا داۋاملىق يوپۇرۇلۇپ كېلىشكە باشلايدۇ.

قىزىلچى خېنىم كاپىرلارنىڭ قان تېمىپ تۇرغان قىلىچىغا ۋە ياۋۇز قىياپىتىگە غەزەپ بىلەن تىكىلىپ،ئورنىدىن تۇرۇشقا شۇنچە كۈچىگەن بولسىمۇ،جايىدىن مىدىر-سىدىر قىلالمايدۇ.دۈشمەنىنىڭ ۋەھشىي قولىغا چۈشۈپ كېتىش خەۋپى قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقىدا قالىدۇ.كاپىرلار قولىغا چۈشۈشنى نومۇس بىلگەن قىزىلچى خېنىم نېمە قىلارىنى بىلەلمەي،ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىپ دۇئا قىلىدۇ.شۇ پەيتتە توساتتىنلا يەر يېرىلىپ قىزىلچى خېنىمنى ئۆز قوينىغا ئېلىپ،يەنە يېپىلىپ قالىدۇ.كاپىرلار بۇ مۆجىزە-كارامەتنى كۆرۈپ،ھەيرانۇ-ھەس بولۇپ ھەم غەزەپلىنىپ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ كېتىپ قالىدۇ..

مانا مۇشۇنداق ئىسلام غازىتى داۋامىدىكى ئۇرۇش ۋە دەۋەتلەرگە،قاراخانىيلار خانلىقىدىكى ئوردىغا مەنسۇپ تۈركان خاتۇن،مەلىكىلەردىن ئاددى كېنىزەكلەر ۋە باشقا قىز-ئاياللارغىچە قاتناشقان بولۇپ،بۇغراخانلار ۋە شاھزادىلەر بىلەن بىرلىكتە ئۇرۇش مەيدانلىرىدا بىر-بىرلەپ شېھىت بولغان.خاتىرىلەردە ئۇدۇن بۇددىستلىرى بىلەن بولغان جىھاد ئۇرۇشى مىلادى-970يىلىدىن تاكى1006-يىلى بۇددىست ئۇدۇن دۆلىتى تارمار بولغىچە بولغان ئۇزۇن ۋاقىتقا سوزۇلغان.ھەتتا قاراخانىيلار پايتەختى قەشقەر بىرنەچچە قېتىم كاپىرلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىۋېلىنىپ،مۇسۇلمانلار قوشۇنلىرى زور تالاپەتكە ئۇچرىغان.ئەبۇ ھەسەن ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن خاقان بولغان يۈسۈپ قادىرخان(ھارۇن

قادىرخان ياكى يۈسۈپ بىننى ئەل ھەسەن دېيىلىدۇ،تولاراق يۈسۈپ قادىرخان ئىسمى بىلەن مەشھۇر)ئۆزى بىۋاستە قوشۇن باشلاپ ئۇدۇنغا بارغاندىن كېيىن مىلادى 1006يىلى قىش پەسلىدە ئۇدۇن بۇددىستلىرى ئۆزۈل-كېسىل تارمار بولغان.ھەدىيە تۈركەن خېنىم كەبى تالاي جاسارەتلىك،باتۇر مۆئمىنە قىزلار شۇ ئۆزۈنغا سوزۇلغان ئۇرۇشلاردا كەينى-كەيندىن ئىسلام يولىدا شېھىت بولۇپ كەتكەن.تۈركان خاتۇن ياكى مەلىكە بولغانلىقلىرى ئۇلارنى ئاللاھ يولىدىكى جىھاتلاردىن توسۇپ قالالمىغان.ئەپسۇسكى ئۇلار ھەققىدە خاتىرىلەردە كۆپ مەلۇماتلار قالدۇرۇلمىغان،لېكىن ئۇلارنىڭ ئاتۇش،قەشقەر،يېڭىسار قاتارلىق جىھات مەيدانلىرىدىكى ئۆزلىرى شېھىت بولغان جايغا دەپنە قىلىنغاندىن كېيىنكى قەبرىلىرى تاكى ھېلىغىچە ئۇلارنىڭ جىھات مەيداندىكى باتۇرانە كۆرۈنۈشلىرى ۋە پائالىيەتلىرى بىلەن تولغان ھېكايە-رىۋايەتلىرى بىلەن بىرگە ئەل تەرىپىدىن ئۇلۇغ تاۋاپگاھ سۈپىتىدە ئۇنتۇلماي زىيارەت قىلىنىپ كەلگەن.

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان دەۋرىگە ئائىت ئوردا ئاياللار قەبرىسىدىن پەقەت ئاتۇش مەشھەد ئىچىدىكى بۇد تەركەن خېنىم(سۇلتۇن سۇتۇق بۇغراخان قىزى)ۋە سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئىنىك ئانىسى بۇۋى ئانام دەپ ئاتالغان ئوردىدىكى ئۆلما ئاياللىنىڭ قەبرىسىنىڭلا بولۇشىمۇ بەلكى جىھات مەيدانلىرىدا شېھىت بولۇپ كەتكەن ئاشۇ باتۇر شەھىدەلەرنىڭ ئۆزلىرى جىھات قىلىپ شېھىت بولغان جايلارغا دەپنە قىلىنغانلىقى سەۋەبىدىن،ئەجەبلىنەرلىك ئەھۋال بولمىسا كېرەك.(ئاللاھ بىلگۈچىدۇر ۋە ئەڭ ئالىمدۇر) خەتەرلىك جەڭ مەيدانلىرىدا ئەرلىرى ۋە قېرىنداشلىرىغا-بەلكى ئىسلامغا ياردەم بېرىپ ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن مۇشەققەت تارتقان،ھەتتا جىھاتلارغا كىرگەن مۆئمىنلەر ئانىلىرى ۋە ساھابە ئاياللارنى ئۆلگە قىلغان خاقانىيە قىز-ئاياللىرىنىڭ ئۇلار ئىزىدىن مېڭىشى ھېچ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس!چۈنكى ئاشۇ ئۇرۇشلاردىن جەننەتنىڭ ھىدى كېلىپ تۇردۇ.شېھىت بولغۇچىغا بېرىلىدىغان ساۋابلار ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىنى

تەلپۈندۈردۇ.جىھاتنىڭ مۇشەققىتى ۋە بەدەللىرىدىن جەننەت يولى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.ئاشۇ بىزلەرگە ئىسلامنى يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن شېھىت بولغان،جاپا-مۇشەققەتلەر تارتقان قەيسەر خاقانىيە قىز-ئاياللىرىنىڭ ئەجىرلىرىنىڭ ساۋابىنى ئاللاھ ھەسسىلەپ بەرسۇن ۋە ئۇلاردىن رازى بولسۇن!

# قۇرۇماس بۇلاق



زۇلمەت قاراڭغۇلىقىدا قالغانلار ئۇ بۇلاقتىن ئۈمۈد شولىسىنى تاپىدۇ.ئۇنىڭدىن ئىچكۈچىلەرگە خۇش بېشارەت بار.قاچانكى ئۇ بۇلاق ئېقىپ چىققىنىدىن تارتىپ كېچە ئاخىرلاشتى.قاراڭغۇلۇقتا قالغانلار زۇلمەتنىڭ يوقالغىنىنى،نۇرنىڭ تۇغۇلغىنىنى كۆرۈشتى.

قېنى گاڭگىراپ قالغانلار ۋە ئېزىققانلار كەينىمدىن مېڭىڭلار،بەلكى ماڭا قۇلاق سېلىڭلار.سىلەرنىڭ ۋە كۇللى مەۋجۇداتنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان يېگانە ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئېقىپ كەلگەن ئۇ بۇلاق بويىغا مەن باشلاپ بارىمەن!،دەيتتى بىر نۇرلۇق

مەشئەلنى كۆتۈرگەن يولباشچى.

شۇنداق،ئۇ بۇلاق-ئىسلامدۇر! ئۇنىڭدا پەيغەمبەرلەرنىڭ گۈلتاجى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمگە تۇنجى ۋەھى نازىل بولۇشى بىلەن تەڭ ئۇنىڭغا تۇنجى بولۇپ ئىمان كەلتۈرگەن سادىق،ئىشەنچلىك مۆئمىنلەر ئانىسى خەدىچە رەزىيەللالاھۇ ئەنھانىڭ رەسۇلۇللاھ قۇرئاننىڭ تۇنجى ئايەتلىرىنى ئوقۇپ«ماڭا كىم ئىشىنىدۇ؟» دېگىنىدە«باشقىلار ساڭا ئىشەنمىسىمۇ مەن ئىشىنىمەن...قورقما،ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى،ئۇ سېنى رەسۋا قىلمايدۇ،چۈنكى سەن ئۇرۇق-تۇغقانلارنى يوقلايسەن،مېھماننى كۈتىسەن،كەمبەغەللەرنى تويغۇزۇپ،موھتاجلارغا ياردەم قىلىپ،زۇلۇمغا ئۇچرىغانلارغا يارىيۆلەك بولىسەن»دەپ مەدەتكار بولغان سۆيۈملۈك پىچىرلىشى بار.ئاشۇ بۇلاقتىن ئىچىپ ھەتتا بەدىنىگە بىر تال يىڭنە كىرىپ كېتىشىدىن قورقىدىغان سۇمەييە رەزىيەللاھۇ ئەنھا(ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)بەدىنىگە قىزىتىلغان تۆمۈر بېسىلغاندا ئۇنىڭدىن كەلگەن مەنىۋى لەززەتنىڭ كۈچى بىلەن بەرداشلىق بېرىپ،ئىسلامدا تۇنجى ئايال شېھىتلىك مەرتىبىسىگە ئېرىشكەن ئىدى.ئۇنىڭدا ئىسلام ئەزىزلىكى بىلەن ھۆرمەتلەنگەن ۋە يۇقىرى مەرتىبىلەنگەن ئاياللار ئائىلىنىڭ گۈلى،پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋە خەلىپىلەرنىڭ ھۆرمەتلىك ياردەمچىلىرى،مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇستاز-ئالىمە،قارىيەلىرى بولۇپ چىققان ئىدى.ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ يەنە قايسى يېرىدىن ۋە ۋاقتىدىن شۇلار كەبى شەرەپلىك شېرىن تامچىلارنى چېلىقتۇرالايمىز؟

ئاللاھنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ،ئاتا-ئانا ۋە ئەرلىرىنىڭ ھەمدە ئۆز ۋەتەن-خەلقىنىڭ ئۈستىلىرىدىكى ھەقلىرىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن راھەت-پاراغەتكە ئېرىشىش ئەمەس،بەلكى جانلىرىنى قوغداپ قېلىشنىمۇ ئويلاپ قويماستىن ئىككىلەنمەي ئۆلۈمنى تاللىغان،پاك،قەيسەر،ئىپپەت-دىيانەتلىك قىز-ئاياللارنىڭ سان-ساناقسىز گۈزەل سىماسى ئاشۇ بۇلاقتىن ئۇزۇلمەي جىلۋىلىنىپ تۇرماقتا.مانا ئىپارخان،مايىمخان،مايسىخان-غۇنچە

قىز باشلىق يەتتە قىز،نوزۇگۇم،ھىمىدىخان،ئايشەمخانلار كەبى قىز-ئاياللار شۇلارنىڭ ئەڭ ياخشى ئۈلگىسى.ئۇلار ئىلگىرىكى تەقۋادار،سالىھ،پەزىلەتلىك ھەمشىرىلىرىنىڭ كەينىدىن ئاشۇ بۇلاقنى قوغداپ قانداق زەپەردەست قەدەملەر بىلەن ئىز بېسىپ كەلگەن-ھە؟!

ئۇلار بىلەن ئىپتىخارلىنىمىز!

ئۇلار بىزگە ئۇستىمىزدىكى ھەقلەرنى قانداق ئادا قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى غۇبارسىز ھاياتى ۋە قېپقىزىل قانلىرى بىلەن سىزىپ بەردى.كۆمۈلگەن قەلبىمىزنى ئويغاتتى.ئۇلار كەبى ياشاپ ئۆتكەن بىراۋنىڭ كېيىنكى ئېچىنىشلىق تەقدىرى ئۈچۈن ھەسرەتلىنىش كېرەك ئەمەس.چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەركىتى ئۆلگەن روھلىرىمىزنى تىرىلدۈردى،پاك ۋىجداننىڭ نېمىلىكىنى بىزگە ئەسلىتىدۇ ۋە دەپسەندە بولغان غۇرورىمىزنى ھايات-ماماتى بىلەن تىكلەپ،بىزگە قايتۇرۇپ بېرىدۇ.شۇقاتارلىق جاسارەتلىك ھەمشىرىلىرىمىزدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن خەنزۇ شائىرى يەنچىڭ ئىپارخان ھەققىدە يازغان شېئىرى بۇنىڭ مىسالى ئەمەسمۇ؟

باھار نۇرلىرىدا جانلانغا دالا،
جىگدىلەر چۈمۈلدى چاچقان پۇراققا.
گۈپۈلدەپ ئۇرۇلغان جىگدىنىڭ ھىدى،
ھالقىپ تەڭرىتاغدىن كېتەر يىراققا.
ئۆتمۈشتە بۇ ئانچە قەدىم چاغ ئەمەس،
قەشقەردىن چىققانتى بىر ئۇيغۇر قىزى.
ئىسمىدۇر ئىپارخان گۈزەللىكتە ئۇ،
پۇراقلىق ئېچىلغان چىچەكنىڭ ئۆزى.
بوزەك قىپ بولامدۇ باتۇر مىللەتنى
ئىپارخان شۇلارنىڭ ياخشى ئۈلگىسى.

ئەگەر ئىپارخان هاياتىي دۇنيانىڭ كىچىككىنە نازۇ-نېمەتلىرىنى ئېتىقاد-ئەركىدىن مۇھىم بىلسە ئىدى،ئۆز زېمىنىنى ئاياغ-ئاستى قىلغان ئىشىنكىرۇ(چىيەنلۇڭ)لەشكەرلىرى بىلەن بولغان جەڭلەرگە قاتناشقان،ئەسىرگە چۈشۈپ قالغىنىدا ئىشىنكىرۇغا خوتۇن بولۇشنى هاقارەت ۋە دىنىمىز چەكلىگەن هارام دەپ بىلىپ هاياتىدىن ۋاز كېچىشنى تاللىغان بولارمىدى؟

ئەركسۆيەر نوزۇگۇم بىزنىڭ ئېگىلمەس غورورىمىزنى ئىپادە قىلغان ئىدى!زۇلۇم ئالدىدا ئاسانلا بوي ئەگكەن نازۇك قىز-ئاياللاردەك قانلىق شىكايەت قىلماستىن،ئاداققىچە ۋاز كەچمەي كۈرەش قىلغان،هاياتىنى ئاخىرقى نەپەسلىرىگىچە ساقلاشقا تىرىشىپ،پۇرسەتلا بولىدىكەن قولىغا قورال ئېلىپ ئازادلىق،ئەركىنلىك ئۈچۈن دۈشمەنلىرى بىلەن ئېلىشقان ئىسيانكار نوزۇگۇمدىن شۇقەدەر تەسىرلەنگەن شائىر موللا بىلال نوزۇگۇم قىسسىنىڭ ئاخىرىدا:

ئېنىڭدەك بولسا خوتۇنلار سالىھى پاك
بۇ مانجۇلار زۇلۇمى ئاشا نىدۇر باك
بۇنىڭدەك بولدا خاتۇنلەر پەئالى
تاپار جەننەتلەردىن كامالى
نوزۇگۇم روھىغا هەق رەھمەت ئەتسۇن
شېھىت ئالى مەقامى ئۆزرە يەتسۇن

...

دەپ يېزىپ ئۇنىڭ قەھرىمانلىقىغا ئاپىرىن ئوقىغان ۋە شېھىتلىكتەك ئالى مۇقامغا يېتىشنى تىلىگەن ئىدى.

سادىر پالۋاننىڭ تۇنجى ئايالى هېمىدىخانچۇ؟ دەۋرانقۇل،ئاللاقۇل،تۆرەمقۇل ئىسىملىك ئۈچ ئوغۇلغا ئانا بولۇپ،سادىرنىڭ پۈتىغا پۇت،قولىغا قول بولغان ۋە كېيىن سادىر ئۈچۈن

جان بەرگەن(مانجۇلار سادىردىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن ئۆلتۈرۈۋەتكەن)ھېمىدە خانىم يولدىشى ۋە ئەركىنلىكى بوغۇلغان خەلقنىڭ ئازادلىق ئۈچۈن قىلغان قوزغىلاڭلىرىغا ياردەم قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن شېھىت بولغان.سادىر پالۋاننىڭ ئۇنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىپ،قوشاقلىرىغا قاتقان مىسرالىرى ئۇنى شۇنداق سېغىنىش ۋە ئېھتىرام بىلەن بىزگە ئەسلىتىدۇ:

ئاتىسىدىن يېتىم قالغان،

ئانىسىدىن يېتىم قالغان،

يېتىم قالغاندا مەن ئالغان،

ھېمىدە ئاتلىق ئامان بارمۇ؟

ئاق بوز ئاتقا يەم بەرگەن،

تورۇق ئاتقا چۆپ بەرگەن

سادىر ئۈچۈن جان بەرگەن،

ھەمىدە ئاتلىق ئامان بارمۇ؟

رىزۋانگۈلدەك ئازادلىق يولىدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ شېھىت بولغان ئايشەمخاننى ھېچ ئۇنۇتمايمىز!

ئايشەمخان 1945-يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جەنۇبىي يۆلىنىش ئارمىيىسى ئاقسۇغا يۈرۈش قىلىش جەريانىدا باي ناھىيەسىدىن ئۆتكەندە،باي ناھىيەسىدىن زۇلۇمغا قارشى ئۆزلۈكىدىن ئارمىيەگە قاتناشقان.ئارمىيە ئاقسۇدىن چېكىنگەندە، ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان.گومىنداڭچىلار ئايشەمخاننى خائىن بولۇشقا ئۈندىگەن،ئەمما ئايشەمخان قەتئىي رەت قىلغان.شۇنىڭ بىلەن ئايشەمخان ئۇيغۇر ئاسىيلار تەرىپىدىن پاجىئەلىك ھالدا چېپىپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن ئىدى ...

ئەنە شۇلار ئىسلام باغچىلىرىدىن كۆكلەپ چىقىپ،ئىمان بۇلىقىدىن سۇ ئىچىپ بەرىق ئۆرۈپ ئېچىلغان خۇش پۇراق گۈللەردۇر.ئۇلار ئىمان-ئېتىقاد يولىدا تاۋلىنىپ،ئىسلام بىلەن ئەزىزلەنگەن پاك-پاكىزە ئەل-ۋەتىنىنى پاسىق باسقۇنچىلارنىڭ ئىپلاس ئاياغلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئۆزۈپ تاشلانغان ئىدى.لېكىن ئۇلارنىڭ يىلتىزى ئەسلا قۇرۇپ باققان ئەمەس ھەم ئەبەدىي قۇرۇمايدۇ،چۈنكى ئۇ يىلتىزلار بىر قۇرۇماس بۇلاق ئارقىلىق كېيىنكىلەرگە چىڭ تۇتاشقان.ئۇلار شانلىق تارىخنىڭ ئالتۇن بەتلىرىدىنلا ئەمەس،بىزنىڭ قەلبلىرىمىزدىن،روھىمىزدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان نۇرانە يۇلتۇزلار ۋە ئېپار ھىدلىق چېچەكلەردۇر.ئۇلار ئىماننىڭ لەززىتى بىلەن ئىسلام بەرگەن ئاياللىق قەدىر-قىممەتلىرى ۋە ھەقلىرىنى تونىغان ئىدى،شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ھاياتىي دۇنيانىڭ دەقىقە ئىچىدە يېنىپ ئۆچىدىغان كۆپۈكتەك تۇراقسىز جىلۋىلىرىگە مەپتۇن بولماستىن،پاك-ھالال ياشىغانىدى.

«ئۇ كۈنى(ھېچ كىشىگە)مال ۋە ئوغۇللار پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ.پەقەت(ئاللاھنىڭ دەرگاھى)غا پاك قەلب بىلەن كەلگەن ئادەمگىلا پايدا يەتكۈزۈلىدۇ»(سۈرە شۇئەرا-88~89-ئايەت.دەپ خىتاپ قىلغان ئاللاھنىڭ سۆزىدىن كېيىن ئاشۇ ھەمشىرىلىرىمىزگە ئاللاھنىڭ چەكسىز رەھمەت-مەغفىرەتلەر بېرىشىنى بىزلەرنى ھەم ئۇلاردەك ئىمان-ئېتىقاد بىلەن ياشاپ ئۆتكىلى نېسىپ قىلىشىنى تىلەپ،تۈركىيەنىڭ مەشھۇر ئىسلام ئالىمى ئوسمان نۇرۇ توپباش غوجا ئەپەندىنىڭ «قۇرئان ۋە سۈننەت ئىقلىمىدا ئىسلام،ئىمان،ئىبادەت»ناملىق كىتابىدىكى مۇنۇ گۈزەل ئىبارىلەر بىلەن بۇ ئەسىرىمنى ئاخىرلاشتۇرماقچىمەن:

قەلبىگە ئىماننىڭ ۋەجدىنى،كۆكسىگە قۇرئاننىڭ روھىنى،ۋىجدانىغا گۈزەل ئەخلاقنىڭ پاكلىقىنى قويۇپ،ئەبەدىي سائادەتنىڭ پۈتمەس-تۈگىمەس مەنىۋى خۇشاللىقى ئىچىدە ياشايدىغان مۆمىنلەرگە خوشخەۋەرلەر بار!......

# پايدىلانغان مەنبەلەر:

ئاتۇش ھەققىدە رىۋايەت ۋە چۆچەكلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىيتى

ئاتۇش، ئابدۇرېھىم ھاشىم مەشھەدى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

ئۇيغۇر خەلق رىۋايەتلىرى، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

ئۇيغۇر مازارلىرى، راھىلە داۋۇت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

شەرىق يۇلتۇزلىرىنى ئىزدەپ، نەزىرە مۇھەممەد سالىھ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

تۈركىي تىللار دىۋانى، مەھمۇد قەشقەرى

قەدىمقى تۈركىي تىللىق خەلقلەردە ئاياللار ۋە ۋە ئائىلە ھوقوقى، نەجدەت سەۋىنچ(تۈركىيە)

يەكەن خانلىقى

تارىخى مۇسقىيۇن

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى

شىنجاڭدا ئۆتكەن ئىسلام خانلىقلىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تىزىملىرى

شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن شەخسلەر، شىرىپ نىياز خۇشتار، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مەشھۇر ئۇيغۇر تېۋىپلىرى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

ئويغانغان زىمىن، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر،شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئاتۇش مائارىپچىلىرى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

تاشكەنتچىلەر1-قىسىم، 2-قىسىم،3 -قىسىم كىتابلار، ئابدۇراخمان ئابدۇللا، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مىڭ دەرد داۋاسى، راھىلە بوتا ھاجىيىۋا، شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

شىنجاڭ تارىخى ماتېرىياللىرى،13 -قىسىم،15 -قىسىم،20 -قىسىم كىتابلار، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

*رەھمەت پەيغەمبىرىدىن رەھمەت شامالىرى ۋە قۇرئان مۆجىزىلىرى؛ ئوسمان نۇرى توپپاش، باشاق نەشرىياتى (تۈركىيە)*

*قۇرئان ۋە سۈننەت ئىقلىمىدا ئىسلام، ئىمان،ئىبادەت؛ ئوسمان نۇرى توپباش، باشقا نەشرىياتى(تۈركىيە)*

*چالا تەگكەن ئوق، ئابدۇللا تالىپ، شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى*

*تاتار مائارىپچىلىرى ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا؛ ماقالە، خەپىز ساتتار سالىھ*

*ئىلى يېقىنقى زامان تاتار پەننى مائارىپى؛ ماقالە، خەپىز ساتتار سالىھ*

*تاتار قىزىنىڭ باسقان ئىزلىرى ئابدۇكېرىم ھاشىم ( ئوچېرىك)*

*غۇلجا شەھەر تەزكىرىسى*

*قاراقاشتا 1949 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋام قىلغان ئەنئەنىۋى مائارىپ؛ مەمتىمىن نۇرى، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى»ژورنىلى 2004ـيىل 2ـ سان*

*«دادام مەمتېلى تەۋپىقنى ئەسلەيمەن»؛ ئەدىبە مەمتىلى*

*ئىپارخاننىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى؛ ۋەلى كەرىم كۆكئالپ*

*قەشقەرنىڭ 30ـيىللاردىكى ئاياللار مائارىپى؛ (مۇھەممەت تۇرسۇن ئىبراھىمى)، « شىنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەر مۇنبىرى» 2007ـ5ـسان*

*قاتارلىقلار ۋە ئىنتىرنېت توربەتتىن پايدىلىنىلدى.*